«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物

«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار

荣获《新疆期刊奖》的刊物


中国期刊方阵 双效期刊 中华人民共和国新闻出版总署


مەشرەپ رەسسام: ئابدۇشۈكۈر كېرىم كۆك

XINJIANG CIVILIZATION•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•



5

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى


# 新疆文化


2006

ISSN 1008-6498

09>

9 771008 649003



ئەمز كۆرەش ياقۆپ فوتوسى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(55 ـ يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2006 ـ يىل 5 ـ سان
(ئومۇمىي 281 ـ سان)

باش مۇھەررىر:
**زۇنۇن باقى** (قوشۇمچە)
(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نا-
زارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇ-
ئاۋىن مۇدىرى)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش
مۇھەررىر:
**قۇربان مامۇت**
(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**رىسالەت مۇھەممەت**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


**● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●**

## بۇ ساندا


**خانىم قىزلار نىداسى**

ئەركەكلەر قېنى؟ ........ زۆھرەگۈل ئابدۇۋاھىد 2

**ھېسابلىق ئالەم**

پەلەكنىڭ چاقى ........ ئەنۋەر مەتسەئىدى 5

**زامان نەقەززا پىكىرلەر**

بىزدە كەم بولۇۋاتقىنى يەنىلا تەبىئىي پەن روھى ........ ئەھمەتجان خۇما 10
تەبىئىي پەن روھى ۋە بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىز ........ داۋۇت ئوبۇلقاسىم 17
بىز قانداقلارچە «ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى» دەپ ئاتىلىپ قالدۇق ........ يالقۇن روزى 26

**تىل ـ دىلنىڭ ئاچقۇچى**

تىل ۋە ئادەمنىڭ تەرەققىياتى ........ مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق 30

**روھ چۇقانلىرى**

پەيلاسوپنىڭ كەلگۈسى ئارخىپى ........ مەتناسىر ياسىن 34

**تەپەككۇر كۆزى**

تەپەككۇر مېۋىلىرى ........ لۇتپۇللا ئەركىن قاتارلىقلار 36

**ئەدەبىيات گۈلزارى**

يولۋاس ئۆلتۈرگەن ئەزىمەت ۋە كىر يۇيۇۋاتقان ئەر (ھېكايە) ........ تۇرسۇن مەھمۇت 52
بۇ كىمنىڭ سارىڭى ........ ( « » ) ........ ھىدايەت نۇرى 59
پاتىمەنىڭ كۆڭلىكى ........ ( « » ) ...ياسىنجان سادىق چوغلان 65

**«تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار**

پارچىلار ........ توختىھاجى يۇنۇس، ئوبۇلقاسىم ھۈسەيىن تەرجىمىسى 71
مۇتەخەسسىس قىزىق لىنىيىسى ........ ئەكبەر ئىلياس تەرجىمىسى 72
شەھەرلىكلەرنىڭ تەتۈرلىكى ........ يۇسۇپجان مۇھەممەت تۇغيان تەرجىمىسى 72
ئاتىنىڭ تراگېدىيىسى ........ سۇلتان نىياز تەرجىمىسى 72

**تىلسىزلار نېمە دەيدۇ**

تىلسىزلارنىڭ سۆزلەشمىلىرى ........ (ئەبجەش يازمىلار) ..... تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس 73

**نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن**

ئامېرىكىلىقلار نېمىشقا چوڭلارنى بىزدىنمۇ بەك ھۆرمەتلەيدۇ؟...پاتىگۈل ئابدۇكېرىم(ت) 76

**سادا**

بالىلار ئويۇنلىرى نەگە كەتتى؟ ........ نەبىجان جۇمە 78

**مۇۋەپپەقىيەتنىڭ سىرى**

دانالار كۆزى ........ ئانارگۈل نەمەت تەرجىمىسى 80



مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

**بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت**



# ئەركەكلەر قېنى؟!

**زۆھرەگۈل ئابدۇۋاھىد**

- شەھەرگە كىرىدىغان ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ شەھەرگە ماڭغان- دىم. يولنىڭ تازا ئۆزۈكچىلىك يېرىگە كەلگەندە يېنىمدا ئولتۇرغان ئەر ئورنىدىن تۇرۇپ، يېنىدىن پىچاق چىقىرىپ ئاپتوبۇستىكىلەرگە ھەيۋە قىلىپ: «ھەممىڭ يانچۇقۇڭدىكى پۇلۇڭنى، قولاق - بويۇنلىرىڭدىكى ھالقا، ئۈزۈك، بىلەزۈكلەرنى چىقىرىش! ئەگەر ياۋاش بولمايدىـغان ياكى ساقچىغا تېلېفون قىلىشىدىغان بولساڭ، جاجاڭ مۇشۇ»، دەپ پىچىقنى ئوينىتاتتى. ئارقا رەتتە ئولتۇرغان يەنە بىر ئەر ئورنىدىن تۇ- رۇپ پۇل، ئالتۇن جابدۇقلارنى يىغىشقا باشلىدى. مېنىڭمۇ ئالتۇن زەنجىر - ھالقىلىرىمنى ئېلىۋالدى. ھۇ، ھۇ، ھۇ، - ئايال ئۇن سالغ- نىچە يىغلاۋاتاتتى.

- ئاپتوبۇستا ئەرلەر يوقمىدى؟

- بار. شوپۇر بىلەن قوشۇلۇپ 12 ئەر كىشى بار ئىدى. شوپۇر ماشىنىنى توختاتقىلى ئۇنىماي ھەيدەۋەرگەندى، قولىغا پىچاق تىقى- ۋەتتى. باشقا ئەرلەر يانچۇقلىرىدىكىنى چىقىرىپ بېرىپ ئولتۇردى. ئىككى قىز قولىدىكى ئۈزۈكلىرىنى بەرمەيمىز، دەپ قارشىلىق قىلغان، ئۇلارغىمۇ پىچاق تىقىۋەتتى. بىر ئاپتوبۇس كىشىنى گاڭسا - جىسا قىلىپ قويۇپ، ئىككى بۇلاڭچى ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار

## خانىم - قىزلار نىداسى

چۈشۈشى بىلەن ئارقىدىن بىر پىكاپ كەلدى. ئىككى بۇلاڭچى شۇنىڭغا ئولتۇرۇپ يوقالدى. ھۇ، ھۇ، ھۇ، - ئايال بۇلانغان ئالتۇن زەنجىر - ھالقىسى ئۈچۈن يىغلاۋاتاتتى. مەنمۇ ئىسيانكار تۇيغۇلىرىمنى غەزەپ- تىن ئۆرتىنىپ كېتىۋاتقان ۋۇجۇدۇمغا جەم قىلىپ، ئۆزۈمنى ھۆركىرەپ يىغلىۋېتىشتىن ئارانلا تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتىم. كۆز ئالدىمدا ئاشۇنداق بۇلاڭچىلىق يۈز بېرىۋاتسا، ئىككى بۇلاڭچىغا يانچۇقلىرىنى ئۆرۈپ بېرىپ قاراپ تۇرغان ئاشۇ ئەرلەرگە ئانىسى ئوغۇل بالىنىڭ شۇمىكىنى سىلىپ باققان بولغىيتتى. ئىست، ئاشۇلارغا تەگرى ئاتا قىلغان پالاق- تەك پۇتلار، گۆرجەكتەك ئالقانلار، ئادەمگە سۈر - ھەيۋە كۆرسىتىپ تۇرىدىغان يۇگىلۈق كۆكرەكلەر.

- 15 يىل ئۆي تۇتۇپ ئاران دېگەندە يېتىشكەن ئالتۇن جاب- دۇقلىرىم ئىدى. ھۇ، ھۇ، ھۇ...

ئايالنىڭ يىغىسى تېخى توختىمىغانىدى. مەنمۇ ئـۆزۈمـنى ئـاران تۇتۇپ تۇرۇۋاتقىنىم بىلەن، كۆز ياشلىرىم يۈرىكىمگە ئېقىۋاتاتتى.

- بولدى، يىغلىمىڭە، ناھايىتى بىر زەنجىر بىلەن ھالقىكەنغۇ؟ بىزنى قوغدايدىغان ئەركەكلەر يوقىلىپ كېتىۋاتقان يەردە ئۇ نەرسىلەر نېمىتى؟ - سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي قالدىم. ئىچ - ئىچىمدىن قايناپ كەلگەن يىغا بىلەن بوغۇزۇمغا بىر نەرسە قاپلاشقاندەك بولۇپ توختاپ قالدىم.

- ھازىرقى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى لاتا - زەيپانە گۈيلار.

چوڭ ياشلىق بىر ئايال ئاغزىنى قويۇپ بېرىپ سۆزلەۋاتاتتى. تېخى بايىلا نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇننىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»

ژۇرنىلىنىڭ 2006 - يىل 3 - سانىغا بېسىلغان «ئەركەكلىكنىڭ چىللىشى» ماۋزۇلۇق بەدىئىي مۇلاھىزىسىنى ئوقۇغان ئەمەسمىدىم. مۇشۇنداق بولۇۋەرسە، ۋەتەن - خەلقنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە كۆكرەك كېرىپ چىقىدىغان ئەرلەر راستىنلا بايىقى ئايال دېگەندەك ھالغا قالامدۇ، ئاخىر.

تارىختا ئەرلەر ئات سېلىپ جەڭلەرگە كىرىپ شەھەر ئالغان، تاغ تېشىپ سۇ باشلىغان، يولۋاس - ئېيىقلارنى مۇشت - پەشۋالىرى بىلەن يەڭگەن، بوغۇپ ئۆلتۈرگەن. ھالا بۈگۈنكى كۈندە ئىككى بۆلەكچىدىن قورقۇپ، يانچۇقلىرىنى ئۆرۈپ بېرىپ ئولتۇرغان ئاشۇ ئەرلەر بۇ ئالەمدىلا ئەمەس، ئۇ ئالەمدىمۇ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ لەنىتىگە قالماسمۇ؟ كۆز ئالدىدىلا ئىككى قىزغا بۆلەكچى پىچاق تىقىۋەتسە، قاراپ تۇرغان ئاشۇ ئەرلەر ئەگەر شۇ قىزلار باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ قاراپ تۇرىدىكەن - دە؟! ئەرلەر لاتاغىلاپلىشىپ ئاشۇنداق جانسىز، روھسىز، غەيرەتسىز، جۈرئەتسىز بوپكېتىۋاتقاچ ئاياللار ئۆزىنى ئىگە - چاقىسىز، غېرىب - يېتىم سېزىدىغان، كىمنى ئۈلگە قىلىپ ياشاشنى بىلەلمەيدىغان بوپكەتتى.

ئەرلەر ئەسلىي مىللەتنىڭ ئاتىسى، بېشى ئىدى. ئۇلار مىللەتنىڭ باشقا ئەزالىرىغا ئۈلگە بولۇشى، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىشى، قوغدىشى كېرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئاشۇ باش بولۇۋاتقان ئەرلەر ئۆزلىرى قاۋاقخانا، قىمارخانا، پاھىشىخانىلارغا قاتراپ يۈردى. بار كەمچىلىك، يېتەرسىزلىك ئۆز ۋۇجۇدىدىن يەتكىچە تېپىلىدىغان بولغاچقا، ئاياللارنىڭ، بالىلارنىڭ ئالدىدا تىلى قىسقا بولۇپ، ئۇلارنى ئەيمەندۈرىدىغان سۈر - ھەيۋىسىنى يوقىتىپ قويدى. شۇڭا ئەرلەرنى پوش دېمەيدىغان ئاياللار كۈنسېرى كۆپىيىپ باردى. ئەگەر بىر ئەر كىشى ئاۋۋال ئۆزىگە، ئاندىن ئەتراپىدىكى ئاياللارغا يەنى ئايالى، قىزى، سىڭلىسى، ھەدىسىگە مەسئۇل بولغان بولسا، ئاياللار چوڭ يوتىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يوپكىلارنى، قولتۇقىنىڭ مويلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يەڭسىز كۆڭلەكلەرنى كىيىپ كوچىغا چىقالارمىدى؟ يانچۇقى ئازراق پۇل كۆرگەن ئەرلەر پۇلنى بۇزۇپ - چېچىپ خەجلەپ يۈرمەي، يۈر دەپ قولىدىن تارتىپ توغرا يولغا يېتەكلىگەن بولسا، قىزلىرىمىز تانسخانا - قاۋاقخانىلاردا «ئۈچتە ھەمراھ خېنىم» بولۇپ يۈرەلەرمىدى؟

بارغانچە سىلىقلىشىپ، ياۋاشلىشىپ كېتىۋاتقان ئەرلەر، ناھەقچىلىكنى بىلىپ تۇرۇپ پىكىر قىلالمايدىغان، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقالمايدىغان ئەرلەر، رەسۋاچىلىقنى كۆرۈپ تۇرۇپ غوتۇلداپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەرلەر، كېچە - قاراڭغۇدا ئۇقۇشماي دەسسەپ سالسا، بىلىپ تۇرۇپ بىر پۇتنى دەسسەپ ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىۋېتەلمەيدىغان، ئىشقا كېلىپ بىر نېمە دېيەلمەيدىغان مۇجمەل ئەرلەر...

نازۇك باشىغا كۈن چۈشتى،
ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟

نازۇكۇم زۇلۇم - خورلۇققا قارشى چىقىپ، ئىپپەت - نومۇسىنى قوغداش، نەسەپ شەجەرىسىنىڭ ئۇلۇغۋار - مۇقەددەسلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن سەرسان - سەرگەردان بولۇپ، ئاچلىق، مۇساپىرچىلىقتا قالغاندا ئەسقاتمىغان، ياردەم قولىنى سۇنمىغان، ھېچبولمىسا نازۇكۇمنى سامانلىققا بولسىمۇ مۆكتۈرۈپ قويمىغان ئەرلەر؛ ئاجىز - قورقۇنچاق، پەسكەش روھىنى ئوراپ تۇرغان بەدىنىنى ئاياپ نازۇكۇم دارغا ئېسىلىۋاتسا قاراپ تۇرغان ئەرلەر...

بىر كۈنلۈك خىزمىتىنى بار - يوقنىڭ ئورنىدا ئىشلەپ قويۇپ قالغان ۋاقتىنى رېستوران - قاۋاقخانىلاردا ھاراق، تۈگىمەس غەيۋەت - شىكايەت بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ئەرلەر، ئۆزى بېجىرىم، ئەقلى - ھوشى جايىدا تۇرۇپ خوتۇن - بالىلىرىنى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ئۈچۈن باشقىلار ئالدىدا خار قىلىدىغان ئەرلەر، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارغا نىيىتىنى بۇزماي تۇرۇپ ياردەم بەرمەيدىغان ئەرلەر، ئۆزى زەھەر چەككەننى ئاز دەپ كېسىلى، مەينىتى ئۆزى بىلەن تۈگىمىگەن، بىر پەرزەنتىنىمۇ ساغلام - بېجىرىم ئاپىرىدە قىلالمىغان ئەرلەر، ئابات بولغان رايونلارغا ئىئانە توپلاشنىڭ گېپى بولسا غۇدۇڭشىيدىغان، رېستورانلاردىن چىقالماي بۇزۇپ - چېچىپ، ياز بولسا تاغقا چىقىرىۋەتمىسە پىتلاپ كەتكىدەك سەمرىپ كېتىۋاتقان، بىر پاك گازىنى بىناغا كۆتۈرۈپ ئاچىقالمايدىغان ئەرلەر، ئۆمرىنى خوتۇن يەڭگۈشلەش، ئاشنا تۇتۇش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان، قىز - ئاياللارنى ئۆزى سۆرەپ كوچىغا ئاچىقىپ قويۇپ، ئارقىسىدىن غەيۋەت قىلىپ يۈرۈۋاتقان ئەرلەر، يەنە ئاشۇ بۆلەكچىلەردەك ھارام كۈچى نىخسىپ كېتىۋاتسىمۇ ئىشلەپ جېنىنى جان ئەتمەي ئاجىزلارنى بوزەك قىلىپ، ئۆز قوۋمىنى بۇلاپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان نومۇسسىز لۈكچەك ئەرلەر... ھەممىسى ئەرلەر، ئەركەكلەر ئەمەس! ئەركەكلەر قېنى؟!

كورىيىنىڭ «يەنە بىر كۆرسەم» ناملىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىدە مۇنداق بىر كۆرۈنۈش بار: ئاپتوبۇستا چوڭ يۇنجۇنىڭ پورتمانىنى ئوغرى ئېلىۋالىدۇ. بۇ چاغدا پاك كېجۇڭ ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي ئوغرى بىلەن ئېلىشىپ پورتمانىنى قايتۇرۇۋالىدۇ. پاك كېجۇڭ شۇ چاغدا چوڭ يۇنجۇ ئۈچۈنلا شۇنداق قىلدىمۇ؟ بۇنىڭغا چوڭ يۇنجۇنىڭ ئاچىسى چوڭ كۇڭجۇ: «30 مىڭ ۋون ئۈچۈن شۇنداق قىلىش كېتەمدۇ؟ چىرايىڭنى بۇزۇۋەتسە قانداق قىلاتتىڭ؟» دېگەندە، «ئەگەر ھەممە ئادەم سەندەك ئويلايدىغان بولسا، پۈتكۈل كورىيىنى ئوغرى - لۈكچەكلەر قاپلاپ كەتمەمدۇ؟» دېگەن گېپى جاۋاب بولالايدۇ. قېنى، ئەتراپىمىزدىكى قايسى ئەر ئاپتوبۇستا بىرسىنىڭ يانچۇقىغا قول سېلىۋاتقان ئوغرىنى كۆرسە، پاك كېجۇڭدەك قىلالايدۇ؟ مەن شۇنداق ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالغان، بىر - بىرىگە ئىما قىلىشىپ، مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرغان ئەرلەرنى كۆرگەن. ھىندىستاننىڭ «سەرگەردان» فىلىمىدە مۇنداق ۋەقە بار: سوتچى راگونات كېچىسى بىرى ئىشىك قاقسا، ئۆزى بېرىپ ئاچماي ئايالى لىدىيىنىڭ ئىشىك ئېچىشىغا قاراپ تۇرىدۇ. ئاندىن قاراقچى زاكىر لىدىيىنى بۇلاپ كېتىدۇ. زاكىر تەرىپىدىن بۇلانغان لىدىيىنىڭ قورسىقىدىكى بالىغا باشقىلار گۇمان بىلەن قارايدۇ. شۇنداق قىلىپ يۇندى ئازگىلىدا تۇغۇلۇشقا مەجبۇر بولغان راجنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتى باشلىنىدۇ. كىنودا راگوناتنىڭ: «ئوغرىنىڭ بالىسى ئوغرى،

قاراقچىنىڭ بالىسى قاراقچى بولىدۇ»، دېگەن بىر ئېغىز گېپى راجىغا زىيانكەشلىك قىلغان دېيىلىدۇ. مەن راجىنىڭ شۇنداق كۆنگە قىلىشىغا راگوناتنىڭ شۇ گېپىدىن بۆلەك كېچىدە ئىشىكنى ئۆزى ئاچماي ئايالىغا ئاچقۇزغانلىقىدەك ھەرىكىتىمۇ سەۋەب بولغان، دەپ قارايمەن. ئەگەر ئىشىكنى راگونات ئاچقان بولسا قاراقچى بىلەن ئېلىشالىغان، مۇبادا ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ لىدىيىنى قاچۇرۇۋېتەلىگەن، راجىنىڭ ھاياتىمۇ ئۇنداق ئېچىنىشلىق بولمىغان بولاتتى. راگونات ئۆز ئىشىكىگە ئىگە بولالمىغان ئاجىزلىقىنى قايرىپ قويۇپ، يەنە ئۆز ئوغلىدىن تانىدۇ. شۇڭا راگوناتنىڭ ئوبرازى بىزنىڭ نەزەرىمىزدە خۇنۇك، يىرگىنىشلىك.

مەن يەنە بىر كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى «چىڭگىزخان»نى مىسالغا ئالاي. بۇ تېلېۋىزىيە فىلىمىدىمۇ چىڭگىزخاننىڭ ئايالى بۆرتەنى تاتارلار بۇلاپ كېتىدۇ، چىڭگىزخان قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ بۆرتەنى قايتۇرۇۋېلىپ ئەكېلىدۇ. بىراق چىڭگىزخانمۇ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆزىنىڭ تەسىرى بىلەن بۆرتەنىڭ قورسىقىدىكى بالىغا گۇمان بىلەن قارايدۇ. بۇ چاغدا ئاپىسى: «ئۇرۇش قىلىش سىلەر ئەرلەرنىڭ ئىشى» دەيدۇ. دېمەك، ئانا ئاشۇ سۆزى ئارقىلىق سەن بۆرتەنى قوغداپ قالالمىغانىكەنسەن، ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىش ھوقۇقىڭ يوق، دېمەكچى. چىڭگىزخان ئاخىر ھەممىنى ئويلاپ يېتەلەيدۇ. كېيىنكى ئىچكى نىزالار، ئوغۇللىرى ئارىسىدىكى دەتالاشلاردا بۇ خىل ئۆسەك سۆزلەر ئوتتۇرىغا چىققاندىمۇ چىڭگىزخان ئۆز مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ بالىسىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چىڭگىزخاننىڭ ئوبرازى بىزنىڭ نەزەرىمىزدە بۈيۈكلىشىدۇ. ئەگەر چىڭگىزخان ئاشۇ ھوقۇق - ئىمتىيازىغا تايىنىپ بۆرتەنى قوغلىۋەتكەن ياكى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، بالىسىنى ئېتىراپ قىلمىغان بولسا، بىزنىڭ نەزەرىمىزدە چىڭگىزخاننىڭ ئوبرازى شۇنچە بۈيۈك بولارمىدى؟ ئەگەر ئاشۇنداق ئۇرۇشلار ھازىر بوپقالىدىغان بولسا، بىز ئاياللار ئۇرۇش ئولجىلىرى بوپكەتسەك، بىزنى قۇتقۇزىدىغان ئەرلەر چىقارمۇ ياكى ئەرلىرىمىز بىر خوتۇن ئۈچۈن ئۇنچە قىلىپ نېمە كەپتۇ، دەپ «ئۈچتە ھەمراھ كۆتكۈچى قىزلار» بىلەن كۆڭلىنى ئېچىپ يۈرۈۋېرەرمۇ؟

بىزدە «ئاتالمىغان ئەردىن، ئاتالغان دۆڭ ياخشى» دەيدىغان گەپ بار. نازۇكۇمنىڭ زامانىدىكى جېنىنى ئاياپ ئادالەتنى ياقلىمىغان ئەرلەردىن مانا ھازىر كىمنى بىلىمىز؟ ھەممىسى نام - نىشانسىز ئۆلۈپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتتى. ئەگەر شۇ چاغدا بىرى كۆكرەك كېرىپ ئالدىغا چىققان بولسا، ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ مەمەت ياكى ئەمەت دەپ تارىختا نامى قالار بولغىيتتى.

«ساقال - بۇرۇت قويغانلارنىڭ ھەممىسىلا ئەر ئەمەس ئىدى؛ بۇغداي تېرىپ زاغرا ناندا قورساق توقلايدىغانلارمۇ ئەر ئەمەس ئىدى. ‹ئېتىقاد› ۋە ‹توغرا يول› ھەققىدە سۆزلەپ قويۇپ ئىچ - ئىچىدىن قورۇپ ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسىنىلا ئەر دېيىشكە بولمايتتى. قىلىچتىن قورقۇپ بېشىنى ئېگىپ كاستۇم ئىچىدە تىترەپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىلا ئەر دەۋېرىشكە بولمايتتى. ئۇلارنىڭ جاينامازدا ئىمانى، ئەل ئالدىدا ۋىجدانى، يۈرىكىدە پىغانى، سەپ ئالدىدا مەيدانى، تىغ ئالدىدا تەن - جېنى، تومۇرىدا دولقۇنلۇق قېنى، ھاياتىدا ئۆلۈم ھەم شان - شەرىپى نېسى ئىدى». «ئەركەكلىكنىڭ چىللىشى» ناملىق بەدىئىي مۇلاھىزىنى ئوقۇۋاتقاندا، بۇ قۇرلار روھىمنى زىلزىلىگە سالغانىدى. ئويلاپ باقسام، بىز قىز - ئاياللار مەنىۋىيىتىمىزنىڭ چاك - چاك يېرىلىپ، قاغجىراپ كەتكىنىگە خېلى زامانلار بوپتۇ. ۋەتەن - ئەل ئەمەس، بىر خوتۇن ئالدىدا مەجبۇرىيىتىنىمۇ ئادا قىلالماي باشقىلارنى ئەمەس، ئۆزىنىمۇ خۇشال قىلالمايۋاتقان ئەرلەر بىلەن ياشاۋاتقان ئاياللار ئۈنسىز شىكايەت قىلىۋاتىدۇ. ئەركەكلىكنى چىللاۋاتىدۇ. مەنىۋىيىتى قۇرۇپ، توپا ئۆرلەپ كەتكەن ئاشۇ ئاياللار ئۆزلىرى يېتىم قوزىنىڭ ھالىدا تۇرسىمۇ، قانىغان قاناتلىرى ئارىسىغا بالىلىرىنى ئېلىپ ئالدىدىكى ئېنىقسىز يول، تۇمان ئىچىدە مۇدۇرۇپ، چوقۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ.

ئەنە، ئاۋۇ قاقىرام ئىسسىقتا ئالدىغا بىر توپ ياغلىقنى يېيىۋېلىپ، خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرغان ئايالنىڭ ئېرى مەھەللىدە — سۆگەت سايىسىدا قارتا ئويناپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بالىسى چۈشتە مەكتەپتىن كېلىپ، سوغۇق سۇغا بىر پارچە قاتتىق ناننى تۆگۈرۈپ يەپ يەنە مەكتەپكە كەتتى، ئەسلى ئۇ ئايال چۈشتە ئۆيىدە بولۇپ، بالىسى ئۈچۈن ئىسسىق بىر قاچا تاماق ئېتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. بىراق ھازىر ئۇ ئىسسىق بىر قاچا تاماقنىڭ ئەمەس، بىر ھەپتە ئىلگىرىلا خالتىنىڭ ئاستى كۆرۈنۈپ قالغان ئۇننىڭ غېمىنى قىلىشى كېرەك، بولمىسا ئەتە ئۆيىدە يېگۈدەك قاتتىق نانمۇ قالمايدۇ. مانا ماۋۇ گۈللۈك كۆڭلەكلىك ئايال بىر كۈن كەچكىچە خەقنىڭ ئاپتاپپەرەسلىكىدە 20 يۈەنگە ئىشلەپ كىرىۋېدى، ئۇنىڭ ھاراقكەش ئېرى پۇلنى تارتىۋېلىپ، ھاراق ئىچكىلى چىقىپ كەتتى. ئاشۇ 20 يۈەننىڭ خۇشاللىقى بىلەن ئايال بىر كۈن كەچكىچە ئىشلەپ ھارغان - ئاچقىنىنى تۇيمىغان، ئېتىزدىن كىرىپ يەنە بالىلىرى ئۈچۈن سۇيۇقئاش ئېتىۋاتقانىدى. ئاش تۆكۈلگەن قىزىنىڭ پۇتىغا ئاياغ، يۆتىلىپ قالغان ئوغلىغا دورا ئېلىشنى ئويلاپ، تاپقان پۇلى ئېرى تەرىپىدىن بۇلانغان ئايال ئاچچىق - ئاچچىق ياش تۆكمەكتە. ئەسلى ئۈزۈك - بىلەزۈكلەرنى سېلىپ يۈرۈشكە يارالغان نازۇك قوللىرى ئوتتۇندەك قاتقان، يېرىلغان، شاخ - شۇمبىلار تىلغان. ئاشۇ قوللار ئەلەملىك ياشلارنى سۈرتمەكتە...

بۇ يازمامنى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىۋاتقان، ئۆز بالىلىرىنى بېقىشتىن سىرت يېتىم - يېسىرلارنىمۇ قوشۇپ بېقىۋاتقان ئەرلەر كۆرسە بەلكىم ئاچچىقى كېلەر. لېكىن شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، بۇنداق ئىشلار ئەتراپىمىزدىلا تولۇپ يېتىپتۇ. ئاخىرىدا ئەپسۇسلىنىدىغىنىم، بۇ يازمامنى ئاشۇ خىل ناباب ئەرلەر كۆرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىيىپ كەتكەن زەئىپ دىلىغا كىتابنىڭ، بىلىمنىڭ نۇرى شولا چۈشۈرەلمىگەن. تاسادىپىي بۇ يازمامنى كۆرۈپ قالغان تەقدىردىمۇ «چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» بىر ئايالنىڭ كوتۇلداشلىرى، دەپ پەرۋاسىز يۈرۈۋېرىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزەرىدە پايتىمىسىنى تەتۈر ئورىغان ئەر كىشىمۇ خوتۇن كىشىدىن ئارتۇق، ئۇلار ئۆزىچە ئالامەت ئەركەك.

2006 - يىل 4 - ئىيۇل، قورغاس

---

ئاپتور: يېتىلىۋاتقان ياش ئەدىبە، قورغاس ناھىيە پوچتا ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى (M1)



# پەلەكنىڭ چاقى

ئەنۋەر مەتسەئىدى

تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلار، شائىر ـ يازغۇچىلار ۋە بۈيۈك زاتلارنىڭ يازمىلىرىنى ۋاراقلىسام ھەممىسى دېگۈدەك رېئاللىقتىن نارازى بولۇپ، پەلەكتىن زارلاپ، تەقدىرىدىن قاخشاپ، زامانىنى قارغاپ ئۆتۈپتۇ. خەلقىمىزنىڭ قەلب ساداسى، ئارمان بېغى بولمىش مۇھەببەت قىسسىلىرىدە، شۇنداقلا يۈرەك مۇگى، دەرد ـ پىغانى بولمىش ناخشا ـ كۈيلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە «تەتۈر پەلەك»، «قاباپەلەك» دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن «پەلەكنىڭ گەردىشى»گە لەنەت ياغدۇرۇش، ياخشىلارنىڭ كاج تەقدىرى، تەتۈر قىسمىتى ۋە بىتەلەيلىكىدىن ئاھ ئۇرۇش، پەرياد چېكىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىكەن. مېنىڭ چۈشەنچەمچە، «پەلەكنىڭ چاقى» دېگەن بۇ ئىدىئوم «تەقدىر ـ قىسمەت»، «تەقدىري ئەزەل» ۋە شۇنداقلا «ۋاقىت، دەۋر ياكى زامانىنىڭ توختاۋسىز ئىلگىرىلىشى، ئۆز يۆنىلىشىدە دەۋر قىلىپ تۇرۇشى» دېگەندەك مەنىلەرنى بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھېسسىيات، پوزىتسىيە جەھەتتىن كىشىلەرنىڭ جاھاندىكى ناھەق ئىشلارغا، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىدەك بولمىغان كاج كەچمىشلىرىگە بولغان نارازىلىق، تەنە قىلىش ۋە ئىزتىراپلىق كەيپىياتىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئۇنىڭغا سىڭگەن. دېمىسىمۇ ياخشىلارغا ۋابال قىلىش، ھەقنى خېيىمخەتەرگە پىسقى ـ پاساتقا، ئاقنى داغ ۋە ئىللەتكە يېقىن قىلىش، پاكنى ئاسان بۇلغاش، ئېگىزنى ئاسان سۇنۇش قىسمىتىگە گىرىپتار ئەيلەش، مېۋىلىك دەرەخلەرنى كالتەك زەربىسىگە تۇتۇپ بېرىش، چىرايلىق گۈل ـ گىياھلارنى يامان كۆز ۋە زىيان ـ زەخمەتتىن نېرى قىلماسلىق پەلەكنىڭ ئەزەلىي ئادىتى. خەلق تىلىدىكى «كۆز تېگىش»، «تىل تېگىش»، «چەتنەش» ئىبارىلىرىمۇ ئەنە شۇ خىل ھادىسىلەرنى فولكلورىستىك چۈشەنچە تەرىقىسىدە يىغىنچاقلايدۇ. شۇنىڭدەك، «يامانغا ئۆلۈم يوق، ياخشىغا كۆرۈم» دېگەندەك، زالىم، باغرى تاش، يۈزى قېلىنلارغا ئاغرىماي، راھەتلىك ياشاش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىدىغان، يەنى «يامانغا يانتاياق بولىدىغان»، نامەردلىك، چىدىماسلىق، ھەسەتخورلۇق، ئادالەتسىزلىك، ھىيلە ـ مىكىر قاتارلىق بىر قاتار سەلبىيەتلىكلەرگە ھامىي ـ تىرەك بولۇپ بېرىدىغان ھادىسىلەر ئۆتمۈشتىكى

## ھېسابلىق ئالەم

نامۇۋاپىق ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاستىدىكى جەمئىيەتتە ئومۇمىي خاراكتېر
ئالغان بولغاچقا، «پەلەكنىڭ تەتۈر چۆرگىلىشى» ئاۋام خەلق نەزە-
رىدە دەۋر ياكى زامانىنىڭ ئومۇمىي سۈپىتى بوپقالغان. شۇ سەۋەبتىن
كىشىلەر دائىم «پەلەكنىڭ چاقى»، «پەلەكنىڭ گەردىشى» دېگەن
ئىدىئومىلارنى زامانغا، ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىكلەرگە، جۈملىدىن
مۇستەبىت ۋە شەپقەتسىز تۈزۈم پەيدا قىلغان ھەممە ھامىي بولغان
ئۆۋالچىلىقلارغا دارىتمالاپ، ئەنە شۇنداق سەلبىي ھەم ئاغرىنىش تە-
لەپپۇزدا ئىستېمال قىلىپ كەلگەن. قانداقلا بولمىسۇن، «پەلەكنىڭ
چاقى»، «پەلەكنىڭ گەردىشى» ئىبارىلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق رېئاللىق-
تىكى تەتۈر ئەمەللەر، شەپقەت، ھېسداشلىق ۋە ئىچ ئاغرىتىشتىن خا-
لىي، ھەق ـ ناھەق ۋە ياخشى ـ يامانىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەت-
كەن، ئۆۋالچىلىقا يول قويغان، ئاق ـ قارىنى ئىلغا قىلمايدىغان كۆزى
كور بىر ئەزەلىي قانۇنىيەت سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنىشىدا ھەم ئىن-
سانلارنىڭ دۇنياۋى ئازغۇنلۇقى، نادانلىقى، جاھالەتپەرەسلىكى ئۆز
ئىپادىسىنى تاپىدۇ ھەم شۇنداقلا ئۇنىڭ تەكتىدە ناھايىتى توغرا سۈ-
رەتلەنگەن ئاجايىپ بىر ھېكمەت، تەڭداشسىز بىر ھەقىقەت ياتىدۇ.

بىزنىڭ چۈشەنچىمىز بويىچە، چۆچەكلەر ياخشىلىق، ئاق كۆڭۈل-
لۈك، گۈزەللىك، چىنلىق، ھەق ـ ئادالەت مۇتلەق غەلىبىگە ئېرىش-
ىدىغان، «پەلەكنىڭ چاقى» ھامان ئوڭ چۆرگىلەيدىغان بىردىنبىر
دۇنيا. ئۇ ياخشىلارنىڭ، ئاجىزلارنىڭ، يار ـ يۆلەكسىز بىچارىلەرنىڭ
چۈشى. ئۇلارنىڭ رېئاللىقتا ئۆزلىرىگە نېسىپ بولمىغان ئادالەتنى،
ھېسداشلىقنى، باياشاتلىقنى، راھەت ـ پاراغەتنى ھالال تەرى، خالىس
نىيىتى، پاك ۋە ساپ ئېتىقادى، چەكسىز چىدام ـ غەيرىتى بەدىلىگە
قولغا كەلتۈرۈشكە بولغان ساددا ئىشەنچى؛ ئۆزلىرىنىڭ تەقۋالىقى، ئى-
تائەتمەنلىكى، بىچارە ـ مسكىنلىكى ئۈچۈن ئېلىشقا ھەقلىق دەپ قا-
رىغان تارتۇق ـ مۇكاپاتى؛ ھەسرىتى، خام خىيالى، جەننىتى؛ زالىم،
مۇناپىق، ئاچ كۆز، پاسىق رەقىبلىرىدىن ئالغان ئۆچى ـ قىساسى؛
قىسقىسى، چۆچەكلەر ئىنسانلىقنى ياقلىغۇچى بارلىق تۈز كۆڭۈل كى-
شىلەرنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنى.

چۆچەكلەر رېئاللىقنى ئىنكاس قىلىسمۇ، ئۇ يەنىلا غايىۋى ئاڭنىڭ
مەھسۇلى. خىيال بەربىر خىيال، چۆچەك بەربىر چۆچەك. «پەلەك
چاقى»نىڭ رېئاللىقتا تەتۈر چۆرگىلىشى، ئىنسانلارنىڭ خىيالى بولمىش
چۆچەكلەردە ئوڭ چۆرگىلەشكە سەۋەب بولغان. يەنى رېئاللىقنىڭ قا-
رىمۇقارشى تەرىپى ئاڭدا ئەكس ئەتكەن. ئۇلار يەنە بىر ـ بىرىنى
شەرت قىلىش ۋە تولۇقلاش مۇناسىۋىتىگە ئىگە. بۇنىڭدىن رېئاللىق
بىلەن ئاڭ پاسسىپىتى ئوتتۇرىسىدا ئوڭ ۋە تەتۈر تاناسىپلىق ئىن-
كاس ـ قانۇنىيىتىنىڭ بولىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

بىز چۆچەكلەرنى رېئاللىقتىن ئايرىۋەتسەك خاتالاشقان بولىمىز.
ئەمەلىيەتتە چۆچەك رېئاللىقنىڭ دەل ئۆزى. «پەلەكنىڭ چاقى» چۆ-
چەكلەردە ئوڭ چۆرگىلىگەندەك، رېئاللىقتىمۇ كۆپ ھالدا ئوڭ چۆر-
گىلەپ كەلگەن. پەقەت ئىنسان قانائەتسىز، «كۆزى تويۇپ كۆرمەي-
دىغان، قولىقى تويۇپ ئاڭلىمايدىغان» مەخلۇق بولغاچقا، شۇنىڭدەك،
مۇستەبىت ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاستىدا «زامان زورنىڭ، تاماشا كور-
نىڭ» بوپكەلگەچكە، ئىنسانلار ئۇنىڭ ئوڭ چۆرگىلەيدىغانلىقىنى
كۆرمەي قالغان ياكى «تەتۈر چۆرگىلەش» تىكى ھېكمەتلەرنى ھېس
قىلىپ يېتەلمىگەن، خالاس. دېمەك، ئۇلۇغ بىر ئىرادە ۋە چوڭقۇر
ھېكمەت بىلەن ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان، ئىنساننىڭ ئەقلىي بىلىش
دائىرىسىدىن تاشقىرى بولغان ئالەم ۋە ھاياتلىق قانۇنى كىشىلەر ئې-
ڭىدا ئەنە شۇنداق ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن. شۇڭا «پەلەكنىڭ
چاقى» ئازغان، خاتالاشقان ئىنسانلارغا نىسبەتەن مەڭگۈ تەتۈر چۆر-
گىلەشنى داۋام ئەتتۈرىدۇ.

«پەلەكنىڭ چاقى»نىڭ «تەتۈر چۆرگىلىشى»نى ئىنساننىڭ نەپ-
سى ـ خاھىشى بەلگىلىدى. ئۆزىنى بىلمەسلىكى، ئەسلىنى ئۇنتۇماسلىقى
ۋە چاغلىماسلىقى، يەنى نادانلىقى ۋە جاھالەتپەرەسلىكى بەلگىلىدى.
دىنىي رىۋايەتلەردە قەيت قىلىنغاندەك ئادەمئاتىمىز بىلەن ھەۋۋا ئا-
نىمىز جەننەتتىن ھەيدەلگەندە، قابىل ئۆز قېرىندىشى ھابىلنى ئۆل-
تۈرگەندە، لۇت قەۋمى بىر ـ بىرىگە پەسكەشلىك قىلىشتىن ئۇيالما-
غاندا بۇ قىسمەت ئىنسان باللىرىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلدى.

ياراتقۇچى راۋا كۆرمىگەن ئىشلار ئۆز بەندىلىرى ئارىسىدا سادىر
بولغاندا، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش، چىنىقتۇرۇش يۈزىسىدىن «پە-
لەكنىڭ چاقى»نى ئۇلارنىڭ بېشىدا تەتۈر چۆرگىلىتىدۇ. ئىنسان ئۆزى
خالىمىغان ئىشنى زۇلۇم بىلەن باشقىلارغا تاڭغاندا، يەنى كۈچلۈكلەر
ئاجىزلارنى بوزەك ئەتكەندە، بوزەك ئېتىلىشنىڭ تەمىنى ئۇنىڭ بالى-
لىرىغا تېتىتىپ قويۇش يۈزىسىدىن «پەلەكنىڭ چاقى»نى ئۇلار بېشىدا
تەتۈر چۆرگىلىتىدۇ. بىراۋ ئۆزى خالىمىغان ئىشنى باشقا بىرىگە راۋا
كۆرگەندە، ۋەسۋەسە ۋە ئارامسىزلىق بىلەن ئازدۇرغۇچىغا ئىبرەت
قىلىش، ئازاب ۋە خورلۇق تىغى بىلەن ئازغۇچنى ئاگاھلاندۇرۇش
يۈزىسىدىن «پەلەكنىڭ چاقى» نى ئۇلار بېشىدا تەتۈر چۆرگىلىتىدۇ.
دېمەك، «پەلەكنىڭ چاقى»نىڭ تەتۈر چۆرگىلىشى ھەرگىز سەۋەبسىز
ۋە مەقسەتسىز ئەمەس. ئۇنىڭغا چوڭقۇر پەلسەپىۋى ھېكمەت يوشۇ-
رۇنغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇ بىر ئىنسان ئەقىل ـ پاراستىگە ئىشارە قە-
لىنغان، كۈچلۈك ئىبرەتلىك مەنالارغا تويۇنغان بىر قانۇنىيەت. ئۇنى
ئىنسانلارنىڭ خۇي ـ پەيلى ئەنە شۇنداق «تەتۈر چۆرگىلەيدىغان»
قىلىپ قويغان. بۇنى ئەقلىي رەۋىشتە چۈشەنمەي، ھېسسىي چۈشەن-
چىسى بويىچە ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ يۈرگەن ئاجىز، ساددا دىل
كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ خىيالىي دۇنياسىدا «پەلەكنىڭ چاقى» نى ئەس-
لىگە قايتۇرۇپ روھىي تەسەللىي تاپماقچى بولىدۇ. شۇ قەدەر ئاگاھ-
لاندۇرۇش ۋە ئىبرەتلەردىن ھوشىنى تاپمىغان غاپىل بەندىلەر بولسا،
سىناق ئۈچۈن بېرىلگەن ۋاقىتلىق ھۆزۈر ـ ھالاۋەتنى، سۇر ـ ھەيۋەتنى
ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئۆز ھالاكىتىگە تۈترۈق قىلىپ، بەش كۈنلۈك
ئۆمرىنى ئاياغلاشتۇرىدۇ.

چۆچەكلەرگە ئوخشايدىغان تۈرلۈك ئوتوپىك ئىدىيىلەر تارىختىكى
نۇرغۇن مۇتەپەككۇر تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان، ئىنقىلابچىلار،
ئىسلاھاتچىلار تەرىپىدىن تەجرىبە قىلىنغان. دېمەك، كىشىلەر «پە-
لەكنىڭ چاقى»نى «ئوڭ ئايلاندۇرۇش» ئۈچۈن تىنماي ئىزدەنگەن،
كۈرەش قىلغان. يەنى تەڭسىزلىك، زالىملىق، مۇستەبىتلىك، ئېزىش،

قۇل قىلىش، ئىرقىي كەمسىتىش قاتارلىقلارغا قارشى ھەرىكەتنى زادى توختىتىپ قويمىغان. بۇ نۇقتىدىن، ئىنسانىيەت تارىخىنى ئەنە شۇنداق «تەتۈر چۆرگىلەش»لەرگە ئىنسانلار ئۆزلىرى سەۋەب بولغان «پەلەكنىڭ چاقى»نى يەنە ئىنسانلار ئۆزلىرى «ئوڭغا چۆرگىلىتىش» ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئىزدىنىش جەريانى دېيىشكە بولىدۇ.

«پەلەكنىڭ چاقى» شۇنداقلا ئۇنىڭ «تەتۈر چۆرگىلىشى» ھاياتلىقتىكى بىر چوڭ قانۇنىيەتنى ۋە تەكتىگە يېتىش قىيىن بولغان بىر چوڭ ھېكمەتنى ئىنكاس قىلىپلا قالماي، يەنە ئىنسانلار ئۆزلىرى پەيدا قىلغان ئەڭ ئومۇمىي، كەسكىن ۋە ئەبەدىي بولغان رېئال زىددىيەتنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئالەمنى ئايلاندۇرىدىغان، ھاياتلىقنى داۋام ئەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە ئېنېرگىيىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىگە توغرا جاۋاب تېپىشقا ئەقلىمىز ئاجىزلىق قىلسىمۇ، «پەلەكنىڭ چاقى»نىڭ نېمە ئۈچۈن «تەتۈر چۆرگىلەيدىغانلىقى»غا (رېئاللىقتا مەۋجۇد بولغان تەتۈر ئىشلار ياكى زىددىيەتلەر سەۋەبىگە قارىتا) جاۋاب تېپىش، بىزنىڭ ئۆزىمىز ۋە كەلگۈسىمىز ھەققىدىكى ئويلىنىشىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بۇ بىزنىڭ ئادىمىيلىكىمىز ئۈستىگە يۈكلەنگەن قەرز ۋە ئەمەل ـ ئىبادىتىمىزگە شەرت قىلىنغان پەرز.

بىز تەپەككۇردا كەشپىيات يارىتالمىدۇق. بىزلا ئەمەس، دۇنيادا خېلى ئالغا كەتكەنلەرمۇ تەپەككۇردا (پەلسەپىدە) قەدىمكىلەرنىڭكىنى دوراش، كۆشەش، ھەزىم قىلىش، شەرھلەش دەرىجىسىدە. بىز تەپەككۇر ساھەسىدىكى گىگانت ئابىدىلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، يەنە بىر قېتىم ئاۋام خەلقنىڭ روھىي ئىزدىنىشى، ئەقىل ـ پاراسەت جۇغلانمىسىغا دىققىتىمىزنى ئاغدۇرايلى. مېنىڭچە، چۆچەك ئوتوپىيىسى يەنىلا «پەلەكنىڭ چاقى» توغرىسىدىكى سوئالىمىزغا ئەڭ توغرا، مۇكەممەل جاۋاب بېرەلەيدۇ. مانا قاراڭ، شاھزادە چەكسىز ۋاپادارلىقى ۋە چىدام ـ غەيرىتى بىلەن ئۆز سۆيگۈنىنىڭ ۋىسالىغا يېتىپ، (جاپا، غۇربەتچىلىك، مېھنەت، خارۇ ـ زارلىق ئىچىدە تاۋلىنىپ، ئاخىر بەختىيار، ئادىل، پۇقراپەرۋەر پادىشاھ بولۇپ) ئۆزىنىمۇ، خەلقىنىمۇ بەخت ـ سائادەتكە ئىگە قىلدى. مانا، ئاق كۆڭۈل، سەممىي كىشىلەر ھېچكىمگە، ھەتتا ھاشاراتلارغىمۇ ئازار بەرمىگەنلىكى، ئەكسىچە، ئۇلارنى قۇتقۇزغانلىقى ئۈچۈن، ياخشىلىقى، مېھىر ـ مۇھەببىتى بەدىلىگە ئۇنىڭغا مەلىكىلەر، پەرىلەر ۋە ھەتتا سەلتەنەت نېسىپ ئېتىلدى. مانا، چىدىغۇسىز خورلۇق تارتقان ئىگە ـ چاقىسىز يېتىم ـ يېسىرلار ئۆزلىرىنىڭ ھالاللىقى، ئىشچانلىقى، سەۋر ـ تاقىتى، تەقۋالىقى، توغرىلىقى، گۆھەردەك ھۈنىرى بىلەن ھەق ـ ئادالەت تەرەپدارلىرىنىڭ ھېسداشلىقى ۋە ياردىمىگە ئېرىشىپ ئۆزىگە تېگىشلىك مۇكاپاتنى ئالدى. (شاھزادىلەر بىلەن توي قىلىپ چەكسىز بەختتىن بەھرىمەن بولدى). مانا، رەھىمسىز، زالىم، ئىچى تار، كۆڭلى قارا، سۇيىقەستچى، ئىپلاس ئۆگەي ئانىلار؛ دىلى بۇزۇق، ھەسەتخور، زەھەرخەندە، ئاچ كۆز، بەتقىلىق، كۆرەلمەسلەر دەل ئاشۇ خىل يامان مىجەزى ۋە بۇزۇقلۇقى تۈپەيلى تېگىشلىك جازاسىنى يەپ، لەنەت، غەزەپ ـ نەپرەت دەرياسىغا غەرق بولدى. ئەنە، ئۆزى كىچىك بولسىمۇ دوستلۇقنى ئەلا بىلگەن كىچىك، ياۋاش ھايۋانلار ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشىپ، بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولۇپ، بالايىئاپەتتىن، قازادىن ئامان قېلىشتى؛ قېرىنداشلار ئۇيۇشقاقلىقى، پەم ـ پاراستى بىلەن ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن قىيىن شارائىتتىن قۇتۇلۇپ خاتىرجەم، خۇشھال ـ خۇرام تۇرمۇشقا ئېرىشتى. ئەنە شىتىلە بىلەن پىتىلە ھاماقەتلىكى تۈپەيلى، يەنە ئوبۇل كاج، جەمىلەك جاھىل ئىككى ئەر ـ خوتۇن جاھىل ـ تەرسا مىجەز ـ خاراكتېرى تۈپەيلى بېشىنى يېيىشتى. ئەنە... دېمەك، نېمىنى تېرىسا شۇنى ئالىدىغان، ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق بېرىلىدىغان، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ئاقىۋەت مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتىدىغان، ئالىملار قەدىرلىنىپ، زالىملار شەرمەندە بولىدىغان، ياخشىلار مۇكاپاتىنى، يامانلار جازاسىنى ئالىدىغان، ھالاللىق كۆكلەپ، ھاراملىق يەگىلەپ تۈگەيدىغان، ئۆزىنىڭ شۇملۇقى ئۆزىنىڭ كاج تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان، ئادالەت تەلتۆكۈس جارى قىلدۇرۇلىدىغان چىن ئالەم چۆچەكلەردە مەۋجۇد. ئۇ، تارىخنىڭ ئەسلىي يۈزلىنىشى، ھەقنىڭ ھۆكۈمى. بۇلار گەرچە رېئاللىقتىن يىراقلاشقان بولسىمۇ، چۆچەكلەر دۇنياسى بىزگە «پەلەكنىڭ چاقى»نىڭ ئەسلىدىن كىشىلەر زارلاپ ئېيتقاندەك تەتۈر چۆرگىلىمەستىن، بەلكى ئوڭ چۆرگىلەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا بارلىق ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ تولۇق ئىشىنىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىر جەھەتتىن، «پەلەكنىڭ چاقى»نىڭ رېئاللىقتا «تەتۈر چۆرگىلىشى»مۇ ئەنە شۇ ھەقىقەتكە نىسبەتلەشتۈرۈپ ئېيتىلغان بولسا كېرەك.

ھەقىقىي ۋەقە بولغان، كىشىلەر سەنئەت ۋاسىتىسى بىلەن ئۇنىڭدىكى ھەقىقەتلەرنى تېخىمۇ نۇرلۇق ۋە ئەبەدىي قىممەتكە ئىگە قىلغان يۈسۈف قىسسىسى «پەلەكنىڭ چاقى»نىڭ نېمە ئۈچۈن «تەتۈر چۆرگىلىشى»دىكى ھېكمەتنى چۈشىنىشكە يەنە بىر مىسال. قىسسىدە يۈسۈف دۇچ كەلگەن بارلىق ئېغىر قىسمەتلەر، ئۇنىڭغا كەينى ـ كەينىدىن كەلگەن كۈلپەتلەر ياراتقۇچى ـ ھەقتائالا ئىرادە قىلغان ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ سەۋەبچىسى. يۈسۈف ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكى سۆيۈملۈكلىكى تۈپەيلى قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن قۇدۇققا تاشلىنىپ، قۇللۇققا سېتىلدى، ئالىي پەزىلىتى ۋە پاكلىقى تۈپەيلى زۇلەيخا تەرىپىدىن تۆھمەتكە ئۇچراپ، زىندانغا تاشلاندى. بۇ كەلگۈلۈكلەر بولمىغان بولسا يەنى ئۇنىڭ ئېتىقادىنى، ئۈمىدىنى، خىسلىتىنى تاۋلىغان، سىناقتىن ئۆتكۈزگەن تالايلىغان ئازاب ـ كۈلپەت ئۇنىڭ بېشىغا چۈشمىگەن بولسا، مىسىرنىڭ پادىشاھلىق سەلتەنىتى ۋە پۈتكۈل خەلقنى، قېرىنداشلىرىنى يېڭى ھاياتقا باشلاپ، بارلىق كىشىنى ئۆزىگە بەيئەت قىلدۇرۇشتەك ئادەتتىكى كىشىلەرگە نېسىپ بولمايدىغان شان ـ شەرەپلەر، بەخت ـ سائادەتلەر ئۇنىڭغا نېسىپ بولارمىدى؟ ۋە شۇنداقلا ئۆزىنى شۇ قەدەر سەۋر ـ تاقەتلىك، گۈزەل خۇيلۇق، سادىق ۋە ئېتىقادلىق، پاك ۋە شەرم ـ ھايالىق تۇتمىغان بولسا، ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك دەرىجىسى ۋە سۈپىتى بەخش ئېتىلەرمىدى؟ دېمەككى، بىراۋ ئۈچۈن تەتۈر چۆرگىلىگەن «پەلەكنىڭ چاقى» ئۇنىڭ ئۈستىدە ھېچكىم ئويلاپ يەتمىگەن بەخت ۋە ئامەتلەرنى تەييارلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن؛ يەنە بىراۋلار ئۈچۈن ئوڭ ئايلىنىۋاتقان «پەلەكنىڭ چاقى»

بولسا ئۇلار ئۇچۇن كۈتۈلمىگەن بالايىئاپەت ئازگاللىرىنى كولاۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ نۇقتىدا ئۆزىنىڭ تەتۈر قىسمەتلىرىگە، پەلەكنىڭ تەتۈرلۈكلىرىگە دادىل يۈزلىنەلىگەن، ئۇنى جاسارەت بىلەن قوبۇل قىلالىغان ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلىگەنلەرلا ھەقىقىي بەخت ـ سائادەت ۋە نۇسرەتلەر باغرىنى قۇچۇشقا ھەقلىق بولالايدۇ. فولكلور ئەسەرلىرىدە ۋىسال قۇچقان ئەزىمەتلەرنىڭ كۆھقاپەتەك ئەجەل سىناقلىرىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى، زاھىدلىق ۋە تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىلىرىدە ھەقىقىي تەرىقەت ئەھلىنىڭ تەن ھۇزۇرىدىن كېچىپ جاپانى، غۇربەتنى ئىختىيار قىلىپ، مۈشكۈل روھىي تاۋلىنىش ۋە چېنىقىشلار بەدىلىگە ئىبادەتنىڭ ئالىي مەنزىلىگە يېتىش ياكى سوپىلار تىلى بويىچە ئاللانىڭ ۋىسالىغا مۇشەررەپ بولۇش ئەقىدىسى ئەنە شۇ قائىدىنىڭ سەنئەت ۋە ئېتىقاد شەكلىدە ئىپادە قىلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

دەرۋەقە، جاھاندا تەتۈر ئىشلار ناھايىتى كۆپ. «ھەممىگە تون تىكمەن ئۆزۈم يالىڭاچ» دېگەندەك، ھەممىنىڭ يېمىكى ۋە كىيىمكى دېھقان ۋە ئىشچىلارنىڭ قولىدىن چىقىدۇ، ئەمما قارىساق ھەممىدىن يېلىڭى ۋە ئاچ ـ زېرىنى يەنە شۇلار. ئۇلار ياراتقان بايلىقنىڭ قەدىنى چېقىۋاتقانلار بولسا، ھوقۇقى ھەم كۈچى بار بەزى هارامتاماقلار ۋە پەمى ھەم يولى بارلار. ئاق كۆڭۈل، سەممىي كىشىلەر هارامزادە ـ ساختىپەزلەر قولىدا. ئەقىدە ـ ئېتىقادلىق، كۆڭلى يۇمشاق، تاۋى نازۇك، ھېسسىياتچان، مۇھەببەتلىك چىن كىشىلەر ھە دېسە ۋىجدان ئازابى تارتىپ، دىلى ئازار يەپ، زەرداپ يۇتۇپ يۈرىدۇ. يۈزىنىڭ قېلىنلىقىنى جانىنىڭ راھىتى دەپ بىلگەن ھىيلە ـ مىكىرچى، ساختىپەز، ھاياسىزلار ئازابلىنىشتىن، روھىي بېسىملاردىن خالىي ھالدا غەمسىز، شادىمان، راھەت ـ ئىشرەتلەر ئىچىدە دەۋران سۈرىدۇ. مۇھەببەتلىك، مەسئۇلىيەتچان، ئۆز بۇرچىنى تونۇغان كىشىلەر مۇشۇ يولدا ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەپ، ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە مەسئۇل بولۇپ، دۇنيا راھىتىدىن، شەخسىي ھۇزۇرىدىن كېچىپ، ۋاپادارلىقنىڭ، ئەقىدە ـ ئىخلاسنىڭ ئېغىر يۈكىنى يۈدۈپ ھالسىز ياشايدۇ. قەلبىدە ئىنسانىي تۇيغۇدىن ئەسەر يوق، ئۆزىنى بىلمەيدىغان، كۆچلۈككە قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ، ئاجىزنى بوزەك قىلغۇچى خىيانەتكار مەخلۇقلار بولسا ئەشۇ ھېسسىياتسىزلىقى، مەسئۇلىيەتسىزلىكى بىلەن ئاغرىماي، ئۈپرىماي، ھېچنېمىنى ـ خورلۇقنى، نومۇسنىمۇ سەزمەي كالىدەك يەپ كېكىرىپ يۈرۈۋېرىدۇ. كەمتەر، مۇلايىم پەزىلەت ئىگىلىرى ھەدېسە تەتۈر قۇيۇنلارنىڭ، ئاچچىق جۇدۇنلارنىڭ زەربىسىگە نىشان بولۇپ، ئۇۋالچىلىق تارتىدۇ. ئۆمرى كوتا بولىدۇ. خۇيى ئەسكى، بەتقىلىقلار بولسا ئالەمدىن بىپەرۋا ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرىدۇ. ئۆمرىمۇ ئۇزۇن بولىدۇ. بىلىملىك ـ ئىقتىدارلىقلار باشقىلارغا يېلىنىشنى، خۇشامەت قىلىشنى ھار ئېلىپ ياكى بىھاجەت ھېسابلاپ، ئۆزىگە ئىشىنىپ، يۇرسەت ۋە ئامەتلەردىن بىنېسىۋە قالغانىنىڭ تاشايىنىدا ئىچى تار، ھەسەتخورلارنىڭ يامان مۇئامىلىسى ۋە زىيانكەشلىكىگە ھەردائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. بىلىمسىز ـ ئىقتىدارسىزلار، ئىجتىھات قىلىشنى خالىمايدىغان تەييارتاپ ھۇرۇنلار جاھاندارچىلىق قىلىشتا ھېچقانداق ۋاستە تاللىماي، ھالال ـ ھارامنى ئايرىماي، ھەتتا غۇرۇرى ۋە نومۇسىنى دەسسىي قىلىپ (ياغلىما سۆز، ھىيلە ـ نەيرەڭ، قۇلچىلىق ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ) ھەممىدىن ئېگىزگە چىقىۋالىدۇ. ھاكاۋۇر، مەنمەنچى، نومۇسسىز، بەتئەخلاق كىشىلەر كۆپ ھالدا كەمتەر، خالىس، مۆمىن، شەرم ـ ھايالىق، ئۆزىنى سورىغان ئېسىل تەبىئەتلىك كىشىلەرنىڭ شىلىلىسىگە مىنىۋالىدۇ. ۋاي ـ ۋۇي، مۇنداق ئىشلارنى دەپ كەلسەك ھەقىقەتەن كۆپ. ئىشقىلىپ، مۇنداق تەتۈرلۈكلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان ياخشىلاردىن بىر نەچچىنى، ئۇنىڭدىن ئامەت قۇچقان ئەسكى مۇناپىقلاردىنمۇ بىر قانچىسىنى ئۆز ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان، ئۇچراتمىغان بىرەر ئادەم بولمىسا كېرەك. شۇڭا كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا كۆنۈكۈپ، ئۇنىڭغا ئۇنچىۋالا ئەجەبلىنىپمۇ كەتمەيدىغان، گويا بىر نورمال ئىشتەك، شۇنداق بولۇشى ھەقتەك، ئۇنىڭغا ماسلاشماي ئامال يوقتەك مۇئامىلە قىلىدىغان بوپكەتكەن. ئېچىنىشلىقى، بىز ھەممىمىز بۇ خىل تەتۈرلۈكلەرنى ئامالسىز قوبۇل قىلغان بولغاچقا، باللىرىمىزغا «سېنىمۇ بىز نان بېرىپ باققان، ئۇ ئۇرسا سەن قاراپ تۇرىدۇڭمۇ؟»، «سېنىڭ قولۇڭ يوقمىدى؟» دېگەندەك گەپلەر ئارقىلىق ئاق كۆڭۈل، ياۋاش، يول قويىدىغان، ئەپۇچان، ئېغىر ـ بېسىق، قولى ئوچۇق بولۇش توغرىسىدا ئەمەس، ھەرگىز ياۋاش بولماسلىق، كۆڭۈلچەك بولماسلىق، ئۇرۇش ۋە تىللاشتا باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈش، قولىدىكىنى ھېچكىمگە بەرمەسلىك، باشقىلاردىن نەپ ئېلىشقا ماھىر بولۇش توغرىسىدىكى تەربىيىگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىمىز. بۇ ئەسلىدىن توغرا گەپلەرمىدى؟ ئۇنداق ئەمەس. بۇلارنىڭ ھازىرقى كۈندە توغرا دەپ قارىلىشى «پەلەكنىڭ چاقى»نىڭ تەتۈر چۆرگىلىگەنلىكىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. دېمەك، «پەلەكنىڭ چاقى» تەتۈر چۆرگىلىسە تەپەككۇرنىڭ چاقىمۇ تەتۈر چۆرگىلەيدىغان بوپقالىدىغان ئوخشايدۇ. بولۇپمۇ، ھېكمەتلەرگە قۇلاق سالمىغاندا، سىرلارنى چۈشەنمىگەندە.

مۇلاھىزىمىزدىن خۇلاسە شۇكى، پەلەك ئەزەلدىن كىشىلەر چۈشەنگەندەك تەتۈر ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ چۆرگىلەپ كەلگەن. ئۇنىڭ «تەتۈر چۆرگىلىشى» ئىنسانلارنىڭ ئۆز خۇي ـ پەيلىدىن بولغان. ئۆز قىلمىشى پىكرىنى بەلگىلىگەن. ئەگەر ئۇ يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك ياخشىلار ئۈستىدە «تەتۈر چۆرگىلەش»نى داۋام ئەتتۈرىۋاتقان بولسا، ئۇنىڭدىمۇ بىر ئورۇنلاشتۇرۇش بار. دېمەكچىمىزكى، مانا مۇشۇنداق بىر ھېكمەت تۈپەيلى «پەلەكنىڭ چاقى» «تەتۈر ئايلىنىۋاتقان» ئەكەن، ئۇ ھالدا ئۇنىڭدىن ئاغرىنىشقا ئەرزىمەيدۇ. ئۈمىدسىزلىنىشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. مانا بۇ بارلىق ئۇۋال قىلىنغان ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرگە، زامان چەتكە قاققان بىچارىلەرگە، بارلىق ئاجىز، يار ـ يۆلەكسىزلەرگە ئالەمچە تەسەللى بولىدىغان، ئۇلارغا ئىشەنچ، سەۋر ـ تاقەت، چىدام ـ غەيرەت ۋە شادلىق ئاتا قىلىدىغان بىلدۈرگىدۇر.

ئەپسۇس، پېقىرنىڭ ئەڭ ھەسرەت چېكىدىغىنى ۋە ئېچىنىدىغىنى «پەلەكنىڭ تەتۈر» لىكى ئەمەس، بەلكى قۇتۇلدۇرۇشقا موھتاج كىشىلەرنىڭ قۇتۇلدۇرۇشقا لايىق بولالماسلىقىدۇر. بۇ خىل لاياقەتسىزلىكنى

ئۇلاردىكى ئۈمىدسىزلىك (ئىمان ـ ئېتىقادسىزلىق) بىلەن سەممىيەتسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان. مەن بىرسىنى تونۇيمەن، ئۇ هاراق بىلەن ئۆمرىنى، ئەقلىنى، روھىنى بۇلغاپ ئۆتتى. بىراق هاراقنى، هاراقكەشنى سۆكۈپ شېئىر يازىدۇ؛ مەن يەنە بىرسىنى تونۇيمەن، ئۇ پاكلىق — دىيانەت توغرىسىدا تىنماي سەپسەتە سېتىپ يۈرىدۇ. بىراق... ئېپلاسلىقنى ھەممىدىن ئاشۇرۇپ قىلىدۇ؛ مەن يەنە بىرسىنى تونۇيمەن، ئۇ ئۆزىنى ھەممىدىن توغرا، ئاجىزلارنىڭ، بىچارىلەرنىڭ باشپاناھى، غەمخورچىسى دەپ شوئار توۋلاپ يۈرىدۇ. بىراق ياۋۇزلۇقتا، قانخورلۇقتا، ھىيلە ـ مىكىردە تەڭدىشى يوق؛ مەن يەنە بىرسىنى تونۇيمەن، ئۇ ئۆزىنى ھەممىنى بىلىدىغان، ناھايىتى قابىلىيەتلىك ھېسابلاپ داۋراڭ سېلىپ يۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە خۇشامەتكە، مۇناسىۋەتكە، پەسكەش ئۇسۇللارغا تايىنىپ ئەمەل ـ مەنسەپكە، ئۇنۋان ـ دەرىجىگە ۋە باشقا نەپ تېگىدىغان ئىشلارغا مۇيەسسەر بولۇۋالغان. ئەگەر ھېس قىلىپ يېتەلىسە، «پەلەكنىڭ چاقى» ئەنە شۇلارنىڭ بېشىدا ھەقىقىي «تەتۈر چۆرگىلەيدۇ» ـ بىر كۈنلەردە ئەنە شۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي.

مەن بىر ئىنگلىزچە دەرسلىك كىتابتىن «بەشىنچى خىل ئەركىنلىك» دېگەن بىر تېكستنى ئوقۇغانىدىم. ئۇنىڭدا ئىنسانلار ئېرىشىشنى ئىستەۋاتقان، كۈرەش قىلىۋاتقان تۆت چوڭ ئەركىنلىك (قورقۇش ـ ۋەھىمىدىن خالاس بولۇش ئەركىنلىكى، كۈتكىنىگە ئېرىشىش ئەركىنلىكى كۆرسىتىلگەن. پىكىر قىلىش (سۆزلەش) ئەركىنلىكى، ئېتىقاد (دىنغا ئىشىنىش) ئەركىنلىكى. ئاپتور ياشاش ئەركىنلىكى، تەرەققىيات ئەركىنلىكى دېگەنلەرنى ئەركىنلىك كاتېگورىيىسى ئىچىدە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ قارىغان بولسا كېرەك)نىڭ ئاساسى ھەم ئالدىنقى شەرتى بولغان ئۆزىنى ئىپادىلەش ۋە جارى قىلىش پۇرسىتىگە تولۇق ئېرىشىش ئەركىنلىكى ئۈستىدە سۆزلەنگەن.

ئاپتور ئىنسانلارنىڭ يۇقىرىقى تۆت چوڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئارزۇسىنىڭ بۈگۈنكى يۈكسەك دېموكراتىيىلەشكەن ئامېرىكىدىمۇ تولۇق قاندۇرۇلماسلىقىدىكى سەۋەبنى دەل ئاشۇ «بەشىنچى خىل ئەركىنلىك»نىڭ ئىشقا ئاشمىغانلىقىدىن دەپ قارىغان. دېمىسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ئەڭ ياخشى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئارزۇسى يەنىلا ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ئۇلارغا مۇنداق پۇرسەتنى يارىتىپ بېرىدىغان مۇكەممەل تۈزۈلمە، ئىجتىمائىي مۇھىت، ئىقتىسادىي شەرت ـ شارائىت، بولۇپمۇ فىلولوگىيىلىك (ئادىمىي) ساپا تېخى پىشىپ يېتىلمىدى. ئەكسىچە، ئەخلاق، ئېتىقاد كرىزىسى ۋە ئۇ ئىلگىرى سۈرگەن ياشاش مۇھىتىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئۇچرىشى ئىنسانىيەتنى خەتەرلىك ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. شۇنداق ئىكەن ئاتالمىش «بەشىنچى خىل ئەركىنلىك» يەنى ھەممە ئىنسان ئوخشاشلا ئۆزىنى تولۇق ئىپادىلەش، ئۆز قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىش ئەركىنلىكىنىڭ ئىشقا ئېشىشى ۋە شۇ ئاساستا يۈكسەك دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ بەرپا قىلىنىشى يەنىلا بىر يۈكسەك غايىدىن ئىبارەت. بۇ نۇقتىدىن ئەقىل ۋە ھېسسىيات ئىسراپچىلىقىنى، تەڭرى ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئىقتىدارلارنىڭ زايا بوپكېتىشىنى ياكى ئۇنىڭ زىيانلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىنىشىنى بۈگۈنكى كۈندە «پەلەكنىڭ چاقى» نىڭ تەتۈر چۆرگىلىشىگە سەۋەب بولغان ئاساسلىق ئامىللار دېسەك خاتا بولماس.

يالقۇن ھابىل فوتوسى

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانت

(M1)

## چەت ئەللەردىكى مۇشتەرىلەر سەمىگە

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا چەت ئەللەردىن مۇشتەرى قوبۇل قىلىشنى جۇڭگو كىتاب ئىمپورت ـ ئېكسپورت(گۇرۇھى) باش شىركىتى ۋاكالىتەن بېجىرىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM. ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولماقچى بولغان چەت ئەللەردىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ جۇڭگو كىتاب ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتىنىڭ ئېكسپورت بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلىشىشنى سورايمىز.

شىركەت ئادرېسى: جۇڭگو بېيجىڭ چاۋياڭ رايونى ئىشچىلار تەنتەربىيە سارىيى شەرقىي يولى 16 ـ قورۇ

## 告海外读者


《新疆文化》杂志向海外发行事宜由中国图书进出口(集团)总公司代理．如海外读者要订阅本刊,与中国图书进出口(集团)总公司出口部联系．本刊海外发行代号:6498BM

代理者地址:中国北京朝阳区工体东路16号

CHINA NATIONAL PUBLICATIONS IMPORT& EXPORT CORPORATION

P. O. Box 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020 China

FAX: (010) 65063101




# بىزدە كەم بولۇۋاتقىنى يەنىلا تەبىئىي پەن روھى

ئەھمەتجان خوجا

«سايراپ بېرەر تومۇچۇق، لاچىن ئالار توشقاننى.»

ـ مەسئۇل مۇھەررىردىن قىستۇرما

ھەر يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئاخىرلىشىپ، نەتىجە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن دېيىلىدىغىنى ئوخشاشلا گەپ:

ـ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەبىئىي پەن نەتىجىسى تۆۋەن!

بۇ، ئىزچىللىق. بۇنداق ئىزچىللىق جۇڭگودا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپلا داۋاملىشىپ، ھازىرغىچە شۇ خىل ئىزچىللىقتا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەسلىدە بۇ ناھايىتى بۇرۇنلا دىققىتىمىزنى قوزغىشى، بۇ ھەقتە ئويلىنىشىمىز كې-

## زامان تەقەززا پىكىرلەر

رەك ئىدى. لېكىن دۆلەتنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ نومۇر سى-زىقىدا ئىزچىل تۈردە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى نەتىجىسىدە بىز بۇ خىل ئەۋزەللىكتىن پۇرسەت ئىزدىمەي، ئەكسىچە، پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ، ئۇزاق يىل يۆلىنىۋېلىش غەپلىتىدە كېتى-ۋەردۇق. نىھايەتكى، 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ئىلىم ساھەسى، مائارىپچىلار ۋە خەلقىمىزنىڭ ساپاسى، كەلگۈسى تەرەققىيا-تىغا كۆڭۈل بۆلگۈچىلەر ئارىسىدا يېنىك بىر سىلكىنىش ۋە چۆچۈش بولۇپ، مۇنداق بىر سوئال جاراڭلىدى:

ـ باللىرىمىزنىڭ تەبىئىي پەن نەتىجىسى نېمىشقا تۆۋەن؟

سوئال سالمىقى ئېغىر ۋە تەخىرسىزلىككە ئىگە ئىدى. گەرچە بۇ ھەقتە ئىزدەنگۈچىلەر كۆپ بولمىسىمۇ، ھەر كىم ھەر تەرەپتىن مۇلاھى-زە ـ باھالارنى ئوتتۇرىغا تاشلاشتى. بۇ جەرياندا ئىزدىنىش ئاددىي ۋە ماھىيەتلىك ئىككى نۇقتىدىن بولدى. ئاددىي نۇقتىدىن ئىزدەنگۈچىلەر سەۋەبنى نوقۇل مائارىپ ساھەسىدىن ئىزدەپ پىكرىي تېيىزلـىـقـتـا

لەيلەپ قالسا، ماھىيەتلىك ئىزدەنگۈچىلەر ئومۇمىي دائىرىلىك تەنقىد ۋە تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئەمما ئومۇمىي نۇقتىدىن قارىغاندا، مۇنداق ئورتاقلىق بار: بالىلىرىمىزنىڭ تەبىئىي پەن نەتىجىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدا مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى بار. بۇ مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولۇش ياكى ئۆزىنىڭ تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىق زامانىمىز مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلاردىكى ئومۇمىي روھىي تىراگېدىيە.

«شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى گۈلمىرە تاھىر «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەبىئىي پەن نەتىجىسى نېمىشقا تۆۋەن؟» ناملىق ماقالىسىدە مۇلاھىزە ۋە ئەمەلىي سېلىشتۇرمىلار ئارقىلىق بۇ خىل قاراشنى دەلىل بىلەن پاكىتلاپ ئوتتۇرىغا قويغاندا، ماقالىدىكى سېلىشتۇرما سان ـ سىپىرلارغا قاراپ ھەسرەتلىك ئېغىر تىنىشقا مەجبۇر بولغىنىم ھېلىمۇ بايقىدەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. دەرۋەقە، ئوقۇتقۇچىلار ۋە مەكتەپ مۇدىرلىرى بۇ مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئۇلارمۇ دەيدۇ:

ـ بىز شۇنچە كۆيۈنۈپ تەربىيىلىسەك، جاپا تارتساق يەنە بىز ئەيىبلىكمۇ؟

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جاپاسىنى ئويلىغاندا، راست ئەمەسمۇ، دېگۈمىز كېلىدۇ. لېكىن ئەستايىدىل قارىساق، مۇنداق ئەھۋاللار كىشىنى ئويغا سالىدۇ. ئادەتتە مەيلى خىزمەت خۇلاسىسى يېزىش ياكى دوكلاتلاردا بولسۇن، مەكتەپلەردە نەتىجە پەرۋەرلىك ئومۇملاشقان. ئوقۇتۇشتا نەتىجىسى ئالاھىدە بولغانلارغۇ مەيلى نەتىجە پەرۋەر بولسۇن، لېكىن خىزمەت ئۈنۈمى شۇ قەدەر تۆۋەنلەرمۇ بىر ئاماللاپ نەتىجىمىزنى كۆز ـ كۆز قىلىپ، سەۋەنلىكلىرىمىزنى ئامال بار ياپماقنى ئىزدەيمىز. ئەمما ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان نەتىجىسىگە قارايدىغان بولساق، كىشىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. يېزىلاردىكى مەكتەپلەرنىڭغۇ شارائىتى ناچار، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەيدۇ، كەسىپلەر بويىچە سەپلىنىشى تەلەپتىن يىراق، بالىلار ۋە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئوقۇتۇش ئىدىيىسى تۇراقلىق ئەمەس، ۋەھاكازا دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن ئۆزىمىزنى پەردازلايلى، شەھەرلەردىچۇ؟

• گۈلمىرە تاھىر ماقالىسىدە 2000 ـ يىللىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ تەبىئىي پەن تۈرى بويىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدىن قاتناشقان بالىلارنىڭ ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە نەتىجىسى خەنزۇ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 60 تىن يۇقىرى نومۇر ئېلىش نىسبىتى بويىچە سېلىشتۇرما قىلىنغان بولۇپ، نىسبەت ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا خەنزۇلارنىڭ 57.1%، 44.2%، 86.3%، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 4.9%. 26.9%، 0.8% بولغان. بۇ ھەقىقەتەن مائارىپىمىزغا نىسبەتەن ئىنتايىن تۆۋەن نىسبەت ۋە يۇقىرى پەرق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون، شۇنداقلا جايلار ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ماددىي سېلىنما بىلەن مەنىۋى قوللاش يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، مەكتەپلەرنىڭ شارائىتى بۇرۇنقىدىن زور دەرىجىدە ياخشىلانغان ئەھۋالدا مۇشۇنداق نىسبەت ۋە پەرق نېمىشقا ساقلىنىدۇ؟

بۇ بىزنىڭ ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشىمىزگە تېگىشلىك مەسىلە. ئەجەبا، بالىلىرىمىز شۇنداق دۆتمۇ؟ ياق، بالىلىرىمىز ھەرگىز دۆت ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن ئەقىللىق. باشقا ھەر قانداق مىللەت بالىلىرىغا ئوخشاشلا ئەقىللىق ۋە زېھنى ئۆتكۈر. ئۇنداقتا ئوقۇتقۇچىلىرىمىز بىلىمسىز ـ ئىقتىدارسىزمۇ؟ مېنىڭچە، نوقۇل ئۇنداق قاراش توغرا ئەمەس. چۈنكى سېلىشتۇرما قىلىنىۋاتقان ئۈرۈمچى شەھىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەيلى ئوقۇش تارىخى ياكى بىلىم قۇرۇلمىسى، ساپاسى جەھەتتىن بولسۇن، بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمىز باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشسە چۈشىدۇكى، تۆۋەن تۇرمايدۇ. ئۇنداقتا، ئاتا ـ ئانىلار ۋە جەمئىيەتنىڭ مائارىپقا، بالىلارنى ئوقۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ بۇ مەسىلە ھەقىقەتەن دىققىتىمىزنى تارتىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، ئۇنچە بەك نېگىزلىك پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئەمىسە نېمىشقا بالىلىرىمىزنىڭ تەبىئىي پەن نەتىجىسى شۇنداق تۆۋەن؟ بىز سېلىشتۇرما قىلىنىۋاتقان خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تارىخىي، پسىخىك ئەمەلىيىتىنى نەزەردە تۇتقىنىمىزدا چۆچۈپ كېتىشىمىزنىڭمۇ ئانچە ھاجىتى يوق. چۈنكى جۇڭگو جەمئىيىتىدە نەچچە مىڭ يىل داۋاملىشىپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن ئىمتىھان مائارىپىنىڭ تەسىرىدە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلاردا ئىمتىھاندا يۇقىرى نەتىجە قوغلىشىشتىن ئىبارەت جان تىكىش پسىخىكىسى ئۇدۇمچانلىققا ئىگە بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۇلارغا دۇنيادىكى ھەر قانداق مىللەت تەڭ كېلەلمەيدۇ. 2000 ـ يىلدىن بۇيانقى خەلقئارا ئولىمپىك ماتېماتىكا مۇسابىقىسىدە جۇڭگو ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردا بوپكېلىۋاتقانلىقى بىر رېئال پاكىت. ئەمما بىز بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىمىزنىڭ تەبىئىي پەندىكى كەمتۈكلۈك روھىي ھالىتىنى پەردازلىيالمايمىز. چۈنكى ئىمتىھان مەيدانىدىكى نومۇر ئارقىلىق سېلىشتۇرۇش مەسىلىنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. خەنزۇلارمۇ بارلىق شەرق مىللەتلىرىگە ئوخشاشلا تەبىئىي پەندە كەمتۈكلۈك ئەنئەنىسىگە ئىگە. لېكىن بىزدەك ئېغىر ئەمەس ھەم بۇ ئەنئەنىدىكى ئىزچىللىق ئاياغلاشتى، دېسەك بولىدۇ. ئەمما قەدىمىي ئۇدۇمنىڭ يەنىلا ئىزنالىرى يوق دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىز ئىمتىھانلىق سېلىشتۇرمىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۆزىمىزدىكى تەبىئىي پەن روھىنىڭ قانچىلىكلىكى ھەققىدىلا توختىلايلى. بىز مەسىلىنىڭ نېگىزىنى ئوبيېكتىپ، سۇبيېكتىپ جەھەتلەردىن، شۇنداقلا تارىخىي، رېئاللىي، ئىجتىمائىي ۋە روھىيەت جەھەتتىكى پەرقتىن ئىزدەپ كۆرسەك ئاندىن قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلەيمىز.

مەسىلىنىڭ باشلىنىشىنى «بىز كىم؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب ئىزدەشتىن باشلىساق، سەل مۇۋاپىق جاۋابقا ئېرىشەلەيمىز.

ئۇنداقتا، بىز كىم؟

بىز ئۆزىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇيغۇرمىز. ئەمما بىز جاۋابنى يىلتىزىمىز ۋە بۈگۈنكى دۇنيادىكى سالاھىيىتىمىز نۇقتىسىدىن ئىزدەپ كۆرسەك، بېشىمىز سەل چۈشۈپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ. بىز بۈگۈنكى دۇنيادىكى سالاھىيىتىمىز ھەققىدە گەپ قىلمايلا تۇرايلى، يىلتىزىمىز

ھەققىدە گەپ قىلساق ھەقىقەتەن پەخىرلىنىپ كېتىمىز. چۈنكى تەتقە-
قاتچىلىرىمىز ناھايىتى نۇرغۇن كۈچ ۋە زېھىن سەرپ قىلىپ، ئۇيغۇر-
لارنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەت ئىكەنلىكىنى تاغدەك پاكىتلار
ئارقىلىق ئىسپاتلاپ چىققان. بۇنىڭغا كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ. لېكىن
بىز تەكىتلەۋاتقان تېمىغا كۆچكىنىمىزدە لام ـ جىم بوپقالىمىز. دەرۋە-
قە، ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىن تارتىپ ئات ئۈستىدە يۈرۈپ جاھان
سورىغان، ئېسىل مەدەنىيەت ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇنىڭدا
ئەلۋەتتە ھەرخىل ھەزارەتلىك ئامىل بىلەن كۈلتۈرلۈق ئىزنانىمۇ
ئۈچرىتىشقا تامامەن بولىدۇ. قەدىمكى قەھرىمانلىق دەۋرلىرىدىلا
ئەجدادلىرىمىز ھەزارەتلىك ئېسىل مىراسلار قاتارىدا تۇمۇر تاۋلاش،
ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى ياساش، كېيىنكى زامانلارغا كەلگەندە ھەر-
خىل قورال ـ جابدۇقلار دېگەندەك تېخنىكىۋى نەرسىلەرنى ياسىدى.
ئۇنىڭدىن باشقا، قاراخانىلارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە ماتېماتىكا،
خىمىيە، تېبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە ساھەسىدە ئىزدىنىشلەر بولدى.
ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ تەبىئىي پەن ساھەسىدە ئەمەس، ھەزارەت دائى-
رىسىدىمۇ نەۋائىيدىن ئۆزگە پەقەت ۋارىسلىق قىلىش، ئەگىشىشلا
بولدى، دېيىشكە مەجبۇرمىز. خۇددى مۇتەپەككۇر ئالىمىمىز ئابدۇ-
شۈكۈر مۇھەممەتئىمىن قەيت قىلغاندەك: «يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىش
ۋە خارابلىشىش تارىخى بىزگە بىر قاتار قىممەتلىك ھەقىقەتنى ئېچىپ
بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىمى يىپەك يولى ئالاقىلىرى ئېچىۋېتىشنىڭ
بېكىنمىلىككە زىت ھالدا شىنجاڭ جەمئىيىتى تەقدىرىگە بىۋاستە ھەتتا
ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىر
قانچە تىل ـ يېزىق، بىر قانچە دىنىي مەدەنىيەت، بىر قانچە مەدەنى-
يەت تېپىنىڭ ئۆزئارا ئۈچرىشىپ سىنتېزلىنىشى، ئاجايىپ بۇددىزىم
تاشكېمىر سەنئىتى، چالغۇ ـ مۇزىكىلار مۆجىزىلىرى، يىپەك يولى تې-
ماتېكىلىرى ۋە دېتاللىرى بىلەن تويۇندۇرۇلغان كلاسسىك ئەدەبىيات
ۋە تەرجىمشۇناسلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئىلىم ـ پەن، شىپاگەرلىك،
بىناكارلىق، نەققاشلىق (ئويمىچىلىق) ئۇتۇقلىرى يىپەك يولى راۋان
ئېقىنى بىلەن مەھەللىۋى مۇنبەت تۇپراق ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن»
① . ئەنە شۇ «يىپەك يولى گۈللەنگەن دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن
كلاسسىك مەدەنىيەت دۇردانىلىرىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇ-
نىڭ ھەرقايسى پەن ۋە سەنئەت ساھەلىرى بويىچە ئەينى زامانىنىڭ
يۇكسەك نەزەرىيىۋى تەپەككۇرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى
بايقايمىز. ھەيكەلتىراشلىق، نەققاشلىق، تام رەسىملىرى، بىناكارلىق،
مۇزىكا، مۇقام ـ داستانچىلىق، قەسىدىچىلىك، تېبابەتچىلىك قاتارلىقلار
گېئومېترىيە، ماتېماتىكا، ئېستېتىكا، گېئودېزىيە، دىنامىكا، پەلسەپە،
دىداكتىكا، غايىۋى جەمئىيەت قاراشلىرى، ئالەم قاراشلىرى، بىئولوگىيە
قاتارلىق ساھەلەردىكى نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە ئاڭلىق مەشغۇلات
ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن» ② . ئەجەبا، شۇ قەدەر دۇنياۋى ئىلغار
مەدەنىيەت ياراتقان خەلق نېمە بولدى؟ كېيىنكى دەۋرلەردە دېڭىز
يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى نەتىجىسىدە بىز
ئالدى بىلەن مەدەنىيەتلەر ئۈچرىشىشىدىن ئىبارەت ئەۋزەللىكتىن
ئايرىلىپ قالغىنىمىز ئازدەك كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە تۈگىمەس
جەڭگى ـ جېدەل قاينىمىغا كىرىپ قالدۇق. بىزنىڭ ئايرىلىپ قالغىنى-
مىز بۇ خىل ئەۋزەللىكلا بوپقالماستىن، مۇھىمى «نەزەرىيىۋى تەپەك-
كۇر ئەنئەنىسىدىن بىر پۈتۈن ئەنئەنە سۈپىتىدە ئايرىلىپ قالغانلىقى-
مىز» ③دىندۇر. دەل مۇشۇ ئايرىلىپ قېلىشتىن كېيىنكى «جاھالەت-
لىك ئەسىرلەردە ئىلىم ـ ھېكمەتتىن ئايرىلىپ، ئىشانلىق ۋە مەزھەپ
يۈرتۋازلىقى لاتقىسىغا پاتتۇق. ‹ئاق تاغ›، ‹قاراتاغ›لىق بولۇۋېلىپ،
قان تۆكتۇق. ئويغاتقۇچى مەشرەپ، زەلىلىي، خەراباتىي، ئەزىزىي
(ئابدۇقادىر داموللام) ۋە خالىقلار (ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي)نى خارلا-
پ، سىرتتىن كەلگەن مەخدۇم ئەزەم، يۈسۈپ چاڭموزىلارنى ئەۋلىيا
قىلىۋېلىپ، ياسالما مازارلارنى تاۋاپ قىلىپ ياتتۇق. قولىمىزدىن كەل-
گىنى داپ دارىڭشىتىپ ئۇسسۇل ئويناش بىلەن مەدداھلىق ۋە ھاپىز-
لىق بولدى! ئاخىرى بىر تال قەنت، بىر تال سەرەڭگىنىمۇ چەتتىن
ئالىدىغان كۈنگە قالدۇق!» ④ «يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى خەلقىمىزغا
تارىخىي خاراكتېرلىك ھادىسە ئىدى. بىز بۇ تاشقى مۇھىت ئىچىدە
بارغانسېرى بېكىنمىچىلىك بىلەن شۇغۇللاندۇق. بىر پۈتۈن ئۇيغۇر
مىللىتىنى بىر قانچە ۋىلايەت ـ ناھىيىلەر بويىچە قاماپ تاشلاپ،
بىر ـ بىرىدىن ئۈركۈيدىغان، بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقىدىغان ‹يۇرت-
ۋازلىق پسىخولوگىيىسى› تەييارلىۋالدۇق» ⑤ .

بۇنىڭ نەتىجىسى نېمە بولدى؟ 17 ـ ، 18 ـ ئەسىرلەردە ياۋروپا-
لىقلار سانائەت ئىنقىلابىنى قوزغاپ، ئالەمگە يۈرۈش قىلىشنىڭ تە-
سەۋۋۇرىنى قىلىۋاتسا، بىز ئۆزئارا تۈگىمەس ئۇرۇش ـ يېغىلىق،
جەڭ ـ جېدەل پاتقىقىغا پېتىپ، بۇ قانلىق تارىخ بىزگە «خۇدا بىلەن
روسۇل، دۇتار بىلەن ئۇسسۇل»، ئۆتكۈر نەزەرىيىۋى تەپەككۇردىن
ئايرىلغان «دېمىمىزنىڭ يەتكىنى ناخشا، قولىمىزنىڭ يەتكىنى ئۇس-
سۇل» ⑥ دىن ئىبارەت تەبىئىي پەن روھى ئۆلۈشكە يۈز تۇتقان پا-
جىئەلىك قىسمەتنى ئاتا قىلدى؛ 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە دۇنيادا مائا-
رىپ، ئىلىم ـ پەن جەھەتتە ئاجايىپ يېڭىلىنىشلار بولغان بولسىمۇ،
«بىزدە بوياقچىدىن ئارتۇق خىمىك، تۆمۈرچىدىن ئارتۇق فىزىك
چىقمىدى » ⑦ (مەسئۇل مۇھەررىردىن قىستۇرما). تېخىمۇ ئېچىنىش-
لىقى، بىزدە ئىشق ـ مۇھەببەتكە ئائىت ھېسابسىز داستان ـ قوشاق
ئەل ئاغزىدا ۋە يازمىلاردا قەدىرلەپ ساقلاندى ـ يۇ، پەن ـ تېخنى-
كىلىق ئىختىرالار تۈزۈك خاتىرىگە ئېلىنىپ ساقلانمىدى. ئەل سۆيگەن
مۆھتەرەم يازغۇچىمىز نۇمۇھەممەت توختى «كىتاب» ⑧ ناملىق ما-
قالىسىدە تىلغا ئالغان 70 ـ 80 يىل ئاۋۋالقى زىنىنەتلەش بۇيۇمى بول-
غان چاقچۇق بىلەن يەرلىك سىرنىڭ ھازىر تېپىلماسلىقى بۇ نۇقتىنى
ئىسپاتلايدۇ. يازغۇچى ئېچىنىش بىلەن مۇنداق يازىدۇ: «ئەگەر ئاشۇ
خىل تېخنىكا كىتاب قىلىپ يېزىپ قويۇلغان بولسا ياكى شۇ خىل
تېخنىكا بويىچە بىرەر شاگىرت يېتىشتۈرۈلگەن بولسا، ئەلۋەتتە بۇ
خىل تېخنىكا ئۇنتۇلۇپ كەتمىگەن بولاتتى...» شۇڭا شائىر ئابدۇخا-
لىق ئۇيغۇرىي تارتقۇلىقمىزنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىلا
مۇنداق سۈرەتلەپ بەرگەنىدى:

بابالار شۆھرىتىنى، غەيرىتىنى ھېچ سېغىنمايمىز،
قېلىپ غەپلەت ـ جاھالەتتە يۇمۇپ كۆز، پو ئاتقانىمىز باردۇر.

ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۇچاركۆكتە، ئۇزەر سۇدا،
مىنىشكە قوتۇر ئېشەك يوق، ياياق قالغانىمىز باردۇر.
گۈركىرەپ كەلسە ئاپتوموبىل، نېمە بۇ ئەي خۇدايىم دەپ،
ئەقلىنى ئىشلىتەلمەي هاڭ ـ تاڭ قېتىپ قالغانىمىز باردۇر.
هۈنەر بىلەن سانائەتتە «يېتىشتۇق»، ئەمدى ئىش پۈتتى،
ئۇماچ ئىچمەككە خۇمداندا غېدىر قۇيغانىمىز باردۇر.
مۇنەججىم هەم ئىنژېنېر، ئالىملارنىڭ ئورنىغا،
تونۇ ـ سەللە، نەپسى بالا موللىمىز ـ سۇلتانىمىز باردۇر.

بۇ دەل ئابدۇشۈكۈر مۇهەممەتئىمىن قەيت قىلغاندەك، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن كېيىن بىزنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇرىمىزنىڭ پۈچەكلىشىشىدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەت.

مانا بۇ بىز ـ ئۇيغۇر.

تارىخىي ئىزچىللىق ـ ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانىدىكى قەدىمىي ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتىدە «يىپەك يولى» خارابلاشقاندىن تارتىپ سەنئەتكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەهمىيەت بېرىلىپ، تەبىئىي پەن روهى يىگىلەپ ماڭغان. كېسىپ ئېيتقاندا، بىزدىكى تويۇنغان سەنئەت روهى تەبىئىي پەن روهىنىڭ يېتىلىشىنى چەتكە قاققان. يەنە بىر جەهەتتىن، ئاز ـ ئازدىن سىغدىلىپ كىرگەن تەبىئىي پەن ئىختىراچىلىق ئىدىيەسىنى جەمئىيەتلەشكەن تەبىئىيلا ئويۇنخۇمار سەنئەت ئىدىيىسى سىقىپ چىقىرىۋەتكەن. ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بىزدە «ئىككىنچى زۆرۈرىيەت» (ئابدۇشۈكۈر مۇهەممەتئىمىن سۆزى) بولغان سەنئەت روهىلا ئۆلمىگەن هەم قەدەممۇ قەدەم مۇكەممەللىشىپ، ئىجتىمائىي مىجەز دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ھەقدالىرى، ئىجراچىلىرى، جارىچىلىرى هەم تەربىيىلەنگۈچىلىرى ئەنە شۇ سەنئەت تۇپرىقىدا ئاپىرىدە بولغان.

ئېنىقكى، ئەنە شۇ خىل سەنئەت مۇهىتىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، سەنئەت روهىغا تويۇنغان ئاقارتقۇچىلاردا سەنئەت جارىچىلىقى، ئاقارغۇچىلاردا سەنئەت ئىنتىلىشى جۇش ئۇرغان بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا باللىرىمىز كىچىكىدىن تارتىپ ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ئاجايىپ هېرىسمەن. مەكتەپلەردە ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغان، ساز چالالايدىغان باللار ناهايىتى تېزلا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ هۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. بۇ ئەهۋال باللاردا قانداق تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ؟ پەقەت سەنئەت ئارقىلىقلا شان ـ شەرەپكە ئېرىششىش قىزغىنلىقىنى قوزغايدۇ، خالاس. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، مۇزىكا سېزىمى كۈچلۈك باللار ئومۇمەن شوخ، پائالىيەتچان كېلىدۇ. شۇڭا ئاسانلا باشقىلارغا ئەقىللىق بالىكەن، دېگەن تەسىر بېرىپ قەدىرلىنىدۇ. تەبىئىي پەندە ئىقتىدارى بار باللار ئومۇمەن جىمغۇرراق، تۇرغۇن كېلىدۇ. بۇ هال مەيلى باشقا كىشىلەردە بولسۇن ياكى ئوقۇتقۇچىلاردا بولسۇن پائالىيەتچان ئەمەس، دېگەن تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ ـ دە، ئانچە كۆزگە ئىلىنىپ كەتمەيدۇ. يەنە كېلىپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل ماهارىتىنى هەر قانداق زامان، ماكاندا نامايان قىلغىلى بولىدۇ هەم ۋاقىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. كىشىلەر مەيلى قايغۇرغان ياكى خۇشال بولغاندا بولسۇن، كەيپىياتقا ماس مۇزىكا بولسىلا ياق دېمەستىن هۇزۇرلىنىپ ئاڭلاۋېرىدۇ ـ يۇ، تەبىئىي پەن بىلىملىرىنى ئىلىم سورۇنلىرىدىن باشقا يەردە هېچكىمنىڭ ئاڭلاپ ئولتۇرۇشقا رايى يوق. باللار تىلى چىقسىلا ناخشا ئېيتالايدۇ، ئايىغى چىقسىلا ئۇسسۇل ئوينىيالايدۇ، ئەمما تەبىئىي پەندىكى ئىقتىدارىنى قانداق نامايان قىلغىلى بولىدۇ؟ ئۇ هەرگىزمۇ قولىقىنى تۇتۇۋېلىپ ئېيتىۋەرگىلى بولىدىغان «خامان ناخشىسى» ئەمەس، بەلكى نەچچە يىل، ئون يىللاپ تىرىشىش ئارقىلىقلا نەتىجىسى كۆرۈلىدىغان چەكلىمىلىككە ئىگە. شۇنداق بولغاچقا، تولا ئادەم ـ ئوقۇتقۇچىلاردىن تارتىپ ئاتا ـ ئانىلارغىچە باللارنى «بارسا كەلمەس يول»دەك ئۇزاقتا نەتىجىسى كۆرۈلىدىغان تەبىئىي پەن ئارقىلىق يېتەكلەشنى ئويلاشماي، ئىككى ناخشا ئېيتىپ دەمال پۇل تاپىدىغان ۋە كۆرەك قىلغىلى بولىدىغان سەنئەتكە بەكرەك قىزىقتۇرىدۇ. چۈنكى «بىزدە ئاتىلارنىڭ پەرزەنت كۆرۈشى كەلگۈسى تارىخ بىناسىنىڭ بىر خىشىنى قويۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قېرىغاندا ئۆزىنى باقتۇرۇش ئۈچۈن. گەرچە بىز بارلىق مەقسەتنى ئۆزىنى باقتۇرۇش ئۈچۈن دېيەلمىسەكمۇ، ئۇ يەنىلا ئەڭ مۇهىم مەزمۇن. نان تېگىدىغان ھەقىقەت ‹ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا›» [9]. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خېلى كۆپى ئايىغى چىقمايدىغان تەبىئىي پەننى ئۆگىتىشنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ تەربىيە دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچە نەتىجىسىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ ياكى هەر خىل مەقسەت ئۈچۈن بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ «سەنئەتچى» باللارنى يېتەكلەشكە، ئۇلارغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەهمىيەت بېرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن تەبىئىي پەننىڭ نەتىجىلىرىنى سەۋر قىلىپ كۈرۈشكە هەم باللاردا تەبىئىي پەن قىزغىنلىقىنى قوزغاشقا ئەهمىيەت بېرىدىغانلار ئانچە كۆپ بولمىغاچقا، ئوقۇغۇچىلاردا تەبىئىي پەن روهىنى يېتىلدۈرۈش ئىزچىل تۈردە يېتەرلىك تۇتۇلمىدى. گويا سەنئەت ۋە ئىجتىمائىي پەن ئارقىلىقلا مۆجىزە يارىتالايدىغاندەك. بۇمۇ خېلى كۆپ ئوقۇتقۇچىدىكى تويۇنغان سەنئەت روهىنىڭ ئىپادىلىنىشى. مەكتەپلەردە تۆرلۈك مودېل ياساش، تېخنىكا ـ ئىختىرالىق تەجرىبە ـ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى تەبىئىي پەن تۇيغۇسىغا باشلاشقا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈنمىگەن بىلەن تۆت ئوقۇغۇچىغا ناخشا ئۆگىتىپ، نەچچە ئوقۇغۇچىغا شېئىر ـ نەسىر يازدۇرۇپ مەكتەپ هويلىسىنى چاڭ كەلتۈرۈشكە دائىم ئەهمىيەت بېرىلىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۇرۇژوكلىرى تەشكىللىنىپ، ناخشا ـ دېكلاماتسىيىلەر مۇجەزىدەك قارشى ئېلىنىسىمۇ، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە پەنلىرى بويىچە تەشكىللىنىپ، جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۇنى ـ بۇنى ياساش دېگەندەك تېخنىكىۋى مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش تازا دىققەتكە ئېرىشىپ كەتمەيدۇ. شۇ ئىشلارغا قىزىقىدىغان باللارنىڭ ئىپتىدائىي بولسىمۇ تېخنىكىۋى ئادەتىي كەشپىياتلىرى ئاساسەن، دېگۈدەك ئېتىبارسىز قالىدۇ ـ دە، مەكتەپ ئامبارلىرىغا دۆۋىلىنىپ، نەچچە يىللاپ توپا بېسىپ ياتقاندىن كېيىن ئاخىر ئەخلەت قاتارىدا تاشلىۋېتىلىدۇ. مانا بۇ بىزدىكى تەبىئىي پەنگە قىلچە ئېتىبارسىز مۇئامىلە قىلىشىمىزنىڭ ئالامىتى. ئەمەلىيەتتە باللىرىمىزدا تېخنىكىۋى مەشغۇلات قىزغىنلىقى كىچىكىدىن تارتىپ يېتىلگەن بولىدۇ. شەهەرلەردە قانداقكىن، يېزا باللىرى كىچىكىدىن

تارتىپ خىلمۇخىل ئويۇنچۇق ياساشقا ئىنتايىن ھېرىسمەن بولۇپ، ئاپتاپپەرەس دېگەندەك غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شېخىدىن تاپانچا، مىلتىق دېگەندەك نەرسىلەرنى ياساپ هارماي «ھەربىي ـ دۈشمەن» ئويۇننى ئوينايدۇ. ياغاچ، سىم ۋە باشقا نەرسىلەردىن گۈگۈگۈرت سېلىپ ئاتىدىغان تاپانچا، رەگەتكە، يىپ غالتىكى، قاتتىق سوپۇندىن ئىپتىدائىي ئاپتوماتىك هارۋا، بىر تال ئىنچىكە يىپنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ ئىپتىدائىي ئاڭلىغۇچ قاتارلىق نۇرغۇن ئويۇنچۇقنى ياساپ ئوينىشىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىي پەن تەسەۋۋۇرنى ئويغىتىدىغان ئىستىخىيىلىك پائالىيىتى ئىدى. ئەپسۇسكى، باللار ئۆزلىرى ياسىغان، سەبىي قىزغىنلىق ۋە گۆدەك تېخنىكىنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ نەرسىلەر ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارغا تېخىمۇ ئىلھام بېرىپ، تەسەۋۋۇرنى تېخىمۇ كېڭەيتىشى كېرەك ئىدى. لېكىن بەزى مەكتەپلەردە بۇ نەرسىلەر كەپسىز باللارنىڭ ياساپ ئوينايدىغان نەرسىسى دېيىلىپ، ئىلھاملاندۇرۇشنىڭ ئەكسىچە يىغىۋېلىنىدۇ؛ ئەسلىدە بۇلار ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە رىغبەت بېرىشنىڭ ئورنىغا تەنبىھ بېرىلىدۇ. بۇنداق «كېرەكسىز» نەرسىلەرنى ياسىماسلىققا، ئوينىماسلىققا مەجبۇرلىنىدۇ. بۇنداق قىلمىشلار باللارنىڭ بىخ سۈرۈشكە باشلىغان تېخنىكا ـ ماھارەت ھەۋىسىنى بۆشۈكىدىلا بوغۇپ تۇنجۇقتۇرۇۋېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەكسىچە، ناخشا توۋلاپ، ئۇسسۇل ئوينىغان باللارچۇ؟ قالتىس ئالقىشلىنىدۇ. يەنىمۇ ئويناشقا، توۋلاشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ... شۇنداق ئىكەن، باللىرىمىزدا قانداقمۇ تەبىئىي پەنگە قىزىقىش بولسۇن؟ ئەمما بۇنىڭ ئەكسىچە مەكتەپلەردە دائىم توۋلىنىدىغان شوئار: «بىر مىنۇت، بىر سېكۇنتنىمۇ قولدىن بەرمەي تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىلىم ـ پەننىڭ يۇقىرى پەللىسگە چىقايلى!»

ئىلىم ـ پەننىڭ يۇقىرى پەللىسى دېگەن نېمە؟ ئىلىم ـ پەننىڭ ھېچقاچان يۇقىرى پەللىسى بولغان ئەمەس ھەم مەڭگۈ بولمايدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپلا قالسا، ئۇ ئىلىم ـ پەن ئەمەس، باشقا بىر كونكرېت ماددىي نەرسە بوپقالىدۇ. چۈنكى ئىلىم چەكسىزدۇر. مەڭگۈ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ناۋادا، بىز باللارغا مۇشۇ گەپنى ئۆگەتكەنىكەنمىز، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئىلىم ـ پەننىڭ يۇقىرى پەللىسگە چىققىلى بولىدىكەن، دېگەن خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىپ، ئىلىم ـ پەننىڭ چەكسىزلىكى ۋە مەڭگۈلۈك يېڭىلىنىش خاراكتېرىنى بىلىشكە ئىمكانىيەت قويمايمىز. ئەسلىي گېپىمىزگە كەلسەك، باللارنىڭ تېخنىكا ھەۋىسىنى بوغۇپ ناخشا توۋلاپ، قۇرۇق شوئار بىلەن ئاشۇ يۇقىرى پەللىگە چىقماقچى بولۇۋەرسەكمۇ، ھازىرغىچە ئەڭ تۆۋەن «پەللە»گىمۇ چىقالماي، خەق ئاسماندا سەير قىلىپ يۈرسە، «توۋا، ئەجەب يامان خەقكىنا ئاۋۇلار» دېيىشىپ ياقىمىزنى چىشلەپ قېلىۋەردۇق. بىز ئىلىم ـ پەننىڭ «يۇقىرى پەللە»سىگە شوئار، ناخشا توۋلاپ چىقماقچى بولغىنىمىز ئۈچۈن ئاسمانغا ئاشۇ ئاددىي تېخنىكىلارنىڭ ئاستا ـ ئاستا بىخلىنىشى ئارقىلىق چىققىلى بولىدىغانلىقىنى قىلچە ھېس قىلالمىدۇقتە، باللىرىمىزنىڭ گۆدەك قەلبىدە پىللىدە يانغان تەبىئىي پەن ئۇچقۇنىنى ئۆچۈرۈپ، تېخى ياخشى ئىش قىلىۋاتىمەن، باللارنى كەپسىزلىك، ئويۇنخۇمارلىقتىن توسۇۋاتىمەن، دەپ ئىختىرا ـ كەشپىيات ھەۋىسىنى بۆشۈكىدىلا رەھىمسىزلەرچە نابۇت قىلىۋەرگىنىمىز، باللاردا تەبىئىي پەننى كېرەك قىلماسلىق ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈرمەمدۇ؟ شۇنداق ئىكەن، باللىرىمىزنىڭ تەبىئىي پەن نەتىجىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى بىز ھەرگىزمۇ ئەجەبلىنەرلىك دەپ قارىماستىن، بىر خىل تارىخىي ئىزچىللىق ۋە ئۆزىمىز كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇقەررەرلىك، دەپ تونۇغىنىمىز تۈزۈك.

بالا تەربىيىلەش ماھىيەتتىن ئېيتقاندا بىر خىل ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت. ئەمما بىزدە باللار تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئۆزئارا ئىتتىرىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئائىلىدە باللار مەكتەپ يېشىغا توشقىچە دادىلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئانىلارغا تاشلاپ قويغاننى ئاز دېگەندەك، «ياخشى بولسا ئۆزىگە، يامان بولسا كىشىگە» قىلىپ، بالىنىڭ ياخشى خۇيى، قىلىق، ھەرىكەتلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ ماختانسا، يامان خۇيى ـ ھەرىكىتىنى ئانىسىغا ئارتىپ ھە دېسىلا ئانىلارنى ئەيىبلەيدۇ. بىر قەدەر ئومۇملۇققا ئىگە تەرىپى، باللار چوڭ بولغانسېرى دادىلار بالا ئالدىدا ھە دېسە ئانىلارنى ئەيىبلەش، دۇمبالاش دېگەندەك زوراۋانلىقلار بىلەن باللار قەلبىدە ئانىلارنىڭ ئىككى پۇللۇقىنى قويمايدىغان قەبىھلىكلەرمۇ بار. بالا مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە بولسا، ئاتا ـ ئانىلار: «مەكتەپكە بەردىم ئەنە...» دەپلا، مەكتەپتىن بىكار بولسا ئىشقا سېلىشتىن باشقا ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. مەكتەپتە ئوخشاشلا بىر قىزىق ئىش: ناۋادا باللار ئويۇن ياكى ئۇنى ـ بۇنى ياساپ ئويناش بىلەن مەشغۇل بولسا نېمە قىلىۋاتىدۇ، نېمە ياساۋاتىدۇ، سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈپ بېقىپ بىر نېمە دېمەستىنلا: «ھەي، مۇنداق نېمىلەرنى ئوينىغىچە كىتابىڭنى ئوقۇساڭ بولمامدۇ؟» دېيىشىدۇ. ئائىلىدىمۇ ئوخشاشلا رادىئو ـ ئۈنئالغۇدىن چىققان ناخشىغا ئەگىشىپ غىڭشىيالىسا، ئۇسسۇل ئوينىيالىسا قالتىس ئەقىللىق بالا بولدى، قاراڭلار، ناخشىچى بوپكەتكىنىنى... دېيىشىپ، پالانچىنىڭ بالىسىنىڭ ناخشا ئېيتالمايدىغانلىقىدىن كۈلۈشىدۇ. پالانچى بولسا نېمە ئىش قىلالايدۇ دېمەستىن، راست ئەمەسمۇ، مېنىڭ بالام نېمىشقا جىم، دەپ ئۇنى دۈشكەللەپ ئۇسسۇلغا زورلايدۇ... ئائىلە، جەمئىيەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە كىشىلەر ھە دېسىلا كىمنىڭ بالىسىنىڭ ناخشىچى ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە كۆپرەك مۇلاھىزە قىلىشىدۇ.

مائارىپ باشقۇرۇش ۋە ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا نوقۇل ئىجتىمائىي پەنگە ئېتىبار بېرىپ، تەبىئىي پەنگە سەل قاراش ھەتتا كەمسۇندۇرۇش تەلىم ـ تەربىيىنى سەنئەت ۋە تەشۋىقات قورالىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان.

بىز مائارىپىمىزنىڭ قايسى دەۋرىگە نەزەر سالساق، نوقۇل ئىجتىمائىي پەننىڭ ئاساسلىق خاراكتېرىنى بايقىيالايمىز. لېكىن شۇنىسى قىزىقكى، مائارىپتا ئىجتىمائىيلىقنى قانچىلىك تەرغىب قىلايلى، ئىجتىمائىي پەن ئوقۇتۇشنى قانچىلىك چىڭ تۇتايلى ياكى سەنئەتنى قانچىلىك تەكىتلەيلى، ھېچقايسىسى مۇكەممەللەشمىگەندىن سىرت ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەبىئىي پەنگە قىزىقىشى ۋە ھەۋەسلىرىنى سىقىپ چىقىرىۋەردۇق. مەمۇرىي جەھەتتىن ئوقۇغۇچىلاردا قانداق ئىقتىدار

يېتىلدۈرۈش يۆنىلىشى ۋە نىشانى بەلگىلەنمەستىن، قارا - قويۇق ئورتاق رامكا بەلگىلەپ ھەممە بىر تاياقتا ھەيدەلدى. بۇ خىل تۈزۈلمە تەبىئىيكى، مەكتەپ باشقۇرۇش ۋە ئوقۇتۇش جەريانىدا ساۋات چىقىرىش خاراكتېرلىك تەلىم - تەربىيە ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كىرگەندىن تارتىپ ساۋات چىقىرىشقىلا ئەھمىيەت بېرىلدى ۋە مەجبۇرلاندى. ھازىرمۇ مەكتەپلىرىمىزدە ئەمدىلا مەكتەپكە كىرگەن بالىلارنىڭ دۇچ كېلىدىغىنى ۋە مەجبۇرلىنىدىغىنى ساۋات چىقىرىش. 1 - يىللىقتىن 2 - يىللىققا ئۆرلەشنىڭ بىردىنبىر شەرتىمۇ ساۋات چىقىرىش. 1 - يىللىقتىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرمەي تۇرۇپ 50 كىچە ياكى 100 گىچە سانىيالايدىغان، كىچىكلا تۇرۇپ ئۇنى - بۇنى ياسىيالايدىغان بالا ئېتىبارسىز. ئا، ئە... دېگەندەك نەچچە ھەرپ بىلگەن بالا دەرھال تالاشتا قالىدۇ، قەدىرلىنىدۇ، باشقىلار ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىق قىلىنىدۇ. بىر يىل ئىچىدە سۇدەك خەت ئوقۇيالىسا ئىنتايىن ئەقىللىق (بىرگە بىرنى قوشالىسۇن، قوشالمىسۇن)، ھېسابتىن خېلى بىگىسى بولسىمۇ، خەتنى ھەجىلەپ ئوقۇغان بالا لاياقەتسىز. مانا بۇ بىزنىڭ مائارىپتا بالىلارغا سىڭدۈرگىنىمىز. مائارىپ ئىدارىلىرى ھەر يىلى داۋاملىق باشلانغۇچ 2 - يىللىقتا ساۋاتسىز بالا بولماسلىقنى قاتتىق تەكىتلەيدۇ. بۇ ئۆتكەلنى چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن دائىم مەكتەپلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، مەخسۇس تۇردە تەكشۈرىدۇ. ناۋادا 2 - يىللىقتا ساۋاتسىز بالا چىقىپ قالسا، مەكتەپ مۇدىرى، بولۇپمۇ سىنىپ مۇدىرىغا كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئاھانەتنىڭ ئۈستىگە پاتمانلاپ جەرىمانە قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يۈرىكى سۇ بوپكەتكەن ئوقۇتقۇچىلار مۇتلەق كۆپ ۋاقىتنى ساۋات چىقىرىشقا قارىتىپ، ھېسابقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ھەتتا كۈنلەپ، ھەپتىلەپ، ئايلاپ «ئېلىپبە» دەرسى ئۆتۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىمۇ خۇن قىلىۋېتىدۇ ھەم ھېساب تاشلىنىپ قالىدۇ. بۇ بىزنىڭ گۆدەك، ساپ، سۇدەك پاكىز قەلبكە ئىگە بالىلىرىمىزدا قانداق روھ يېتىلدۈرىدۇ؟ بىزدە «قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ» دېگەن ماقال بار. باشلانغۇچ 1 - يىللىق بالىلىرىمىزغا ئوغۇز سۈتى بېرىدىغان ئاقارتىش پەشتىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىزچىللاشقان. شۇنداق ئىكەن، بالىلىرىمىز سەنئەتچى، خەتتات بولماي ھېسابچى بوپكېتەمدۇ؟ ئوغلۇم باشلانغۇچ 1 - يىللىقتا تۇنجى مەۋسۇمدىكى 12 - ئايدىلا ئاساسەن راۋان خەت ئوقۇيالىغۇدەك بوپكېتىۋىدى، قاتتىق ئەندىشە قىلدىم. چۈنكى ئۇنىڭ ھېساب بىلەن زادىلا خۇشى يوق. قاچانلا قارىسام قولىدا «ئېلىپبە». كۈندىلىك تاپشۇرۇقىمۇ نەچچە بەت توشقۇدەك خەت يېزىش. «ھېسابتىن تاپشۇرۇق بەرمەمدۇ، بالام؟» دېسەم، «ياق» دەيدۇ... شۇنداق قىلىپ، مانا ھازىرغىچە ماتېماتىكىنى كۆرسە بېشى ئاغرىيدۇ، خەت ئوقۇش بىلەنلا. شۇنداق قارىسام، بۇ بالىمۇ ئاخىر خەتتات بولۇپ چىقىدىغاندەك قىلىدۇ.

مەكتەپلەردە ئاتام زاماندىكى پائالىيەتلەر - كۇرۇژوك پائالىيىتى، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيىتى، پىئونېرلار پائالىيىتى... دائىم ئېلىپ بېرىلىدۇ... زېھىن سىناشلار بولۇپ تۇرىدۇ. كۇرۇژوك پائالىيىتىنىڭ بارى دېگۈدەك ناخشا، نەسىر، شېئىر ئوقۇش؛ مەدەنىي پائالىيەت دېگىنى تېخىمۇ شۇنداق. پىئونېرلار پائالىيىتىچۇ؟ يەنىلا شۇ. زېھىن سىناش پائالىيەتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىجتىمائىي پەندىن. تەبىئىي پەندىن زېھىن سىناش ئۆتكۈزۈلگەندىمۇ يەنىلا ئىجتىمائىيلىشىپ كېتىدۇ. پائالىيەتتىن ئاۋۋال ھېساب، تەگلىمە دېگەنلەر يادلىتىلىدۇ. سوئال سورىلىپ ئوقۇغۇچى سۇدەك يادلاپ بېرەلىسە نومۇرى 100. ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا ماتېماتىكا كىتابىنى باشتىن - ئاخىر ۋاراقلىتىپ يادلىتىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق تەبىئىي پەنگە قىزىقىشنىڭ كىچىككىنە ئىمكانىيىتىمۇ ئىجتىمائىيلاشتۇرۇلۇپ، بالىلار تەبىئىي پەندىمۇ «قارىي»لاشتۇرۇۋېتىلگەن يەردە، ئۇلاردا قانداقمۇ تەبىئىي پەن روھى ئويغانسۇن؟! ئۇلارنىڭ تەبىئىي پەن نەتىجىسى ئاخىرقى ھېسابتا نېمىشقا تۆۋەن بولمىسۇن؟!

ئەمدى نېگىزلىك مەسىلە، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم ئىمتىھانىغا قانداق تەييارلىق قىلدۇرۇلىدۇ؟ ئەدەبىيات ۋە سىياسەتتىن كۆپرەك نومۇر ئالغىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت «ھەقىقەت» ۋە «ئالىي مەكتەپ يول خېتى» كۈچەپ تەشۋىق قىلىندى. ئىمتىھاندىن بۇرۇنقى تەكرارلاشمۇ شۇلارغا ئالاھىدە ۋاقىت ئاجرىتىلىپ ئىمتىھاندا كۆچۈرۈشكە، چورنىۋاي ⑩ دەپتەرلەرنى تەييارلاشقا يول كۆرسىتىلدى، يادلىتىلدى، ھەتتا تەبىئىي پەندىن ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغىمۇ ئوخشاش بولدى. تەبىئىي پەندىن نومۇر ئېلىشنىڭ قىيىنلىقى ئوقۇغۇچىلار قەلبىگە سىڭدۈرۈلدى. ئىجتىمائىي پەندىن ئىمتىھان بېرىش، ئالىي مەكتەپ ئىجتىمائىي پەن كەسىپلىرىدە ئوقۇش كۈچەپ تەكىتلەندى. تەبىئىي پەن كەسىپلىرىدە ئوقۇشنىڭ قىيىنلىقى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا قورقاق سېلىندى. شۇڭا ئالىي مەكتەپلەردە ئىجتىمائىي پەن كەسىپلىرىدە ئوقۇۋاتقان بالىلار كۆپ، تەبىئىي پەندە ئوقۇۋاتقانلار ئەزەلدىن ئاز ھەم شۇنداق بولغاچقا مەكتەپلەردە تەبىئىي پەن ئوقۇتقۇچىلىرى ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل. تېخى نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا %70، %80 ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرستا ئوقۇغان ياكى مەخسۇس كەسىپلەشكەن تەبىئىي پەن ئوقۇتقۇچىلىرى خېلىلا كەمچىل ئىدى. بۇ دەل بالىلاردىكى ئىجتىمائىي پەن قىزغىنلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇ خىل ئىزچىللىق بالىلىرىمىزدا كىچىكىدىن تارتىپ ھېسابقا قىزىقمايدىغان ھەم يوقنىڭ ئورنىدا كۆرىدىغان، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ ھىدى كەلگەندە تەبىئىي پەندىن قورقىدىغان، ئىمتىھان بېرىشتىن قاچىدىغان پىسخىك ئاجىزلىقنى يېتىلدۈردى. شۇڭا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ماتېماتىكا نومۇر چېكى بېكىتىلىۋىدى، ئومۇمىي نومۇردا قوبۇل قىلىش چېكىگە يەتكەن نۇرغۇن بالا موللاق ئېتىپ كەتتى. شۇڭا بالىلار يەنە تەبىئىي پەندىن قېچىشقا باشلىدى. يېقىندا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان سىڭلىم تېلېفون قىپتۇ:

- ئاكا...

ئۇ شۇنداق دەپلا يىغلاپ كەتتى.

نېمە بولغىنىنى سورىسام، ئۇ بەك تەستە يىغدىن پەس بولۇپ، مەكتەپتىن ئۆزىنى تەبىئىي پەندىن ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاپ قويـغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي پەنگە ئىمتىھان بېرىش ئويى بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ناۋادا ئىجتىمائىي پەندىن ئىمتىھان بەرمىسە، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ مەكتىپـىنىڭ ئىلمىي مۇدىرىغا تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرسەم، ئەسلىي باللارنى ئىختىيارىي تىزىملىتىشقا قويۇۋەتسە، 80 % تىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئىجتىمائىي پەنگە تىزىملىتىپ، تەبىئىي پەنگە تىزىملاتقانلار يوقنىڭ ئورنىدا بولغاچقا، مەكتەپ رەھبەرلىرى مۇزاكىرىلىشىپ مەجبۇرىي هالـدا 35% ئوقۇغۇچىنى ئاساسىي ئالاھىدىلىكى، نەتىجىسىگە قاراپ تەبىئىي پەنگە تىزىملاپتۇ. مەنمۇ سۈكۈت قىلدىم. مەكتەپلەردىكى بۇ خىل مەجبۇرلاش تېپىدىكى ئويغىنىشنى قوللاشقا بولىدۇ، لېكىن ئىشنى «جان كېكىردەككە يەتكەندە» تۈزەيمەن، دېيىشمۇ كۆپ ئۈنۈم بېرەلمەيدۇ.

ئالىي مەكتەپلەردە ئىجتىمائىي پەن ئوقۇغۇچىلىرى ئويناپ ـ كۈلۈپ يايرىسا، تەبىئىي پەن، بولۇپمۇ فىزىكا فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرى دەرسكە يېتىشىپ بولالماي ھەدەپ جان تالىشىپ ئۆگىنىۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە تۆت ـ بەش پارچە شېئىر يېزىپ ئېلان قىلدۇرۇۋالغانلار تەبىئىي پەندىكىلەرنى كۆزگە ئىلماي چوڭ سۆزلەپ يۈرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەبىئىي پەن ئوقۇغۇچىلىرى ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى نامايان قىلاي دېسە، تۈزۈك ئىمكانىيەت ۋە شارائىت بولمىغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھېچنېمە قىلالمايدىغانلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ بوينىنى قىسىپ يۈرۈشكە مەجبۇر. بۇ نېمىدېگەن تەڭسىزلىك! شۇڭىمىكىن تەبىئىي پەن ئوقۇغانلارنىڭمۇ خېلى بىر قىسمى ئەدەبىياتقا قىزىقىپ قالدۇ. ئالىي مەكتەپلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەر يىلى تەبىئىي پەن كەسىپلىرىدىن ئىجتىمائىي پەن كەسىپلىرىگە ئالمىشىدىغانلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەكسىچە، ئىجتىمائىي پەندىن تەبىئىي پەن كەسىپلەرىگە ئالمىشىدىغانلار يوق. بۇ بىزدە نېمىنى يېتىلدۈرىدۇ؟ ئىجتىمائىي پەن ئەلا روھى، ئىجتىمائىي پەن مەركەزلىك روھنى يېتىلدۈرىدۇ، يېتىلەي دەۋاتقان تەبىئىي پەن ھەۋەسلىرىنىڭ ئۇچقۇنلىرىنىمۇ ئۇزۇلدۇرمەي ئۆچۈرۈپ تۇرىدۇ.

شۇڭا دېيەلەيمىزكى، تويۇنغان سەنئەت روھى كامالىتى پۇتكۈل روھىيىتىمىزگە سىڭىپ كەتتى. بىزدە كەم بولۇۋاتقىنى يەنىلا تەبىئىي پەن روھى. خېلى زامانلارغىچە كەم بولىدىغىنىمۇ شۇ. بىز شۇ تويۇنۇش ئىچىدە ياشاۋېرىمىزمۇ ياكى...

بۈگۈنكى دۇنيانىڭ تەرەققىياتى ھەممىگە ئايان. شۇڭا گەپنى قىسقارتساق، ھازىرقى ئۇچۇر دەۋرىنىڭ ئالاقە تەرەققىياتىدا «يىپەك يولى قايتا جانلىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. بۇ ھال بىزگە يىپەك يولى ھەققىدە ئەقلىي، تارىخىي قاراشنى تىكلەپ، مىللىتىمىز يۈزلىنىۋاتقان يېڭى گۈللىنىش ئىستىقبالىنى ئالدىن كۆرۈپ، رىقابەتكە تولغان، تۈرلۈك مەدەنىيەت ۋە تەپەككۇر تىپلىرى ئۆزئارا سۈركىلىشىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە مۇنەۋۋەر ئەنئەنە ۋە ھاياتىي ئىقتىدارىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى قىياپەت بىلەن دۇنياغا يۈزلىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ» ⑪.

ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى «يىپەك يولىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەگگۈشتۈرىنى قايتا تېپىۋېلىش» ناملىق ماقالـسىدە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن دەيدۇ:

«تەرەققىيپەرۋەر ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ زىيالىيلىرى ھازىرقى رىقابەتتە، ئىقتىدار قىممىتى سېلىشتۇرمىسىغا تولغان يېڭى تارىخىي مۇھىتتا چوقۇم مۇسۇلسىز مىللىي ئويغىنىش ۋە مىللىي گۈللىنىش جاسارىتى بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، مەرىپەتلىك، زامانىۋى، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان ئىلغار مىللەتلەردىن بولۇپ چىققۇسى»⑫ .

دەرۋەقە، پېقىرمۇ شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەمما شۇنداق بولۇشى ئۈچۈن بىزدە تەبىئىي پەن روھى ئويغىنىشى كېرەك.

بىزدە تەبىئىي پەن روھنى تەشۋىقات بىلەن ياكى باشقا مەجبۇرلاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى مائارىپتىكى تەلىم ـ تەربىيە پائالىيىتى ئارقىلىق ئويغاتقىلى، بىخلاندۇرغىلى ۋە كۆكلەتكىلى بولىدۇ. ئەمدىكى گەپ، «بىلىم ئىگىلىكى» دەۋرى ۋە «ساپا مائارىپى»نىڭ تەقەززاسى بويىچە مۇرەسسەسىز ئىسلاھ قىلمىسا بولمايدىغان ھازىرقى مىللىي مائارىپىمىز رەھىمسىز رېئاللىق ئالدىدا ئوڭۇشلۇق ئىسلاھ قىلىنىپ، يېڭى ئەۋلاد باللىرىمىزدا تەبىئىي پەن روھنى ئويـغىتالامدۇ ـ يوق!

بۇنىڭغا ھازىرچە بىر نېمە دېمەك تەس!

2005 ـ يىل 4 ـ دېكابىر، شەھىرى قەشقەر

### ئىزاھلار

①، ②، ③، ④، ⑤ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەگگۈشتۈرىنى قايتا تېپىۋېلىش»، «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىل نەشرى.

⑥ ، ⑦ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 5، ـ 6 (قوشما سان؛ «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى.

⑧ نۇرمۇھەممەت توختى: «كىتاب»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 4 ـ سان.

⑨ ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي: «كۆز ئىچىدىكى كۆز، سۆز ئىچىدىكى سۆز»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002 ـ يىل 4 ـ سان؛ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىل نەشرى.

⑩ كىچىك دەپتەرچاق بولۇپ، پەنلەردىكى مۇھىم مەزمۇنلار يېزىلىدىغان يانچۇق دەپتىرى.

⑪ ، ⑫ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەگگۈشتۈرىنى قايتا تېپىۋېلىش»، «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىل نەشرى.

---

ئاپتور: مائارىپچى، شائىر، قەشقەر ۋىلايەت ئەرزىيەت ئىدارىسىنىڭ خادىمى (M1)



# تەبىئىي پەن روھى ۋە بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىز

داۋۇت ئوبۇلقاسىم

گەپنى ئالدى بىلەن ئالىي مەكتەپتە يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ئىشتىن باشلىغىنىمىز تۈزۈكتەك قىلىدۇ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى مەلۇم بىر ئوقۇغۇچى ئۆزىچە دوسكىغا ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكىسىدىكى بىر فورمۇلانى يازغان. ئەينى ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلار تەكرار قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ فورمۇلانى كۆرۈپلا ئۇلارنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ: «ئۆچۈر ئۇ نېمەڭنى، ئاران قۇتۇلغاندا كۆزىمىزمۇ كۆرمىسۇن»دەپ ۋارقىراپ، مەزكۇر ئوقۇغۇچىغا فورمۇلانى ئۆچۈرگۈزۈۋەتكەن. ئاشۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى بۇ گەپنى ماڭا سۆزلەپ بېرىۋېتىپ: «ماتېماتىكىنى كۆرسەك، ھۆ قىلغۇمىز كېلىدىغان بوپقاپتۇ»دەپ قوشۇپ قويدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئەدەبىياتچىلىرىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ بىر قەدەر ئومۇملاشقان خاراكتېر بوپقالدى.

بىز بۈگۈنكى دەۋرنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىغا قۇلاق سالايلى. «قەدىمكى گرېكلارنىڭ رىۋايىتىدىكى مەشھۇر ئايال ئەقىل ئىلاھى ئاتېنا ئورمانلىقتىكى ئالياندىغا شۇنداق دەيدۇ: ‹ئوقيارىڭنى قولۇڭغا ئال، قارىمۇ قارشى يۆنىلىشكە ئات. ئۇلار ئۇچۇپ، ئۆزئارا ئۇچراشقان كۈنى دۇنيا ئاجايىپ بىر ماكانغا ئايلىنىدۇ.› بەلكىم پەن ۋە سەنئەت ئىنسانىيەت ئاتقان ئاشۇنداق بىر ئوقيا بولۇشى مۇمكىن. مەدەنىيەت گۈللىنىشى ھەرىكىتى ۋە يېقىنقى زامان تەجرىبىۋىلىك پەنلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈشى بىلەن ئۇلار پۈتۈنلەي ئوخشىمىغان يۆنىلىشتە، كەڭ ماكان ۋە زامانلاردىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، بۈگۈنگە كەلگەندە بىر نۇقتىدا ئۆز ئارا ئۇچرىشىپ قالدى. ئاشۇ ئورۇندا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى بىر قىياپىتى ئوتتۇرىغا چىقتى» («20 ـ ئەسىر ئىلىم ـ پەن روھى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت» (خەنزۇچە)دېگەن كىتابنىڭ 1 ـ بېتىگە قاراڭ).

مانا بۇ كۆرۈنۈشكىلا ئادەمنى ئويلاندۇرۇدىغان بىر ئەھۋال. نېمىشقا ئەدەبىيات ماتېماتىكا بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتىۋاتقان مۇشۇنداق شارائىتتا بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئۇنداق، دۇنيانىڭ نەزەرى مۇنداق بولىدۇ؟ ئوبدانراق ئويلاپ باقساق، بىز ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۈزۈلدۈرمەي شېئىر يېزىپ كەلگەن، ھەتتا «شېئىر مىللىتى»دەپ پەخىرلىنىپ يۈرگەن تۇرۇقلۇقمۇ مۇشۇ ساھەدە بولسىمۇ خەقلەر بىلەن تەڭ سەۋىيىلىك بولالمايمىز؟ نېمىشقا بىزدىن «100 يىل غېرىبلىق»، «قۇياش تېشى»غا ئوخشاش نادىر ئەسەرلەر چىقمايدۇ. بىزنىڭ كۆڭلىمىز خەق ئىجاد قىلىپ بەرسە، ئۇ يەردە ئۇنداق ئېقىم پەيدا بوپتۇ، بۇ يەردە مۇنداق ئېقىم پەيدا بوپتۇ، ئۇنى مۇنداق قىلساق بولغۇدەك، بۇنى ئۇنداق قىلساق بولغۇدەك، دەپ قوبۇل قىلىشلا بولارمۇ؟ نېمىشقا ئۇلار ھەممە ساھەدىلا ئىجادچان، بىز ھەممە ساھەدىلا ئارقىدا بولىمىز؟!

بۇنىڭدىن 150 يىل ئىلگىرى غەرب دۇنياسىدىكى ئۇلۇغ پەيلاسوپ گېگېل شۇنداق دېگەنىدى: «سەنئەت ھالاكەتكە يۈزلىنىۋاتىدۇ. چۈنكى سانائەت دەۋرىنىڭ روھى ئۇنى چوقۇم ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدۇ» (يۇقىرىدىكى كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىگە قاراڭ). مانا، غەرب دۇنياسى ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە ئۇنداق قارىغان بىلەن، تەبىئىي پەنگە ئىزچىل ھۆرمەت قىلىپ كەلدى. گېگېل دەۋرىدىن باشلاپ ئەقلىيلىك ئىزدىگەن بۇ روھ 20 ـ ئەسىردە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ قۇدرەتلىك كۈچىنى نامايىش قىلدى. ئۇ پەقەت ھىتلېرنىڭ قولىدا كارامەت ۋەيران قىلىش خاراكتېرىنى ئىپادىلىدى. شۇنىڭ بىلەن غەربلىكلەر 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى قاباھەتلىك پاجىئەلەردىن ئاچچىق ساۋاق ئېلىپ «ياق،

ئەقلىي دەۋر يېمىرىلسۇن»دەپ توۋلاشقا باشلىدى ۋە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك يېپيېڭى بىر قىياپەت ئوتتۇرىغا چىقتى. بىراق بىزچۇ؟ مەيلى ھازىر ياكى ئۆتمۈشتە بولسۇن ئەقلىيلىك ئىزدىگەن روھتىن زېرىكىشقۇ ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ ئاز ـ تولا چۇقانلىرىنىمۇ ئاڭلاپ باققىنىمىز يوق. ئەكسىچە، ئەزەلدىن تەبىئىي پەن روھىغا ئېتىبارسىز قارىلىۋاتقانلىقىنى، چەتكە قېقىلىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا نەزەرمۇ چۈشمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كېلىۋاتىمىز. بۇنىڭدا زادى ماھىيەتلىك سەۋەب بارمۇ ـ يوق؟ بۇنىڭغا بېرىلگەن جاۋاب مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئاز ـ تولا تۈرتكە بولالامدۇ، قانداق؟

1

ئېنىقكى، ھەر قانداق شەيئى پەقەت ئادەم ئارقىلىقلا رول ئوينايدۇ. يەنى ئۇ ئالدى بىلەن ئىنسان سۇبيېكتىغا تەسىر قىلىپ، سۇبيېكتنىڭ فۇنكسىيىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەمما، ئادەملەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى تارىخىي شارائىتى، ئىجتىمائىي مۇھىتى ۋە ئۇنىڭدىكى پەرقلەر ئىنسان سۇبيېكتىنى ھاسىل قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا مۇجەسسەملىشىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر فۇنكسىينىڭ قانداق بولۇشى كۆپىنچە سۇبيېكتنىڭ قۇرۇلمىسىغا باغلىق بولىدۇ. مانا بۇ، ئوخشاش بولمىغان ئادەملەرنىڭ ئوخشاش شارائىتتا بىر خىل ھادىسىگە ئوخشىمىغان پوزىتسىيىدە بولۇشىنىڭ تۈپكى سەۋەبى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى دېڭىز ئۇرۇشلىرىدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ دېڭىز ئارمىيە گېنېراللىرى مەغلۇب بولغاندا تەسلىم بولۇشنى نورمال ئىش دەپ قارىغان بولسا، ياپونىيە گېنېراللىرى مەغلۇب بولغاندا تەسلىم بولۇشنى شەرمەندىلىك بىلىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش يولىنى تاللىۋالغان. مانا بۇ، ئوخشاش بىر ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ ئوخشاش بولمىغان سۇبيېكتىپ تۈزۈلۈشتىكى ئىنكاسى. دېمەك، سۇبيېكتىپ تۈزۈلۈشنىڭ ئىنسان پائالىيىتىدىكى رولى ئەنە شۇنداق چوڭقۇر بولىدۇ. ئۇ، شەخسنىڭ ئادەتتىكى پائالىيەتلىرىدىن تارتىپ ئالىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغىچە ھەممىسىدە كۆپىنچە لەۋھۇلمەھپۇزغا ئوخشاپ كېتىدىغانراق رول ئوينايدۇ. شۇڭا، ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندا، سۇبيېكتىپ تۈزۈلۈشتىكى مۇكەممەللىكنى قوغلىشىش ئۇنىڭغا سۈپەت جەھەتتىكى ئۆلگىرىلەشنى ئەكېلىدۇ. ئۇنداقتا سۇبيېكتىپ تۈزۈلۈش قانداق شەكىللىنىدۇ؟

ئادەم تۇغۇلۇشى بىلەنلا مەلۇم بىر مەدەنىيەتنىڭ ئىچىگە چۈشىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپلا مەزكۇر مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەيدۇ. ئاندىن بۇنى مەركەز قىلغان ئاساستا ئۆز كەچۈرمىشى، يولۇققان مەسىلىلىرى، بىلگەن، ئاڭلىغان، ئويلىغانلىرى... قاتارلىقلار بىلەن سۇبيېكتىنى ئىستىخىيىسىز ۋە ئىستىخىيىلىك ھالدا شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا ئوخشاش بىر ئىجتىمائىي توپقا مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ تۈزۈلۈشىدە ناھايىتى زور ئوخشاشلىقلار بولىدۇ. ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي توپلار ئارىسىدا زور پەرقلەر ياتىدۇ. ئىجتىمائىي توپنىڭ ئورتاقلىقى ئۇنىڭ ئەنئەنىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. يەنى مەزكۇر توپ ئۈچۈن ئورتاق بولغان تارىخىي كەچۈرمىش، ئۆرپ ـ ئادەت، تىل ـ يېزىق، دىن، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، ئىدېئولوگىيە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئەخلاق ۋە قىممەت ئۆلچەملىرىدىكى ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىۋاتقان ئەنئەنە مەزكۇر توپنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىغا چۆكۈپ قۇرۇلما ھاسىل قىلىدۇ ھەمدە ئۆلگىرىكى ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى بېكىپ كەتكەن ئامىللار شۇ پېتى كېيىنكىلەرگە مىراس بوپقالىدۇ. بۇ، ئادەتتە ئىستىخىيىسىز ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا، مەيلى سۇبيېكتنىڭ سىرتىدىكى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قېلىۋاتقان ئەنئەنە بولسۇن ياكى سۇبيېكتتىكى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قېلىۋاتقان نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسى بىر مىللەتنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسىنى باغلاۋاتقان ھالقا بولۇپ، ئۇ، مىللەتنىڭ مۇقىملىقىنى، ئۆزلۈكىنى نامايان قىلىدۇ. مىللەت گەۋدىسىدىكى ھاياتىي كۈچنى ۋە ئاجىزلىقنى ئىپادىلەيدۇ.

دېمەك، گەپنى يەنە باشتىكى سوئالغا يۆتكىسەك،خەق بىلەن ئۆزىمىز ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرقلەرنىڭ بولۇشىدىكى تۈپكى سەۋەب مانا مۇشۇ مىللەت سۇبيېكتىدە. چۈنكى ھەر قانداق ئادەم، مەيلى ئۇ قانچىلىك ئۇلۇغ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يەنىلا ئۆزى ياشاۋاتقان مىللەتنىڭ سۇبيېكتىپ قۇرۇلمىسىنىڭ چەمبىرىدىن نېرىغا چىقىپ كېتەلمەيدۇ. مەزكۇر توپتىكى مەدەنىيەتنىڭ، پىسخىك خاھىشنىڭ چەكلىمىسىدىن ئاسانلىقچە قۇتۇلالمايدۇ. پەقەت كۆپىنچە ئۇنىڭدىكى ئەۋزەللىكتىن ئەڭ ياخشى پايدىلىنالىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتتىكى، ئوخشاش بولمىغان دەۋردىكى ئالىملارنىڭ، شائىرلارنىڭ قابىلىيىتى مۇتلەق كۆپ ھالدا پەرقسىز، ئەمما ئۇلارنىڭ سۇبيېكتىپ گەۋدىسىنىڭ تاكامۇللىشىشى پەرقلىق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدىكى پەرقمۇ دەل مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ. مىسالەنگە ئېيتايلى، نيۇتون ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيىنىڭ ئارىستوتېلنىڭكىگە قارىغاندا مۇكەممەل بولۇشىدىكى سەۋەب، نيۇتوننىڭ ئارىستوتېلدىن قابىلىيەتلىك بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئىككىسىنىڭ سۇبيېكتىپ قۇرۇلمىسى ئىككى دەۋرگە ماس بولغانلىقىدىندۇر.

يېقىنقى يىللاردا ئەدەبىيات ساھەيىمىزدە يېزىش ئىقتىدارىمىز ۋە ئۇسلۇبىمىزدىن گۇمانلىنىش خاھىشى كېلىپ چىقتى. بىز باشقىلاردەك يازالمايدىكەنمىز، دېگەن تۇيغۇ پەيدا بولدى. بۇ، ياشلاردا گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. گەرچە بۇ خاھىش بىزدە قايتا ئويلىنىش ۋەزىيىتىنى يارىتىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا بىر خىل يۈزەكىلىك، دۇنياۋى سەۋىيىگە بولغان تەلپۈنۈشنىڭ ماھىيەتنى كۆرمەي ئىپادىلىنىشىدۇر. مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئۇلار ياراتقان ئەدەبىيات تۈپ نېگىزىدىن ئالغاندا مىللىي خاسلىقتىن ئايرىلغان شۆھرەتپەرەس ـ دورامچى ئەدەبىيات بوپقالىدۇ، خالاس.

شۇڭا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن قىلىدىغىنىمىز قانداقتۇر بىر تالانت ئىگىسىنىڭ تاسادىپىي ئوتتۇرىغا چىقىپ دۇنياۋى سەۋىيىدە ئەسەر يېزىشىنى كۈتۈش، ياكى يېزىش قابىلىيىتىمىزنى ئۆستۈرەيلى، دەپ توۋلاپ قويۇش بولماستىن، بەلكى مۇھىمى سەۋەبنى پۈتكۈل مىللەتنىڭ سۇبيېكتىپ قۇرۇلمىسىدىن ئىزدەش؛ كونكرېتراق ئېيتساق، ھازىرقى ھالىتىمىزنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىققا ئىلمىي نىشان ۋە پائالىيەت مەيدانى ھازىرلاپ بېرىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم.

2

گەپنى ئەمدى يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىن باشلايلى. مەلۇمكى، تارىخىمىزدىكى زور كۆپچىلىك ئەسەر شېئىرىي ئەسەرلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار كۆپىنچە ئەل ئاغزىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەرنى، خېلى كەڭ قىزىقىش، ھېسداشلىقنى قوزغىغان ۋەقەلىك، ئادەملەرنى، شۇنداقلا گۈل، ياران، بۇلبۇل، ياخشىلىق ـ يامانلىق دېگەندەك

ئادەم ھېسسىياتىغا بىۋاستە تەسىر قىلغۇچى مەۋجۇدلۇقنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلغان. ئەسەرلەرنىڭ پۈتكۈل سيۇژېت تەرەققىياتى كۆپىنچە ئەقلىيلىك بىلەن ئەمەس، خىيالىيلىق، ئىلاھىي سۆيەت بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ئەسەرلەردىكى تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بىلەن رېئاللىقنىڭ پەرقى ناھايىتى زور. رېئاللىق، ئادەت، تەبىئەت ۋە سەنئەتنىڭ ئۆزى ھەققىدە سىستېمىلىق، ئىلمىيرەك ئويلىنىش كەم. كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەتتىكى ئادەملەرنى پېرسوناژ قىلىشتىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ تەس. مەيلى قايسى دەۋرنىڭ ئالىملىرى، مۇتەپەككۇرلىرى بولسۇن، كۆپىنچە تەھلىل قىلىش، قايىل قىلىش خاھىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى تەسىرلەندۈرۈش، ھاياجانلاندۇرۇش، قىزىقتۇرۇش ھەتتا دوزاخ، خۇدانىڭ غەزىپى، ئىلاھىي ئاقىۋەت دېگەندەك نەرسىلەر ئارقىلىق ۋەھىمىلەش يولى بىلەن قەلەم تەۋرەتكەن. يەنى ئۆز پىكرىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كاللىسىغا تەسىر قىلدۇرۇپ ئويلاندۇرۇش، قايىل قىلىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ھېسسىياتقا تەسىر قىلدۇرۇپ ھاياجانلاندۇرۇش، تەسىرلەندۈرۈش، قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق يەتكۈزمەكچى بولغان. ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىمۇ مىڭ يىلدىن بۇيان ماختاش ـ ئەيىبلەش، شىكايەت، نەپرەت، مەدھىيە، كۈيلەش، پەند ـ نەسىھەتتىن چەتنەپ كەتمىگەن. كىشىلەرنى خىيالىي ھايات گۈزەللىكىگە، مەلۇم بىر ئەخلاقىي مىزاننى نىشان قىلىپ، شۇنىڭغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە چاقىرىشتىن ئىبارەت بولغان.

ئەمما، ياۋروپانىڭ خاھىشى بۇنىڭ ئەكسىچە، يەنى ئۇلارنىڭ تارىخىدىكى زور كۆپچىلىك ئەسەر نەسرىي، ھەتتا نەزەرىيىۋى ئەسەرلەر بولۇپ، يازغۇچىلار يالغۇز ئۆز دەۋرىنىڭ ئەدەبىيات پېشۋالىرىلا بولۇپقالماستىن، بەلكى يەنە مەشھۇر مۇتەپەككۇرلىرى، سىياسىيونلىرىدۇر. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۆزى كۆرگەن، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋەقەلىكلەرنى، ئۆز دەۋرى تەقەززا بولۇۋاتقان ئادەم ۋە ئىدىيىلەرنى ئاساسىي ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلغان. سيۇژېت تەرەققىياتى كۆپىنچە راستچىللىق، سەمىمىيلىك بىلەن راۋاجلانغان. ئەلۋەتتە، ئەسەرنىمۇ بىزنىڭكىدەك تەسىرلەندۈرۈش، ھاياجانلاندۇرۇش، ۋەھىمىلەش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى قايىل قىلىش، تەھلىل قىلىش بىلەن ماھىيەتنى تونۇتۇش خاھىشىدا يازغان. ئومۇمەن، غەرب كلاسسىكلىرى بىلەن بىزنىڭ كلاسسىكلىرىمىزنى سېلىشتۇرغاندا، كۆز ئالدىمىزدا بىرى يىراقلارنى كۆرسىتىپ تۇرغان، يەنە بىرى قولىغا گۈرجەكنى ئېلىپ يەر كولاشقا تەمشىلىۋاتقان ئىككى سۈرەت كەلمەي قالمايدۇ. روشەنكى، ئالدىدىكى بىزنىڭ كلاسسىكلىرىمىز، كەينىدىكى غەرب كلاسسىكلىرى. ئۇلار نېمىشقا مۇشۇنداق پەرقلىق تۈس ئالىدۇ؟

ئادەمنىڭ غوللۇق مەنىۋى پائالىيىتى ھېسسىي پائالىيىتى ۋە ئەقلىي پائالىيىتى دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. مانا مۇشۇ ئىككى خىل پائالىيەتنىڭ دىئالېكتىك بىرىكمىسى مۇكەممەللىكنىڭ بەلگىسىدۇر. لېكىن ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ۋۇجۇدىمىزدا ھېسسىي تەرەپ كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، ئەقلىي تەرەپ بېسىلىپ قالدى. تەپەككۇر بىلەن ھېسسىيات چىقىشالماس ئىككى قۇتۇپ بولغاچقا، ئەلۋەتتە بۇ بىزنى تەپەككۇرغا قېرىنقلاشتۇردى. تەپەككۇرنى ھېسسىياتنىڭ قۇلى بولغاندىلا ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ساقلىيالايدىغان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. تەپەككۇر بىزنىڭ قولىمىزدا ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە يۈرگۈزۈلمەيدىغان ھالغا كەپقالدى. شۇڭا 11 ـ ئەسىردىن كېيىن تەبىئىيكى بىزدە ئەقلىي مۇكەممەللىكنى، ئەقلىي گۈزەللىكنى ئىزدەيدىغان پەنلەر، ئەسەرلەر ئاساسەن ئوتتۇرىغا چىقمىدى. ئەمما ياخشىلىق، ۋاپا، ساداقەت، دوستلۇق، مۇھەببەت، ئاسايىشلىق دېگەندەك ھېسسىيات بىلەن باغلانغان گۈزەللىك توختىماي تىلغا ئېلىنىپ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن مىللەت سۈبيېكتى بارا ـ بارا ھېسسىياتنى ئاساسىي تۈۋرۈك قىلىشقا باشلىدى (ئەلۋەتتە بۇنىڭدا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىنىڭ تەسىرىمۇ بار). خەلقىمىز ۋە خەلقىمىزدىن چىققان ئالىملىرىمىز، مۇتەپەككۇرلىرىمىز، يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىزنىڭ پىكىر قىلىش ئەندىزىسى، قىممەت ئۆلچەملىرى، ئېستېتىك زەۋقىدە ھېسسىيات ئىستىخىيىسىز ھالدا ئالاھىدە ھەل قىلغۇچ مىزان بولۇپ ئىپادىلەندى.

ئەقلىيلىكنىڭ ئالاھىدىلىكى روشەنلىك، ھېسسىيلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇجمەللىك بولغاچقا، ئۆز تارىخىمىزغا ئەقىل كۆزى بىلەن ئوبدانراق قاراپ باقساق كۆز ئالدىمىزدا ئاجايىپ قالايمىقان، چۈشىنىكسىز، پاجىئەلىك بىر ئۆتمۈش نامايان بولىدۇ. ئۇ سەھىپىلەردە بىز قاراپ تۇرۇپ ئىلاھىيلاشتۇرۇۋېلىنغان ئادەم ۋە ھادىسىلەرنى، بولۇپمۇ يېقىنقى ئۈچ ئەسىردە ئىچكى ئىناقسىزلىق، تەپرىقىچىلىق، يۇرتۋازلىق، مەزھەپچىلىك ئۇرۇشلىرى ئۈچۈن ئاققان دەريا ـ دەريا قانلارنى، ئاشۇ قانلارنىڭ سەۋەبچىسى، جاھالەتنىڭ مەنبەسى بولمىش سوپى ـ ئىشانلار ئۆزلىرىنى «سەئىد»، «ئەۋلىيا»، «پىر»، «ئاللا خوجام» دەپ ئاتاپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەقدىرىي قىسمەتلىرىنى قوللىرىدا تۇتۇپ كېلىشكەنلىكلىرىنى، ئاۋامنىڭ ئۇلار قانداق قىلىپ «سەئىد»، «ئەۋلىيا» بولۇپقالىدۇ؟ دەپ تۈزۈك ئويلىماي، «ئەۋلىيا»لىقىنى كۆرمەيلا ئۇلارغا ئىشەنگىنىنى، ئەگەشكىنىنى، ھەتتا قول بېرىپ مۇرىت بولغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ھەقتە، 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىلى تەۋەسىدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئازادلىق كۆرەشلىرىگە زور بالايىئاپەت ئەكەلگەن بۇخارالىق خوجا مەھمۇد (پوچى مەھمۇد)نىڭ رەزىل قىلمىشىنى ئەسلەپ ئۆتۈش كۇپايە:

ئىلى سۇلتانلىقىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار ۋە بىلال نازىمىنىڭ «غازات دەرمۇلكى چىن» ناملىق تارىخىي داستانىدىن بىلىشىمىزچە، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يۈز بەرگەن ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى ـ سادىر پالۋان نامى بىلەن باغلانغان خەلق ھەرىكىتى ۋە مىلادى 1863 ـ يىلى كۈزدە ئىلىدا سەكسەن ئىككى يۈز بويىچە خەلق بىرلىكى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىلى سۇلتانلىقى (خەلق كېڭەش قىلىپ سايلىغان مۇئەززەمخان سۇلتان، ئابدۇرۇسۇل بەگ ئەمىر بولغان سۇلتانلىق) قۇرۇلۇپ ئارىلىقتىن ئاز كەم ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن خائىن خوجامەھمۇد ھازىرقى غۇلجا شەھىرىگە «خۇدايى پەقىر»لىك قىلىپ پەيدا بولغان. كېيىنرەك ئاھالىلەر ئارىسىدا ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەۋلادى ـ «غەۋسۇل ئەززەم» پۇشتىمەن دەپ ئېلان قىلغان. بۇنى ئاڭلىغان بىر قىسىم خوجىپەرەسلەر، ئۆزلىرىچە پەقەت «نەق ئىسلامىي ئىش»نىڭلا كويىدا بولماقچى بولغان بىر قىسىم نادان كىشىلەر ئۇنىڭغا مۇرىت بولۇشقان، ئەگەشكەن، ئۇنى ئۆزلىرىگە «پىر» قىلىپ، پايىقەدەملىرىگە يانداشىپ، دېگىنىنى قىلىدىغان، دېگىنىنى بېرىدىغان، سىزىقىدىن چىقماي... دۇئاسىنى ئېلىپ «ساۋاب» تاپىدىغان «ئۇلۇغ ئىبادەت»كە تۇتۇش قىلىپ كېتىشكەن... مۇئەززەمخان ھاكىمىيىتى كۆرەنى جۇملىدىن ئىلى تەۋەسىدىكى باشقا جايلارنى ئېلىش ئۈچۈن جىددىي چارە ـ تەدبىرلەرنى كۆرۈپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە خوجا مەھمۇد ئىلى سۇلتانلىقىنى تارتىۋېلىش ھېلىسىگە كىرىشىپ كەتكەن. «... جەڭ قىلماي تۇرۇپ بىر ئەپسۇن بىلەنلا دۈشمەنلەرنىڭ كۆزىنى

باغلايمەن. بىر سۇق بىلەنلا دۈشمەنلەرنى بېشىنى ئېلىۋەتسەمۇ تۇيمايدىغان قىلىۋېتىمەن...» دەپ ئۆزىنى كارامەت كۆرسىتىشكە «ئاتاپ» قويغان. سادىدا دىل ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ بۇ «كارامەت»لىرىگە ئىشەنگەن. خوجا مەھمۇدمۇ خەلق ئىچىدىن ئۆزىگە ئىشەنچلىك «خۇدايى ياران»لارنى يېتەرلىك تاپقان. ئىلى مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا خېلى بۇرۇن باش كۆتۈرگەن مەشھۇر «خوجا ئەھمەدخان ئەۋلىيا» بىلەنمۇ ئۇچرىشىپ، ئىلى مۇسۇلمانلىرىنىڭ «نىجاد»لىقى ئۇستىدە باش قاتۇرۇشقان. گەرچە مۇئەززەم سۇلتان بۇ خوجىلارنىڭ ئالدامچىلىقى، سۆيىقەستچىلىكى ئۇستىدە كىشىلەرنى ھوشيار بولۇشقا چاقىرغان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر: «بۇ ئالەم ئىشلىرى بىلەن پىرىمىزنىڭ كارى يوقتۇر...» دېيىشىپ، «ئېتىقاد» بىخودلۇقى بىلەن خىرامان بولۇپ ئۆتۈۋېرىشكەن. ئاقىۋەت خوجا مەھمۇد بىر مەزگىل تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ ئۆزىنىڭ بىر قىسىم «ياران»، «مۇرىت»، «ئىخلاسمەن»لىرىنى باشلاپ سۇلتانلىقنىڭ زىنداندىكى دۈشمەنلىرىنى قارامىلىق بىلەن قويۇپ بېرىشكىچە يەتكەن. ئىنقىلاب سېپى پارچىلانغان. ئاخىر خوجا مەھمۇد ئۆز شېرىكلىرى بىلەن بىرلىكتە تۇيۇقسىزلا مەخپىي ھالدا مۇئەززەمخان سۇلتانىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان ھەم «سۇلتان مانجۇلار تەرەپكە يان باستى، سىلەرنى ساتماقچى...» دېگەن تۆھمەتنى توقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى شەھەرگە ئەۋەتىپ بەرگەن. سۇلتانلىقنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن سۇلتانلىقنىڭ ئىلكىدىكى بەگ ـ مىرشاپلارنى «پۇقرانامەدىن» بۇيرۇق چىقىرىپ، ئۆلتۈرۈۋەتكەن. سۇلتاننىڭ ئوردىسىنى ئۆز ئادەملىرىگە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدۇرغان. سۇلتاننىڭ ئوغلى، 22 ياشلىق خىزىر زاتىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان. سۇلتاننىڭ مەشھۇر ئادىمى ـ ئەئلا پالۋاننى ھەمراھلىرى بىلەن قوشۇپ زىندانغا سالغان. خوجىنىڭ ئادەملىرى يۇز ـ يۇزلەرگە تارقىلىپ، ھەرقايسى يۇزلەرنىڭ ئىلگىرىكى يۇرت كاتتىلىرىنى، سۇلتانغا خىزمەت قىلغان كىشىلەرنى قىرغىن قىلدۇرغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆملۈكنى بۇزغان. يۇرتتا باشباشتاقلىق كۆتۈرۈلگەن. جاي ـ جايلاردا ئۆلتۈرۈش، كۆيدۈرۈش، تالان ـ تاراج ئەۋج ئالدۇرۇلغان. ياخشىلار خار، يامانلار خالىغىنىنى قىلىدىغان ۋەزىيەت يارىتىلغان. شۇنداق قىلىپ خەلق ھاكىمىيىتى، يەنى مۇئەززەمخان سۇلتانلىقى خوجا مەھمۇد تەرىپىدىن ئاغدۇرۇۋېتىلگەن. خوجا مەھمۇد سۇلتانلىقنى ئىگىلەپ، بىر ھەپتە «ئىلى سۇلتانلىقى» تەختىگە ئولتۇرغان ۋە ئەينى زاماندىكى قارشى تەرەپ لاگېرىغا قاچقان يېرىدىن تۇتۇلۇپ جازالانغان.

بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر سۇلتانلىقنى گەپ بىلەن ئاغدۇرۇۋەتكەن تارىخ. ئۇيلاپ باقايلى، خوجا مەھمۇد نېمىشقا شۇنداق ئاسانلا كىشىلەر قەلبىدە بىر سۇلتانلىقنى ئاغدۇرۇۋېتەلىگۈدەك ھېسسىيات پەيدا قىلالايدۇ؟ ئۇ: «... جەڭ قىلمايلا بىر ئەپسۇن بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ كۆزىنى باغلايمەن، بىر سۇق بىلەنلا دۈشمەنلەرنى بېشىنى ئېلىۋەتسەمۇ تۇيمايدىغان قىلىۋېتىمەن» دەپ پو ئېتىۋاتقىنىدا ئەل ـ ئاۋام: ئەمىسە نېمىشقا پەيغەمبەرنىڭ غازاتلىرىدا شۇنچىۋالا كىشى شېھىت بوپكېتىدۇ؟ راستلا شۇنداق ھۈنىرىڭ بولسا، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ باق! دېمەي، ئويلىماي ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ؟ ئۇنىڭ بىر ـ ئىككى ئېغىز گېپى بىلەن ئۆزلىرى ھىمايە قىلىپ سايلىغان سۇلتاننى ھاپىلا ـ شاپىلا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ؟ كىتابىي كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتىن كەلتۈرۈلگەن نەقىللەر بىلەن بېزەلگەن قارا نىيەتنى نېمىشقا شۇنچە ھېس قىلالمايدۇ؟

ئادەم دېگەن ئاجايىپ مۇرەككەپ مەخلۇق. چۈنكى ئۇنىڭ ھېسسىي دۇنياسىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ، ھەر خىل ـ ھەر ياڭزا خىياللارنى تاپقىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ بىر تەبىئىيلىك. بىراق، دەل مانا مۇشۇ تەبىئىيلىك سۇبيېكتىمىزدىكى ئەقلىيلىك ئىزدىگەن روھنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن ماغدۇرلىنىپ، بىر بۆلەك ئۇيغۇر تارىخىنىڭ قانلىق سەھىپىلەر بىلەن تولۇشىغا سەۋەبچى بولدى. تۈرلۈك ـ تۈمەن يەڭگىل ھېسسىيات ھېچقانداق توسالغۇسىزلا تارىخ سەھنىسىدە ئەقلىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىشى بىلەن نى ـ نى خانلىقلار ۋەيران بولدى. ئەسلىدىن باتۇرلۇق، ھەرىكەتچانلىق بىلەن سۇغۇرۇلغان ۋۇجۇدقا مىتە چۈشتى. پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتى قول قوشتۇرۇپ، دۈگدىيىپ كېتىپ بارغان مۆمىنلەر، پولۇنىڭ يېغىدا بۇرۇتىنى مايلاپ، خوتۇننىڭ ئەۋرىشىم مېڭىشلىرىغا قاراپ ھەجىيىپ قالغان بەگلەر، غەزەپ بىلەن بولقا ئۇرۇۋاتقان ناتۇمدلەر، تۆكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ توختىماي ۋەز ئېيتىۋاتقان سوپى ـ ئىشانلار، سەللىنىڭ يوغىنىنى يۈگەپ، غېمى سورۇننىڭ تۆرىدە قالغان موللالارنىڭ مەستخۇش ئارىلاشمىسىغا ئايلاندى.

بىزگە مەلۇمكى، ئەقلىيلىك ئىزدىگەن روھ دېگىنىمىز ـ كىشىلەرنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى، ياشاش تەرزى، ئېستېتىك زەۋقى، تاشقى مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، دۇنيا قارىشىدا ئەقلىيلىككە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشنى، ئومۇمەن ھەر قانداق پائالىيەت، ھەر قانداق ئىشنىڭ ئەقىل مۇددىئاسىنى ۋە ئەقلىي ۋەجىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق روھ كىشىلەرگە ناھايىتى مول ھېسسىي ماتېرىياللار ئارىسىدىن جەۋھەرنى ئىزدەيدىغان، تاشقى كۆرۈنۈشكە قارىغاندا ئىچكى ماھىيەتكە ئېتىبار بېرىدىغان، كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ۋە بىردەملىك ئىپادىسى، مۇئامىلىسىگە ئەمەس، بەلكى ئۆز تەپەككۇرى ئارقىلىق كۆرگەن ماھىيەتكە قارايدىغان، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىدىكى لوگىكىلىق ئىزچىللىققا تايىنىپ، بىۋاستە ئېرىشكىلى بولمايدىغان بىلىمگە ئېرىشىشنى قوغلىشىدىغان سۇبيېكتىپ تۈزۈلۈشنى ئاتا قىلىپ، شەخسنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى، ئىجادچانلىقىنى، ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشتا ئاجايىپ رول ئوينايدۇ. شۇڭلاشقا، جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدىكى بۈيۈك گىگانت، ئېنسىكلوپېدىك مۇتەپەككۇر، مەشھۇر نەزەرىيە ئالىمى م. ۋېبېر (1920 ـ 1864) ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ئىلغار بولۇشىدىكى تۈپكى سەۋەبنى تەھلىل قىلىپ: «يېقىنقى زامان ياۋروپا مەدەنىيىتىدە بارلىققا كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەقلىيلىك ئىزدىگەن روھنىڭ مەھسۇلى» دېگەنىدى.

دېمەك ئۆزىمىز ھەققىدە كونكرېتراق ئېيتساق، تارىختىن بۇيان خەقلەر ئۆز كاللىسىدا پەيدا بولغان سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەپ، ئۆزىنى قايىل قىلىشنى ئۆلچەم قىلغان بولسا، بىز ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئارىسىدىكى ھېسسىي نەرسىلەرنى گەۋدىلەندۈرۈشنى قوغلىشىپ، ئۆزىمىز ۋە باشقىلارنى تەسىرلەندۈرۈشنى، ھاياجانلاندۇرۇشنى ئۆلچەم قىلدۇق. بۇ ئىككى خىل يۈنىلىش ئىككى خىل ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلىدى. يەنى خەقنىڭ تەپەككۇرى كۈندىن ـ كۈنگە مۇكەممەللىشىپ، ئەقلىيلىككە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئاجايىپ سىستېمىلىق، لوگىكىلىق پەنلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغان، سۇبيېكتىنى كۆزنى چاقناتقۇدەك ھالغا كەلتۈرگەن بولسا، بىزدە تۈرلۈك ئوي ـ خىياللار، تۇيغۇلار، ئەسلىمىلەرنىڭ كۆپتۈرۈلۈشى، سىرلىقلىشىشى، ۋەھىمىلىك ۋە ئىلاھىي تۇس

ئېلىشى بىلەن ئەقىل ھېسسىياتنىڭ ئاستىغا باسۇرۇلۇپ قالدى. تارىختا ئات مىنىپ، قىلىچ ئويىنىتىپ دۇنيا كەزگەن كۈچتۈڭگۈر روھ ئېتىزلىق، ئۆي، مەھەللە ـ كوي ئارىسىغا بېكىنىپ، دۇتار ـ تەمبۇرلىرىمىز، دولان مەشرەپلىرىمىز، ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىمىزغا ئۆيۈپ قالدى.

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىمۇ ئەقلىيلىك ئىزدىگەن روھ ھەقىقەتەن كەمچىل. شەيئىلەرگە باھا بەرمەكچى بولساق، لوگىكىلىق تەپەككۇر ئاساسىدا، شەيئىلەرنىڭ، ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، يوقىلىشى ئەقىلگە مۇۋاپىقمۇ، ئەمەسمۇ؟ دەپ ئەمەس، بەلكى كۆپىنچە بۇرۇنقى قاراشلارغا، ئۆلچەملەرگە، خەقنىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن كېلەمدۇ ـ كەلمەمدۇ؟ خەقنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ دېگەنلەرنى مىزان قىلىپ خۇلاسىگە كېلىمىز. ھادىسە ۋە شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى لوگىكىلىق زۆرۈرىيەتكە ئانچە قاراپ كەتمەيمىز. ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ يوللۇقلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز تەسكە توختايدۇ. ھەتتا ئۆزىمىزگە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلىلەرگە ئەقلىمىز ئىككىنچى ئورۇندا تۇرۇپ جاۋاب بېرىدۇ. ئىشلار ئۆزىمىزنىڭ كاللىسىدىن ئۆتسۇن ـ ئۆتمىسۇن، رايىمىزغا ياقسۇن ـ ياقمىسۇن ئەل نەرقى بولۇشقا، ئەل نەرقى ئويلاشقا، ئەل نەرقى قىلىشقا، ئۆزىمىزنىڭ كۆڭلى رەنجىش ـ رەنجىمەسلىك بىلەن كارىمىز يوق، قانداقتۇر بىر ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماسلىققا تىرىشىمىز. شۇڭا، بىزنىڭ مۇستەقىل ئىشلەش، ئويلاش ئېڭىمىز تۆۋەن، يۆلىنىۋېلىش، شۈكۈر قىلىش خاھىشىمىز كۈچلۈك. ئۆز كۆڭلىنىڭ رايىنى ئىستەيدىغان، ھەقىقىي قابىللىق يەتكىچە مېنىڭ توغرا دەپ چىڭ تۇرالىغۇدەك قۇدرەت كەم. دورامچىلىق، ياسالمىلىق تولا. تىلىمىزنىڭ ئىچىدە تىلىمىز بار. تىلىمىز بىلەن دىلىمىز بىردەك ئەمەس. ئالا كۆڭۈللۈك مىللەت پسىخىكىسىغا سىڭىپ كەتكەن.

ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە «قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلارنىڭ ئەتىۋارلاپ ساقلىشى ئۈچۈن ئەمەس، تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭدىكى ھەقىقەتنى كۆرۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن زېمىنغا چۈشكەن.

بۇنىڭدىن ئېنىقكى، تەپەككۇر ئىنسان ۋۇجۇدى بىلەن «قۇرئان كەرىم»نى باغلاۋاتقان ھالقا. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئىمان ـ ئېتىقادىنى مۇستەھكەملىمەن دەيدىكەن، ئۇنداقتا، ئۇلار ئۆز تەپەككۇرىنى بېيىتىشى، مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك ئىدى. بىراق بىز تەپەككۇرىمىزنى بېيىتىپ «قۇرئان كەرىم» ھەقىقەتلىرىنى كۆرۈشكە ئەمەس، بەلكى ھېسسىياتىمىزنى ئۇلغايتىپ ھېچنېمىنى ئويلىماي، ھېچنېمىگە قارىماي ئەقىدىگە قۇللۇق قىلىشقا كۆچەپ كەتتۇق. «تەپەككۇر يۈرگۈزمەيدىغانلارنى ئاللا ئازابقا دۇچار قىلىدۇ»دېگەن مۇقەددەس ئايەتنىڭ ئەكسىچە موللا ـ ئۆلىمالىرىمىز جامائەتنى كۆپ ئويلىماسلىققا، ياۋاش بولۇشقا، دوزاختىن قورقۇپ، جەننەتنىڭ تەمەسىدە يۈرۈشكە چاقىردى. ئۇلار بىزگە سىزىپ بەرگەن ياخشى ئادەملەر ئوبرازى پەقەت مۆمىن، تەقۋادار، ئاغزىدىن تۆۋە ـ ئىستىغپارنى چۈشۈرمەيدىغان رايىش، قول مىجەزلىكتىن ئىبارەت بولدى. نەتىجىدە دۇنيانى ۋەھىمىلىك نەرسەلەرگە، ئىلاھىي ھادىسىلەرگە باغلاپ چۈشىنىش، ساۋابلىق ئىشلارنى جەننەتنىڭ تەمەسىدە قىلىش، دوزاخنىڭ ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ يامان ئىشلاردىن ئۆزىمىزنى تارتىش، مەھكۇم، ئاجىز ئىنسانلارنىڭ خورلۇقتا تىرىكچىلىك قىلىش ئىدىيىسى بولغان «تەقدىر ـ پېشانە»چىلىك جاھاندارچىلىق پەلسەپىمىزگە ئايلاندى، ھەددى ـ ھېسابسىز «يامان بولىدۇ»لار لوگىكىلىق شەرھىي ـ تەبىرىنىڭ ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ نورمال تەپەككۇردىن، ئەقلىيلىكتىن مەھرۇم قېلىشىمىزنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى بوپقالدى.

3

ئومۇمىيلىقتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەلۋەتتە بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقىمىز، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىدە كۆز چاقنىتىپ تۇرغان «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئون ئىككى مۇقام»دەك نامايەندىلىرىمىز بار. شۇنداقلا غەرب مەدەنىيىتىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق يېتەرسىزلىكى بار. لېكىن سېلىشتۇرۇش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، غەرب مەدەنىيىتى يەنىلا بىزنىڭكىدىن ئىلغار. بۇنىڭغا كۆز يۇمۇش ئىلمىيلىك ئەمەس. بىز يۇقىرىدا بۇنىڭدىكى تۆپكى سەۋەبنى ئاز ـ تولا سۆزلەپ ئۆتتۇق. ئەمدى ئۇنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى مۇكەممەلسىزلىكى ھەققىدە قىسمەن توختىلىمىز.

**1. ئەدەبىيات ئىلمى ساھەسىدىكى مۇكەممەلسىزلىك:** بىزگە مەلۇمكى، ئەدەبىيات ئىلمى ئەدەبىيات تارىخى، ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تارماق پەنگە بۆلىنىدۇ. ئەدەبىيات تارىخى ئەدەبىياتنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشى، تەجرىبىسى ۋە قانۇنىيىتىنى؛ ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقى بولسا يازغۇچىلار، ئەدەبىي ئەسەرلەر، ئەدەبىي ئېقىملار ۋە ئەدىبلەرنىڭ پائالىيىتىنى؛ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بولسا، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە دۇنيا ئەدەبىيات ساھەسىدە پەيدا بولغان بارلىق ئەدەبىي ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتى، قانۇنىيىتى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى پەن بولغاچقا، پۈتكۈل ئەدەبىيات ئىلمىنىڭ جېنى ھېسابلىنىدۇ.

ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ھەرگىزمۇ قانداقتۇر بىر ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ مەسلىكى ئەمەس، بەلكى ئۇزاققا سوزۇلغان باي ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىدىن سۈزۈۋېلىنغان ھەقىقەت. يەنى ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىكى ھەر بىر مەزمۇن باي، مۇرەككەپ، سىرلىق، رەڭگارەڭ تۇرمۇشنى چوڭقۇر كۆزىتىش ئاساسىدا لوگىكىلىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق چەككىلەنگەن جەۋھەر. شۇڭا ئۇ ھامان ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقى ۋە ئەدەبىيات پائالىيەتلىرىنىڭ بېيىشىغا، تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق مۇكەممەللىشىدۇ. ھېچقاچان ئۆزىنى ئەقىلدىن ئىبارەت بۇ ئالىي سوتچىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالمايدۇ. لېكىن بىزدە سۇبيېكتىپ قۇرۇلۇشىمىزنىڭ خاراكتېرى تۈپەيلى، ئەزەلدىن بىر كېسەللىك كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. يەنى مەلۇم بىر دەۋردە قوبۇل قىلىنغان نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت ئارىسىغا ئىستىخىيىسىز ھالدا ئېتىقاد تېمى قوپۇرۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتىن تۆرەلگەن تەپەككۇر بۇ تامغا ئۇسسۇپ يىقىلىدۇ. نەزەرىيە بولسا مەزكۇر تامنىڭ ئارقىسىدا ئەقىلدىن ئىبارەت بۇ سوت كوللېگىيىسىنىڭ سوت قىلىشىدىن ساقىت بولۇپ ئۆگدەشكە باشلايدۇ. بىز بولساق ئىلمىيلىككە يات قېلىپلاشقان ئۇقۇملارنى ناھايىتى ئاسانلا ئايەتلەردەكلا يادلىۋالىمىز، ھەتتا تەۋرەنمەس دەستەك قىلىۋالىمىز. پەقەتلا ئەقلىي ئاساسى قالمىغان تەقدىردىمۇ ھېسسىياتىمىز بىلەن تىرەپ تۇرغۇزۇۋالايمىز.

ئوبزورچىلىقىمىزدا دائىم ئىلمىيلىكىمىز شەخسىي ھېسسىياتقا تەسلىم بوپكېتىدىغان، ماقالىلىرىمىز ۋارقىراش ـ جارقىراش، ئاچچىق مەسخىرە، كىنايىلەر بىلەن تولۇپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بەزىدە ھەتتا بىر پۈتۈن ماقالە پوپوزا، ھەشەمەتلىك سۆز، يولسىز سوئال، قىزىغان ھۆكۈم،

سەلتەنەتلىك چاقىرىق بىلەن توشۇپ كېتىدۇ. بۇ يەردە ئېنىق دەپ قويۇش كېرەككى، پەن ھېسسىياتنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بىرەر ئىلمىي ھۆكۈمنى تىللاپ قان چېچىۋالساڭمۇ ياكى ماختاپ كۆككە كۆتۈرسەڭمۇ يەنىلا شۇ پېتى قېلىۋېرىدۇ. دېمەك، ئەدەبىياتنى پەن دەپ ئېتىراپ قىلىدىكەنمىز، ئۇ چوقۇم پەننىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىنى شەرتسىز قوبۇل كۆرۈشى كېرەك. ئەپسۇس، سۇبيېكتىمىزدىكى يېتەرسىزلىك تۈپەيلى ھېسسىياتنىڭ ئىلىم ساھەسىگىمۇ ئەركىن ـ توسالغۇسىز كىرىپ چىقىشىغا بىلىپ، بىلمەي يول قويۇۋاتىمىز.

**2. يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى مۇكەممەلسىزلىك:** يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى ئەسەرنىڭ قانداق چىقىشىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ، يازغۇچىنىڭ ئادەم، ئالەم ۋە باشقىلار توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى قارىشى، ئەخلاق قارىشى، ئېستېتىك قارىشى، شۇنداقلا، ئەدەبىيات قارىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، بىلىش جەريانىنىڭ داۋاملىشىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئىچكى ۋە تاشقى ئېھتىياجدىن كېلىدۇ. بولۇپمۇ، نەزەرىيىۋى بىلىش جەريانىنىڭ داۋاملىشىشىدىكى سەۋەب ئىچكى ئېھتىياج بىلەن يەنى مەزكۇر شەخسنىڭ لوگىكىلىقى، مۇكەممەللىكى، ئابستراكتلىقىغا بولغان تەلپۈنۈشىگە باغلانغان بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق روھنىڭ تۈرتكىسىدە ئادەم رېئاللىق بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئەقلىي قاراشلارنى ئىگىلەپ، چەككىلەپ دۇنيا قارىشىنى بېيىتىدۇ. شۇڭا سەزگۈسىنى يوقاتمىغان ئادەمگە نىسبەتەن ۋاقىت دۇنيا قاراش دېمەكتۇر، چوڭقۇرلۇق دېمەكتۇر. بىراق مەدەنىيىتىمىزنىڭ خاراكتېرى تۈپەيلى ئىش يۇقىرىقىدەك بولماي قالىدۇ. خەلقىمىز ئالەم توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلارغا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدۇ. كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇپ ئەستايىدىل ئويلىنىشنىمۇ ياقتۇرمايدۇ... بۇنىڭ بىلەن سەزگۈرلۈكىمىز، چۈشىنىش، خۇلاسىلەش، بىلىش ئىقتىدارىمىز يەنىلا ساددا ـ يۈزەكى سەۋىيىدىن رىشتە ئۈزەلمەيۋاتىدۇ. ئەقلىيلىككە بولغان تەشنالىق تۆۋەن بولغاچقا، ھېسسىي ماتېرىياللار خۇددى بىر پەس دەھشەتلىك جېدەل يۈز بەرگەن ئۆيدىكى قالايمىقانچىلىقتا تۇرغان نەرسىلەردەك رەتسىز، باش ـ ئايىغى يوق پارچە ـ پارچە تۇرىسىمۇ ئىچىمىز پۇشمايدىغان ئادەتتىن خوشلىشالمايۋاتىمىز. بۇنىڭ بىلەن ئاشۇ قالايمىقان نەرسىلەر ئىچىدىن سەل مەيلىنى تارتقان ياكى مەتبۇئاتتا بېسىلىپ نامىنى چىقىرىشقا يارايدىغاندەك تۇيۇلغان بىر نېمىنى ئېلىپلا ئۇنىڭغا ھېسسىياتنى، ئەدەبىي خۇسۇسىيەتلەرنى چاپلاپ پەردازلاپ يېزىش كۆرۈلۈۋاتىدۇ. تەپەككۇردىكى ھارغىنلىق ۋە يېتەرلىك چوڭقۇرلۇققا بارمايلا قايىل بوپقالىدىغان خاھىش، مۇكەممەل دۇنيا قاراشتىن ئىبارەت مۇشۇنداق ئىلمىي سىستېمىغا ساختىلىق ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ بىر مۇنچە تۆۋرۈكىنى ھېسسىيات بىلەن ئالماشتۇرۇۋېتىدىغان كەيپىيات تېخى روھىمىزدىن قوغلانمىدى. بۇنىڭ بىلەن يازغۇچىنىڭ كاللىسىدىكى دۇنيا ئوبيېكتىپ دۇنيا ۋە ئاشۇ دەۋرنىڭ بىلىش سەۋىيىسىدىكى رېئاللىي دۇنيا بولماستىن، بەلكى يازغۇچىنىڭ ھېسسىياتى تەرىپىدىن كۆپتۈرۈلگەن ياكى چۆكۈرۈلگەن، بۇرمىلانغان دۇنيا بوپقېلىۋاتىدۇ. ئېنىقكى، بۇنداق يازغۇچىلار رېئاللىقنى، ئىنسانلارنى ھەقىقىي چۈشىنەلمەيدۇ. ئۇلار ياراتقان ئەدەبىياتمۇ پەردازلانغان، ياسالما، ساختا ئەدەبىيات بوپقالىدۇ.

**3. ئۆلچەمدىكى مۇكەممەلسىزلىك:** يازغۇچى ئەسەر قۇرۇلمىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يېزىشقا باشلايدۇ. كاللىسىدىكى ئوي ـ پىكىرنى قەغەزگە چۈشۈرىدۇ. لېكىن بۇ ھەرگىز مېخانىك ھالدا بولمايدۇ، بەلكى يازغۇچى بىر تەرەپتىن يېزىش بىلەن مەشغۇل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى ئويلىغان ئەدەبىي قۇرۇلما باش تېمىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرەلەمدۇ ـ يوق؟ پېرسوناژلارنىڭ قىياپىتى، پائالىيىتى، گەپ ـ سۆزى، تەقدىرى، ھەتتا كىيىنىشى، كۈلۈشى، چىراي شەكلى، كۆز ئىپادىسى كىشىلىك ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ لوگىكىسىغا، پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىجتىمائىي پسىخولوگىيىدىكى لوگىكىغا ئۇيغۇنمۇ ـ يوق؟ دېگەندەك بىر قاتار سوئال ـ ئۆلچەم ئاساسىدا تەكشۈرىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئۆلچەم يازغۇچىنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا پېكىنگەن بولۇپ، كۈچلۈك سۇبيېكتىپچانلىققا ئىگە بولغاچقا، بىز داۋاملىق مۇشۇ جەھەتتە لوگىكىسىزلىقتىن قول ئۈزەلمەيدىغان بىر يېتەرسىزلىكتىن خالىي بولالمايۋاتىمىز.

ئېنىقكى، ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئەقلىي گۈزەللىككە يەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى، سەنئەتكارلار ياراتقان ئوبراز ھېسسىي باسقۇچتىن ئۆتۈپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەپەككۇرىدا تەدرىجىي ھالدا باش تېما ئىدىيىسىنى بارلىققا كەلتۈرەلىگەنلىكىدە. لېكىن، بۇ ئۇنداق ئاسانلا ئۆتىدىغان ئۆتكەل ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن لوگىكىلىق تەپەككۇر ئۈستىگە قۇرۇلغان ئوبرازلىق تەپەككۇر ئوقۇرمەنگە ھېسسىي بىلىش بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن يېتەرلىك قايىللىق بېرىشى لازىم. ئەمما بىزدە ئېستېتىك ئۆلچەم نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھېسسىي گۈزەللىككە بولغان سەزگۈرلۈك تونۇشى يۇقىرى، ئەقلىي گۈزەللىككە بولغان سەزگۈرلۈك تۆۋەن بولغانلىقتىن، ئەسەرلەردە ئوقۇرمەننىڭ قەلبىدە يېتەرلىك ھېسسىي بىلىش توپلىمايلا ئەقلىي بىلىشكە ئۆتۈۋالىدىغان خاھىشقا يول قويۇپ كېلىۋاتىمىز. نەتىجىدە يەڭگىلتەكلىك، ئالدىراقسانلىق بىلەن قەلەم تارتىدىغان، ھېسسىيات قانداقتۇر بىر تاشقى نەرسىلەرگە چاپلىنىپلا قايىللىق ئىزدەيدىغان، ئىستەكلەرنى قايمۇقۇشتا قويىدىغان ناباپ يېزىقچىلىق ئىستىلى ئەدەبىيات سەھنىمىزدە ھۆكۈم سۈرۈپ كەلمەكتە.

**4. تەپەككۇردىكى مۇكەممەلسىزلىك:** دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ قارىشىچە، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئوبيېكتىپ ئامىل ۋە سۇبيېكتىپ ئامىلدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوبيېكتىپ ئامىل دېگىنىمىز ـ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئاشۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى كۆرسىتىدۇ. سۇبيېكتىپ ئامىل دېگىنىمىز ـ يازغۇچىنىڭ ئەسەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن سۇبيېكتىپ تەسىراتى، چۈشەنچىسى، باھاسىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى يازغۇچى تۇرمۇشنى مېخانىك ھالدا سۈرەتكە تارتمايدۇ بەلكى ئىپادىلەش ئوبيېكتى ئۈستىدە قايتا ـ قايتا ئويلىنىدۇ، پىششىقلايدۇ. شۇڭا، ھەر قانداق ئەسەر لوگىكىلىق تەپەككۇر ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. ئىنسان سۇبيېكتى بۇ ئارقىلىق باھا، چۈشەنچە شەكلىدە ئەسەرگە سىڭىدۇ. شۇغىنىسى بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز سۇبيېكتىپ قۇرۇلمىمىزدىكى پايدىسىز تەرەپنىڭ ئىسكەنجىسىدە قېلىۋاتىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى باياندا ھېس قىلالايمىز:

ئادەتتە مېتىر بولمىغان شارائىتتا قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى سائەت بىلەن ئۆلچەش مۇمكىن. بۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق: قۇدۇققا بىرەر نەرسىنى تاشلايمىز. ئۇنىڭ تاشلانغاندىن تارتىپ سۇغا چۈشكىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىتنى ھېسابلاپ، ئەركىن چۈشكەن جىسىم فورمۇلاسى $h = \frac{1}{2}gt^2$ ئارقىلىق قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ھېسابلاشقا بولىدۇ. ئەگەر سىز دەل ئەركىن چۈشكەن جىسىم ھەرىكىتىنى پۇختا بىلىدىغان ئوقۇغۇچىدىن يېنىڭىزدا بىر قوزا ۋە بىر دانە سائەت بار. سەن بۇ ئىككى

نەرسىدىن پايدىلىنىپ، مېتىر ئۆلچەمىدىكى تاشنى ئېغىزغا قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچەپ بېرەلەمسەن؟ دەپ سورىسىڭىز، چوقۇمكى ئۇ ئۇزاق ئويلىنىپ كېتىدۇ. ھەتتا تاپالمايدۇ. قوزىنى قۇدۇققا تاشلاپ، فورمۇلا $h = \frac{1}{2} gt^2$ ئارقىلىق ھېسابلاشنى ئاسانلىقچە خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. چۈنكى قوزىغا بولغان ھېسسىيات ئوقۇغۇچىنىڭ ئەقلىنى چەكلەپ تۇرىدۇ. ناۋادا ئۇ ئەگەر قوزىنى قۇدۇققا تاشلاشقا بولسا، دەپ پەرەز قىلىنغان بولسا، مەسىلىنى ناھايىتى تېزلا ھەل قىلىۋېتەتتى. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەقىل ھېسسىياتنىڭ ئىسكەنجىسىدە قېلىۋاتقان، تەپەككۇر راۋانلاشمايۋاتقان ئەھۋال ناھايىتى كەڭ ئۇچرايدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رېئال ئوبيېكتلارغا ۋە باشقا نەرسىلەرگە بولغان ھېسسىياتنىڭ ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق بولۇشى تەپەككۇرىمىزغا ماس مەيدان ھازىرلاپ، ئۇنى ئەركىنلىككە چىقارمايۋاتىدۇ.

بۈگۈنكى دۇنياۋى ئەدەبىيات قانداقتۇر بىر ئەخلاقىي نىشاننى مەنزىل قىلىپ ئەسەر يازىدىغان، ئادەم ئۇنداق بولۇشى كېرەك، مۇنداق بولۇشى كېرەك، دەپ قېلىپلاشتۇرۇشنى قوغلىشىدىغان دەۋردىن ئۆتۈپ، ئىنسانىنىڭ ماھىيىتى، جەننەتنى ئىزدەيدىغان دەۋرگە قەدەم قويدى. شۇڭا، بۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ يازغۇچىلاردىن تەلەپ قىلىۋاتقىنى ئالدى بىلەن تەپەككۇردىن ئىبارەت.

**5. رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيىدىكى مۇكەممەلسىزلىك:** رېئاللىق ئاجايىپ مول دۇنيا. ئۇنىڭدا ھەر خىل، ھەر ياڭزا ئادەم، تۈرلۈك ـ تۈمەن ئىش تولۇپ ياتىدۇ. يازغۇچى ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن ھامان مۇشۇ رېئاللىق ئىچىدە ياشايدۇ. بۇ، كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان پاكىت. ئەپسۇس، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ خېلى كۆپى رېئاللىق بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ئادەملەرنى ئادەم سۈپىتىدە يازماستىن، مەدھىيىلەيدىغانلار، ئوتتۇرىدىكىلەر، نەپرەتلىنىدىغانلاردىن ئىبارەت ئۈچ ھېسسىيات لاگېرىغا تەقسىملىۋېلىۋاتىدۇ. ئىنسانىنىڭ چىن ھېسسىياتى، ئەسلىي قىياپىتىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋاتىدۇ. ناۋادا يازغۇچى ھايات رېئاللىقنىڭ ئاجايىپ مۇرەككەپ تۈزۈلمىسىنى ئېتىراپ قىلماي ئۇنىڭغا قوپال، سەممىيەتسىز مۇئامىلە قىلىدىغان بولسا، رېئاللىقمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ.

**6. ئىجادىيەت ھالىتىدىكى مۇكەممەلسىزلىك:** ئېنىقكى، ئىجادىيەتكە كىرىشۋاتقان سۇبيېكتنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھالىتى ئىجادىيەت تۈسىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇشۇنداق بولۇشىغا قارىماي يازغۇچىلىرىمىز ئارىسىدا بىر قاتار غەيرىي نورمال خاھىشلار كۆرۈلمەكتە. بۇنىڭ ئەڭ تۇپلۇك ئالامەتلىرىدىن بىرى، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ خېلى كۆپىدە ئۆزىنى پەردازلاپ، ئاندىن قەلەم تەۋرىتىدىغان ئادەت خېلىلا ئېغىر. پىسخىكىمىزدا ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئاندىن باشقىلارنى قايىل قىلىش روھى كەم بولغاچقا، بەزى يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىز ئۆزىچە خەق چۈشەنمەيدىغان نەرسىلەرنى چۈشىنىدىغان، تىللايدىغان نەرسىلەرنى ماختايدىغان بولۇۋېلىۋاتىدۇ. قانداقتۇ بىر ھېسسىياتلارنى سۈنئىي قوزغاپ، تاشقى دۇنياغا چاپلاۋاتىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات سەھنىسىدىكى ئەڭ لەنىتى ۋىجدانسىزلىق. مۇشۇنداق يېزىلغان ئەسەرلەرمۇ بىر تالاي ئالدامچىلىقتىن، «تىلى تۈزۈك، دىلى بۇزۇق» گەپتانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ئوقۇرمەنلىرىمىز ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى ئوبدان بىلىدۇ. بىز بۈگۈنكى دەۋردىكى ئەۋلادلار ئاشۇ ئون يىلدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قېنى؟ دەپ سوراشقا ھەقلىقمىز. نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىيات سىياسىي ئۆلچەم بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپلا گۆرگە تاشلىۋېتىلدى. بارلىق گۇناھ سىياسىيغا ئارتىلىپلا تۈگىدى. ئەپسۇسكى، بۇ ئادىللىق ئەمەس. چۈنكى تاشقى مۇھىت قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئۇنتۇپ قالغىلى بولمايدۇ. چوقۇم ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرى نېمىشقا بۇ مەزگىلدە شۇنچىۋالا ئادەم يەڭگىلتەكلىك بىلەن يازىدۇ؟ نېمىشقا ئۇلار ئۆزىنى پەردازلاپ، رېئاللىقنى بۇرمىلاپ، ئاقنى قارا قىلىپ يېزىۋاتقاندا ۋىجدانى ئازابلانمايدۇ؟ ئىجادىي پائالىيەتنى ئۆزكۆڭلىدىكى قايىللىق ئۈستىگە ئەمەس، گېزىت ـ ژۇرنال، رادىئولاردىكى چاقىرىقلار ئۈستىگە ئولتۇرغۇزغىنىغا تاقەت قىلىدۇ؟ دېگەنلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بىر قاتار ئاچچىق ساۋاقنى خۇلاسىلەپ چىقىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا بۇ ئىلمىي يەكۈن بولىدۇ. ھازىرقىلارغا ناھايىتى ياخشى سەلبىي دەرسلىك بوپقالىدۇ.

4

ئىنسانىيەت 20 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇپ، ئەينى ۋاقىتتا «ئادەملەر ئىلمىيلاشقان بىر دەۋرگە كىردى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئىلمىي يوسۇندا ئېلىپ بېرىلىدۇ»دەپ قىلىنغان تەسىرلىك ھۆكۈمنىڭ ئەكسىچە، بۇ ئەسىر ئۇرۇش تۇمانلىرى ئىچىدە ئاخىرلاشتى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى 70 مىليون ئادەمنى جېنىدىن جۇدا قىلدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ تاھازىرغىچە ئىنسانلار بىر ـ بىرىنى رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلىدىغان چوڭ ـ كىچىك ئۇرۇشلار سەل پەسەيگەن بولسىمۇ، ئەمما زادىلا توختاپ باقمىدى. ئۇ مېنى مۇشت ئېتىپ قالامدىكىن دەپ، مەن ئۇنى مۇشت ئېتىپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەپ، پەقەت شۇنداق بىر ۋەسۋەسە ئۈچۈنلا قىلغان ھەربىي تەييارلىقلارغا ئاجراتقان خىراجەت يىلدىن يىلغا ئاشتى. خۇددى ئېيىروت «ئىچى غال ـ غال ئادەم»دېگەن ئەسىرىدە ئېيتقاندەك: «بۇ دۇنيا ياكى دەھشەتلىك بىر سادا ۋە ياكى بىر چىرقىراش بىلەن ھالاك بولىدۇ»غاندەك بوپقالدى. ئاتوم ئېنېرگىيىسى تېخنىكىسىنىڭ قۇدرىتى بىلەن دۇنيانىڭ تەقدىرى ئاخىر بىر كونۇپكىغا باغلاندى. بۇنداق ئەمەلىيەت ئىنسانىنىڭ ئەقلىي دۇنياسىنى سوئال بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بىر قاتار ئۇندەش بەلگىسى بىلەن توشقۇزدى. ھاياتلىق ئىلمى تېخنىكىسى، ئېرسىيەت قۇرۇلۇشى تېخنىكىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى گېن ئوپېراتسىيىسى ۋە ئادەمنى پروبىركىدا يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق ئادەمنى ياساشنىڭ، ئۆزگەرتىشنىڭ ئىمكانىيىتىنى نامايەندە قىلىپ، ئىنسانىنىڭ ئەخلاق قاراشلىرىغا، ھېسسىياتىغا، تەبىئىيلىك سېزىمىگە رەھىمسىزلەرچە زەربە بېرىپ، ئاجايىپ مۇرەككەپ سوئاللارنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى. مېڭە ئىلمىنىڭ يۈزلىنىشى ئادەملەرنىڭ ھاياتىنىڭ مەنىسى، قىممەت ئۆلچەملىرى توغرىسىدىكى بىر قاتار قاراشلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. ماشىنا ئادەم، ئېلېكترونلۇق مېڭە سىستېمىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا ئۆزىنى ھايۋان بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئېرىشكەن ئۆزى ھەققىدىكى پەلسەپىۋى بىلىشى قاسىراق تاشلاپ، يېڭى بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى. يەنە نۇرغۇن سوئال باش كۆتۈرۈپ نەشتەردەك سانجىلىشقا باشلىدى. نوپۇسنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى شەھەرلىشىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سانائەتنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي

قىلىشقا ۋە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولدى. بۇ ئەھۋال تەبىئەتنى تەرتىپسىز بۇلاشنى ۋە دەپسەندە قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يەر شارى خاراكتېرلىك ئېكولوگىيىلىك بۇزۇلۇشنى پەيدا قىلدى. سانسىزلىغان ئورمان كېسىلدى، ياۋايى ھايۋاناتلار يوقىلىش گىرداۋىغا كەپقالدى. كۆل، دەريا، دېڭىزلار قۇرۇشقا يۈز تۇتتى. ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشى مۇشۇ ئەسىر (20 ـ ئەسىر) نىڭ بېشىدىكى بۇلغىنىش پىرسەنتىگە 20% قوشۇلۇپ، يەر شارىنى ئوراپ تۇرغان ئاتموسفېرانىڭ مۇۋازىنىتىنى بۇزۇۋەتتى. نەتىجىدە قۇرغاقچىلىق، بوران، سۇ ئاپىتى قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر كۈنسايىن ئېغىرلاشتى. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. بىز ياشاۋاتقان بۇ گۈزەل شارنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتۇقمۇ نېمە، دەپ ئەنسىرەپ قالدى. نېفىت، كۆمۈر، تەبىئىي گاز قاتارلىق ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنىڭ چەكلىمىلىكى ھەممە نېمىنى ـ زاۋۇت، ماشىنا، ئېلېكتر چىرىغى، كىنو، تېلېۋىزور...لارنى يەپ تاشلاپ، ئىنسانلارنى نەچچە ئەسىر بۇرۇنقى بىر زامانغا ئاپىرىپ قويىدىغان يەجۇج ـ مەجۇجلەردەك مۇمكىنچىلىكلەر ئىچىدە باش كۆتۈردى.

لېكىن، ھەر قانداق ئادەم ئىنسانىيەتنىڭ مۇشۇ ئەسىر (20 ـ ئەسىر) دىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە مەدھىيە ئوقۇماي تۇرالمايدۇ. 20 ـ ئەسىر ئازاب ھەم چۈشكۈنلۈككە، خۇشاللىق ۋە ئىجادىيەت روھىغا تولغان ئەسىر، بۇ روھ مۇشۇ ئەسىر كىشىلىرىنىڭ كەيپىياتىنى بەلگىلىگۈچى ئوبيېكتىپ ئامىل بوپقالدى.

مۇھىت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، 20 ـ ئەسىر پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدىكى 90 % ئالىم ياشىغان دەۋر بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ بىلىشى ھەر كۈنى دېگۈدەك يېڭىلىنىپ، تەرەققىي قىلدى. كۆپ قاتلام، كۆپ خىل يۆنىلىش بويىچە جۇلالىنىپ، ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقناتتى. 1950 ـ يىللاردا باشلانغان «3 ـ قېتىملىق دولقۇن» پۈتكۈل دۇنيا ئەندىزىسىنى بۇزۇۋېتىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەسىدىكى ئۆزگىرىشنى تېزلەتتى. ئىجتىمائىي رېئاللىق سانائەتنى تومۇر قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، ئۇچۇرغا يېپىشتى. زىيالىيلار ئەڭ نادىر ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئايلاندى. پەن ـ تېخنىكىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرىگە بولغان كۈچلۈك ئېھتىياج ئۇچۇر تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى مۇكەممەللەشتۈردى. بۈگۈنكى كۈندە ماس قەدەملىك سۈنئىي ھەمراھ يەر شارىنى قاپلىدى. دۇنيا زور دەرىجىدە تارىيىپ، ئۆتمۈشتىكى بېكىنمە ھالەت ئۈزۈل ـ كېسىل بەربات بولدى ھەم بەربات بولۇشى زۆرۈر بوپقالدى. دۆلەتلەر، مىللەتلەر ۋە رايونلار ئارىسىدىكى ئالاقە كۈچەيدى. بېكىنمە، تار، ئاددىي، مىللىي ۋە رايون خاراكتېرلىك نەرسىلەر بارغانسېرى ئازىيىپ، ئەكسىچە، ئىنسانىيەت ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە قوبۇل قىلىدىغان نەرسىلەر كۈنسايىن كۆپەيدى. ئىجتىمائىي رىتىمنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش ـ ئىنكار قىلىش ـ ئىنكارنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت بىلىش قانۇنىيىتى ھالقىسىنىڭ دەۋرى قىسقىراپ، چوڭقۇرلىغانسېرى چوڭقۇرلۇققا ماڭىدىغان ئاجايىپ شىددەتلىك مۇھىت مەيدانغا كەلدى.

ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلار ئادەملەر ۋە مىللەتلەر ئارىسىدىكى پەرق ۋە ئوخشاشلىقتىن ئادەمنىڭ ئاجايىپ تۈزۈلۈشىنى كۆردى. نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ تاشقى دۇنيا، تەبىئەت، ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە تاشلىنىپ، ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىغا ھەيران قالدى. مۇشۇ (20 ـ ئەسىر) ئەسىر مابەينىدە ئىنساننىڭ سۇبيېكتى توغرىسىدا ئاجايىپ ئۇلۇغ نەتىجىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. ئەمدى ئىنسانلار جۇڭگو، ئامېرىكا، تۈركىيە دېگەنلەرنىڭ بىر جۇغراپىيىلىك نام ئەمەسلىكىنى، ئەر ـ ئايال دېگەننىڭ پەقەت فىزىئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشكىلا قارىتىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۆتكەنكى يىللاردا دەل مۇشۇ سۇبيېكتىپ تۈزۈلۈشكە بولغان تونۇشنىڭ ۋە ئۆزئارا چۈشىنىشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى بىلەن ئادەملەرنىڭ بىكاردىن بىكار ئۆزئارا تىللىشىپ يۈرگەنلىكىنى، قان تۆككەنلىكىنى، بەختسىز بوپقېلىشقانلىقلىرىنى سەزدى. ئاجايىپ مۇرەككەپ، كۆپ قاتلاملىق ھېسسىيات كەيپىدە ئۆتمۈشكە قايتىدىن سەپسېلىپ ئويلاشقا، تۈزىتىشكە، شاللاشقا باشلىدى. ئەڭ ئۇلۇغ ئالىيجانابلىقنىڭ باشقىلارنى چۈشىنىش، ئۇلارنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرۈش، كەڭ قورساقلىق ئىكەنلىكىنى بىلدى.

20 ـ ئەسىر ئەدەبىياتى مانا مۇشۇنداق مۇھىت ئىچىدە تەرەققىي قىلدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا پۈتكۈل ئەدەبىيات ئۈستىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تولغىقى پەيدا بولدى. 20 ـ ئەسىردە رېئالىزم دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە يېڭىچە يازىدىغان يازغۇچىلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. يەنى يېپيېڭى ئەدەبىيات پىكىر ئېقىمى مودېرنىزم باش كۆتۈردى. مودېرنىزم ئەنئەنىگە قارشى تۈس ئالغان قىياپەتتە ياۋروپا ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىقىپ ناھايىتى زور داۋالغۇش پەيدا قىلدى. 1920 ـ يىللاردا ئۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ئۆزى پەيدا بولغان زېمىندىن ھالقىپ باشقا رايونلارغا تارقالدى. خەلقئارالىق ئەدەبىيات ھادىسىسىنى شەكىللەندۈرۈپ ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك يازغۇچىلىرى ۋە ئەسەرلىرىنى ياراتتى. گەرچە 1939 ـ يىلى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ، ئەدەبىيات ئاز ـ تولا توسالغۇغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات ھەرىكىتى توختاپ قالمىدى، بۇ باسقۇچتىكى ئەدەبىيات فاشىستىك ئۇرۇشقا قارشى ئىلغار ئەدەبىيات بولۇپ نەتىجىلەندى. ئۇرۇشتىن كېيىن ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى ھەرقايسى ئەللەر ئەدەبىياتى گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، ھەر خىل پىكىر ئېقىملىرى ۋە ئەدەبىي ئېقىملار ئارقا ـ ئارقىدىن سەھنىگە چىقتى. مودېرنىزم 1950 ـ ، 1960 ـ يىللارغا كەلگەندە ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئەدەبىيات مۇنبىرىنى ئىگىلىدى. مۇشۇ مەزگىلدە لاتىن ئامېرىكىسىدا پەيدا بولۇپ نەتىجە ياراتقان سېھرىي رېئالىزم ئەدەبىياتى پۈتكۈل دۇنيا ئەدەبىيات ساھەسىنى زىلزىلىگە سېلىپ، «پارتلاش ئەدەبىياتى» دەپ ئاتالدى. رېئالىزملىق ئەدەبىيات بولسا يەنە بىر قېتىم مودېرنىزملىق ئەدەبىيات ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدا باش كۆتۈرگەن سېھرىي رېئالىزملىق ئەدەبىيات ئېقىمىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ھۆكۈمرانلىق كۈچىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇ قايتا باشقا ئېقىملار بىلەن قارشىلىشالمىدى. ئەكسىچە، ئاقىلانىلىك بىلەن قارشى تەرەپنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزگىرىش ئىچىدە تەرەققىي قىلىشقا يۈزلەندى.

بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭ سۇبيېكتقا بولغان ئېتىبارى ئىنتايىن يۇقىرى. مەسىلەن: يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مودېرنىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى يازغۇچىدىن تۇرمۇشنى ئەسلىي قىياپىتى بويىچە ئەينەن يازماي، سۇبيېكتىپ تەسرات ۋە ئىچكى

ماھىيەتنى يېزىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىچكى پائالىيەت تەسۋىرى ئارقىلىق ئالەمنى ئىپادىلەيدۇ. بىزنىڭچە، بۇ بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان ئۆزگە قايىللىق ئىزدەش روھنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىدە ئىپادىلىنىشى.

ئۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 20 ـ ئەسىر ئەدەبىياتى شەكىللەنگەن مۇھىت ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىدىن چىقىپ تۇرۇپتۇكى، بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەقلىيلىككە تۇتقان مۇئامىلىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەنئەنىۋى رېئالىزملىق ئەسەرلەر ئەزەلدىن رېئال شەيئىلەرنى كونكرېت تەسۋىرلەپ، جانلىق، مۇكەممەل ھېكايىچانلىق ۋە تىپىكلەشتۈرۈلگەن ئوبرازلار ئارقىلىق مەزمۇن ئىپادىلىگەن بولسا، بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە ئابستراكتلاشتۇرۇش، ئەقلىيلەشتۈرۈش، كوردىناتلاشتۇرۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلدى. ھازىرقى زامان سەنئىتى دۇنيا ۋە ئادەمنىڭ پائالىيىتىنى، كۆرۈشكە، سېزىشكە بولىدىغان نەرسىلەرنى تەسۋىرلەشكە قىزىقىپلا قالماي كونكرېت ھالىتى بولمىغان، ئوڭايلا بايقىغىلى بولمايدىغان مۇھىم قانۇنىيەت ۋە مۇناسىۋەتلەرنى ئېچىپ بېرىشكە ئۇرۇنماقتا. ئۆتمۈشتىكى ئۇ خىل نوقۇل تەسۋىرلەيدىغان ئەدەبىيات ھازىر ئەھمىيىتىنى يوقاتتى. ئەقلىي ئويلىنىش يازغۇچىلارنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشتى. يازغۇچىلار ئەسەرلىرىدە ئالەم، كىشىلىك تۇرمۇش، تەبىئەت، جەمئىيەت، ئەخلاق جەھەتلەردىكى زور مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارغا ئەستايىدىللىق، سەممىيلىك بىلەن جاۋاب ئىزدەۋاتىدۇ. تېخى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەنلا پاش قىلىش ۋە مۇنداق بولسا ئۇنداق بولىدىكەن، دېگەندەك خۇلاسىلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۇلارنى ھەل قىلىش ئۈستىدە پەلسەپىۋى يۈكسەكلىكتە، دېموكراتىك كەيپىتە تۇرۇپ باش قاتۇرۇپ ئەدەبىياتقا ھۆسن قوشۇۋاتىدۇ. ئەقلىيلىك قىياس قىلىشقا ئېتىبار بەرگەنلىكتىن ئوبرازچانلىق ئاجىزلاشتۇرۇلۇپ، ئابستراكتلىقنى كۈچەيتىش ئارقىلىق بەدىئىي ئوبرازنى ئەندىزىلەشتۈرۈش، خىللاشتۇرۇش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ يەنە بىر قانىتى بولغان ئوبزورچىلىق ـ نەزەرىيە تەتقىقاتىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار يەن سۈپىتىدە ھەرقايسى پەنلەر بىلەن گىرەلىشىپ كەتتى. «سىستېما تەنقىدچىلىكى»، «ئۇچۇر تەنقىدچىلىكى»، «دىنامىكا تەنقىدچىلىكى»، «ستاتىستىكا تەنقىدچىلىكى» بۇنىڭ روشەن مىسالى.

دېمەك، بۈگۈنكى دەۋردە ئەدەبىيات يازغۇچىلاردىن ئاجايىپ دىئالېكتىك كاللا، يۈكسەك پەرقلەندۈرۈش، چۈشىنىش قابىلىيىتىگە ئىگە تەپەككۇر ۋە ئەقلىيلىك، ئابستراكتلىققا ئىنتىزار روھنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى دۇنيانىڭ زور دەرىجىدە تارىيىشى ۋە بىلىمنىڭ كۆپ قاتلام، كۆپ يۆنىلىش بىلەن شەخسنىڭ ئەتراپىنى ئىگىلىشى، ھېسسىي ماتېرىياللارنى توپلاشنىڭ دۇنيا مىقياسىغا كېڭىيىشى ئادەمنىڭ بۇ ماتېرىياللار ئۈستىدە كۆپ قاتلام، كۆپ يۆنىلىش بويىچە سىستېمىلىق ئويلىنىشىنىڭ زۆرۈرىيىتىنى بەلگىلىدى. شۇڭا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشى ماھىيەتتە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تومۇرىغا ئەقلىيلىك ئىزدىگەن روھنىڭ سىڭىش جەريانىدۇر.

* * *

يىغىپ ئېيتقاندا، سىستېمىلىق تەبىئىي پەن ۋە باشقا پەنلەرنىڭ مەدەنىيىتىمىزدە مۇناسىپ ئورۇن تۇتماسلىقى ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇشۇ ھالەتتە قېلىشىدىكى تۈپكى سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ بىر ئاجايىپ بىمەنە باغلاشتەك كۆرۈنىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىش يۈزىدە بىرىبىر ھەقىقەتتۇر، نەتىجىدە ماھىيەتتىكى مۇكەممەلسىزلىك تۈپەيلى ئەدەبىياتىمىزدىمۇ بىر قاتار مۇكەممەلسىزلىكلەر ساقلانماقتا. ئەدەبىياتىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، ماھىيەتتىكى مۇكەممەلسىزلىكنى تۈگىتىپ ئۇنىڭغا تەبىئىي پەن روھنى كىرگۈزۈش، شەخس روھنى تەبىئىي پەن روھى بىلەن قاتتىق تەربىيىلەش لازىم. ئەگەر ئۇنداق قىلماي كونا ئادەت بويىچە يەنە نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتەيلى، ئۆلچەم ـ ئەندىزىلىرىمىزنى ئۆزگەرتەيلى، دەپ شوئارۋازلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكچى بولساق، كۆپىنچە بىردەملىك ھاياجانلىنىش، يۈلقۇنۇشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ گويا ئارپا تېرىپ قويۇپ، بۇغداي ئۈنسۇن، دەپ ئېتىزنىڭ بېشىدا تۇۋلاپ ئولتۇرۇشتەك كۈلكىلىك بىر ئىش بوپقالىدۇ.

20 ـ ئەسىردىكى مەشھۇر پەيلاسوپ، ھادىسىزىم ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى ئې. خوسسېرل ئۆزىنىڭ جاپالىق تەتقىقاتى ئارقىلىق، تەبىئىي پەننىڭ ئەقلىيلىك ئىزدىگەن روھى ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ تۈۋرۈكى؛ بۈگۈنكى دەۋردە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ياۋروپا مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئەقلىيلىك ئىزدىگەن تەبىئىي پەن روھىغا يۈزلەنگىنىدۇر، دەپ ھېسابلىغانىدى. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخىنى ئەسلىسەك، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ توپ ئاۋازى بىلەن ئۆلكىمىزگىمۇ ئەقلىيلىك ئىزدىگەن روھ سىڭىپ كىرىشكە باشلاپ، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشى، يوشۇرۇن ئېڭى ۋە دۇنيا قارىشىغا يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ئەكەلدى. ئەدەبىياتنىلا ئېيتساق، بۇ روھ ئابدۇقادىر داموللام، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، زۇنۇن قادىرىيدەك سەزگۈر ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىدا ئەكس ئېتىپ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بارلىققا كەلدى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەجدادلىرىمىزنىڭ يول ئېچىپ بېرىشى، پېشقەدەملىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى، بۈگۈنكى دەۋر ياشلىرىنىڭ ئىجتىھات قىلىشى بىلەن يېڭى بىر پەللىگە يۈزلىنىۋاتىدۇ. بۇ، كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ئەمەلىيەت، تەبىئىي پەن روھىنىڭ نەچچە يىللىق ئۆزلىشىش تارىخى جەريانىدا سىناقلاردىن ئۆتۈپ، يالتىرىشىدىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە، بۇ باسقۇچ يەنىلا تەبىئىي پەن روھىنى ئىستىخىيىسىز ھالدا قوبۇل قىلىش باسقۇچىدۇر. ئەمدى بۇ روھنى ئۆزىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرغان ئاساستا ئاڭلىق، پىلانلىق يوسۇندا قوبۇل قىلىشقا ئۆتۈشىمىز لازىم. شۇندىلا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويىدۇ. شۇڭا، كەڭ ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى تەبىئىي پەن ئۆگىنىشى، ئۇنىڭ روھىنى ئۆز جىسمىغا كىرگۈزۈشى، تەبىئىي پەننىڭ مول مېتودولوگىيىسى بىلەن قوراللىنىشى كېرەك. پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قولىدىن ناخشا ئېيتىش، ساز چېلىش، ئۇسسۇل ئويناش، تەرجىمە قىلىش، شېئىر ـ ھېكايە يېزىشتىن باشقا ئىش كەلمەيدىغاندەك تۇرغان، خەقلەر ئايغا چىقىۋاتسا تۇنجى ئايروپىلان ھەيدىگۈچى، تۇنجى پويىز شوپۇرى دەپ گېزىت ـ ژۇرناللىرىمىزدا پەخىرلىنىۋاتقان مۇشۇنداق بىر شارائىتتا تېخىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك. بۇ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈچۈن كۆرىشىۋاتقان ئوغلانلارنىڭ ئالدىدىكى زۆرۈر ۋە مۇشەققەتلىك بىر تەلەپ.

1991 ـ يىل قۇمۇل ـ قالغايتى تاغلىرى

---

ئاپتور: يېتىلىۋاتقان ئىجتىمائىيەت تەتقىقاتچىسى، قۇمۇل شەھەر غەربىي تاغ يېزا قالغايتى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى (MI)



# بىز قانداقلارچە «ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى» دەپ ئاتىلىپ قالدۇق

**يالقۇن روزى**

1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى ھەققىدە يېزىلغان ماقالە ـ ئەسەرلەردە ئۇيغۇرلار ئومۇمەن «باتۇر، ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك مىللەت» دەپ تەرىپلىنەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېزىلغان شۇ خىلدىكى ماقالە ـ ئەسەرلەردە بولسا «ئۇيغۇرلار ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر مىللەت» دەپ تەرىپلىنىدىغان بولدى. يېقىندا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، پەلسەپە دوكتورى ياۋۋېي خانىمنىڭ بىر يېڭى كىتابىنى كۆرۈپ قالدىم. 2005 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلغان بۇ كىتابنىڭ نامى «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي پسىخىكىلىق ھالىتى ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە تەتقىقات» بولۇپ، ماۋزۇسىنىڭ ئۆزىلا مېنى ناھايىتى قىزىقتۇردى. دوكتور ياۋۋېي خانىم 1 ـ بابنىڭ بېشىدىلا «جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىدە، ئۇيغۇرلار ‹ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى› دەپ تەرىپلىنىدۇ. بۇ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا بەرگەن باھاسى ۋە ئۇلار ھەققىدىكى تونۇشى» دەپ يازغانىدى. مەن بۇ جۈملىنى ئوقۇپ بىر ھازا ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتىم.

«پسىخىكىلىق ھالەت» دېگەن كىشىلەرنىڭ سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى پوزىتسىيىسى، قىممەت قارىشى ۋە ئىنتىلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئۇقۇم. بىر مىللەتنىڭ پسىخىكىلىق ھالىتىدىكى بۇ خىل ئامىللار يەنى پوزىتسىيە، قىممەت قاراش ۋە ئىنتىلىش ئۆز نۆۋىتىدە شۇ مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى ئامىلى ۋە قوزغاتقۇچىسى بولۇپ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋانى چوڭ بىلىدىغان پوزىتسىيىمىز، قىممەت قارىشىمىز ۋە ئىنتىلىشىمىز جەمئىيەتنىڭ ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىدا قانچىلىك قوزغاتقۇچلۇق رول ئوينىيالىشى مۇمكىن؟! «ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاساس» دەپ تونۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا، بىزنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىمىز، قىممەت قارىشىمىز ۋە ئىنتىلىشىمىز مىللىتىمىزنىڭ رىقابەتكە تولغان دۇنيادا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىغا، بىلىم ئىگىلىكىنى بەلگە قىلغان جەمئىيەتتە تېگىشلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى تېپىشىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتەرمۇ ياكى پاسسىپ تەسىر كۆرسىتەرمۇ؟

ياۋۋېي خانىم كىتابىدا 467 نەپەر ئۇيغۇرنى ئوبيېكت قىلىپ، ئۇلارنىڭ «ئۆز مىللىتىنى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە دەپ تونۇيدىغانلىقى»نى تەكشۈرگەن. تەكشۈرۈلگۈچىلەرنىڭ قاتلىمى كادىر، ئوقۇتقۇچى، دېھقان، ئىشچى ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن تەركىب تاپقان؛ باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئالىي مەكتەپكىچە بولغان ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ

ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى قاتناشقان. تەكشۈرۈلگۈچىلەردىن تۆ-
ۋەندىكى 14 تۈر بويىچە ئۆز مىللىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ
بېرىش تەلەپ قىلىنغان: 1. دوستلۇققا ئەھمىيەت بېرىدۇ؛ 2. ناخشا ـ
ئۇسسۇلغا ماھىر؛ 3. يۇمۇرلۇق؛ 4. ئۈمىدۋار؛ 5. بېكىنمە؛ 6. ئو-
چۇق ـ يورۇق؛ 7. ئۈمىدسىز؛ 8. ئەقىللىق؛ 9. ئەستايىدىل؛ 10. ئىچ
مىجەز؛ 11. ئىشچان؛ 12. تۈز كۆڭۈل؛ 13. باتۇر؛ 14. مەرد. تەكشۈ-
رۈشنى قوبۇل قىلغان 467 نەپەر كىشىنىڭ 369 نەپىرى «ئۇيغۇرلار
ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر» دەپ كۆرسىتىپ، بۇ جەھەتتە بىرىنچى
ئورۇندا تۇرغان.

تارىختا ئات ئۈستىدە قويۇندەك چېپىپ كېتىۋېتىپ ئوقنى ئالدىغا
قانداق ئاتسا، ئارقىسىغا قارىتىپمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئېتىپ
ئىسكەندەر زۇلقەرنەيندەك دۇنياۋى غالىب ئىستېلاچىنى ھەيران قال-
دۇرۇپ «ئوقياچى مىللەت» دەپ ئاتالغان خەلقىمىز؛ چىڭگىزخان
دەۋرىدە تۇرلۇك ساھە بويىچە يېتىلگەن ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ
كۆپلۈكى بىلەن «مەرىپەتچى مىللەت» دەپ ئاتالغان خەلقىمىز قان-
داقلارچە بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە «ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى»
دېگەن تاجنى كىيىپ قالدى؟! شۇ تاپتا ئۆزىمىزمۇ ئۆزىمىزنى مۇشۇ
جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىمىز بىلەن ئۇلۇغلايدىغان، باشقا مىللەتلەرمۇ
بىزنى شۇ سۈپەت بىلەن تەرىپلەيدىغان بولدى!

ئەلۋەتتە، ھەرقانداق ئىشنىڭ سەۋەبى بولىدۇ. مىللىتىمىزنى ناخ-
شا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋاغا باغلاپ ئۇلۇغلىشىمىز، باشقىلارنىڭمۇ
بىزنى مۇشۇ جەھەتتە تەرىپلىشىنىڭ تۇرلۇك كونكرېت ھەم مۇرەككەپ
سەۋەبى بار. ئالدى بىلەن تۇرمۇشىمىزدا رادىئو ـ تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ،
سىنالغۇ، VCD ئاپپاراتلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىشى بىر سە-
ۋەب. رادىئو ئىستانسىلىرى بىلەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ بۇ
جەھەتتىكى خىزمەتنى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئەڭ يۇكسەك ئورۇنغا
قويۇۋېلىشى، ئەتىگەندىن كەچكىچە دۇنيادا نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ
ئۇسسۇلدىن بۆلەك ئىشلار يوقتەك شۇنىلا ئاڭلىتىش، شۇنىلا كۆرسە-
تىشكە كۆچىشى يەنە بىر سەۋەب. بازار ئىگىلىكىنىڭ ناخشا ـ ئۇس-
سۇل، نەغمە ـ ناۋا سەنئىتىگە كەڭ كۆلەملىك بازارلىشىش پۇرستى
ئاتا قىلىشى يەنە بىر سەۋەب. روشەنكى، بۇ سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسى
تاشقى سەۋەب. ئەڭ مۇھىم سەۋەب يەنى ئىچكى سەۋەب شۇكى،
بىزنىڭ «ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى بولۇش»تەك ھازىرقى ھالىتىمىز
بىلەن «نەغمە ـ ناۋاغا زىيادە ھېرىسمەن بولۇش»تەك پىسخىكىمىز
ئۇلۇغ تاناسىپتۇر. مۇشۇ كۈنلەردە نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا
مەستانىلەرچە ئىنتىلىش خەلقىمىزنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىغا ئايلىنىپ
كەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەڭ تۇپ، ئەڭ يېتەكچى خۇمار ـ ھېسسى-
ياتىغا ئايلىنىپ بولدى، دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋا جە-
ھەتتە ئەتراپىدىكى مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئەزەلدىن ئۈستۈن ھالەتتە
بوپكەلگەن. ئەمما، ھەربىي ئىشلاردىكى جەڭگىۋارلىقنى ناخشا ـ
ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋاغا ھامىي قىلغان. سودا ـ تىجارەتنى مۇھىم،
ئىلىم ـ مەرىپەتنى چوڭ بىلىشنى، ھۈنەر ـ ئەمگەكنى قولدىن بەر-
مەسلىكنى ئالدىنقى قاتاردىكى ئىش ھېسابلىغان. ئالدى بىلەن مۇشۇ
نەرسىلەرگە ئىنتىلگەن. ئالدى بىلەن مۇشۇ نەرسىلەرگە ئىنتىلمەي ۋە
ئېرىشمەي تۇرۇپ ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋاغا دۇم چۈشۈشنى
مەسئۇلىيەتسىزلىك، نورمالسىزلىق، ئويۇنقىپىلىق، دەپ ھېسابلىغان.
ئەمەلىيەتتىمۇ بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ناخشا ـ ئۇسسۇل،
نەغمە ـ ناۋانىڭ زىيادە ئۈستۈنلۈك ئېلىپ يامراپ كېتىشى جەمئىيەت-
شۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندابىر خىل مىللىي چۈشكۈنلۈك، دەپ
قارىلىدۇ. بۇ خىل پاسسىپ پىسخىكىلىق ھالەت «سەنئەتخۇمار مىل-
لەت» دېگەنگە ئوخشاش ھەر قانداق چىرايلىق سۆزلەر بىلەن سۇ-
پەتلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، مىللەتنىڭ ئومۇمىي قىممىتى بىلەن ماس-
لاشمايدىكەن، ئۇ كۈلكىلىك ئىش بوپقالىدۇ. بۇنىڭدىن 1000 يىللار
ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئات ئۈستىدە زەپەر قۇچۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئې-
تەكلىرىدە زور ھەربىي كۈچ بولۇپ تونۇلۇپ، قۇدرەتلىك خانلىقلارنى
قۇرغان، مەدەنىيەت جەھەتتە قېرىنداش مىللەتلەرگە باشلامچى بولغان
چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋالىرى قوشنا
ئەللەرنىڭ، ساياھەتچى ـ سەيياھلارنىڭ نەزەرىدە ئاجايىپ زور ئار-
تۇقچىلىق ھېسابلانغان. ئەمما، بۇنىڭدىن 100 يىللار ئىلگىرى خەلقى-
مىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى
مىسلىسىز تۆۋەن ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندا، بۇ جەھەتتىكى ئارتۇق-
چىلىقىمىز كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سىغماي قالغان. مەسىلەن: 1906 ـ يىلى
قەشقەرگە كەلگەن فىنلاندىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى مانېرخېيم
(MANNERHEIM) ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە: «ئۇيغۇرلارنىڭ
تەبىئىتى بىكار تەلەپ، كەيپ ـ ساپا تۇرمۇشقا ئادەتلەنگەن، تەييار-
تاپ، كۈن ـ كۈنلەپ لاغايلاپ يۈرىدۇ، ئىشلەي دېمەيدۇ. بولۇپمۇ
قوغۇن پىششىقىدا ئۇلار توپلىشىپ ئولتۇرۇشۇپ، بىر ـ ئىككى قو-
غۇن ـ تاۋۇزنى يېچىپ داستىخانغا قويۇۋېلىپ، ئەتىگەندىن تۈن يې-
رىمىغىچە توختىماي نەغمە ـ ناۋا قىلىشىدۇ»، دەپ خاتىرىلىگەن.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ
ناۋا مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا، ئىقتىسادىي قۇۋۋىتىگە بېقىپ
گاھىدا يارىشىدۇ، گاھىدا ياراشمايدۇ. بۈگۈنكى شارائىتىمىزدا ناخشا ـ
ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋاغا زىيادە ھېرىسمەن بولۇش بىزگە يارىشا-
مدۇ ـ ياراشمامدۇ؟ دېگەن مەسىلىگە كەلگەندە، چوڭقۇرراق ئويلىنىپ
بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە، بۈگۈنكى دۇنيادا كۆپ جەھەتتە باش-
قىلارنىڭ كەينىدە قالغان، ئىقتىسادىي قۇۋۋىتى ئاجىز، ئىجتىمائىي تە-
رەققىياتى نىسبەتەن قالاق، پەن ـ تېخنىكىسى راۋاجلانمىغان، مائارىپ
سۈپىتى تۆۋەن، ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زاماندىكى تە-
رەققىيات نەتىجىلىرىگە بىر ئۇلۇش ھەسسە قوشالمىغان بىر مىللەتنىڭ
ئويۇن ـ تاماشا ھېسابلىنىدىغان ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋاغا
خۇددى يوقاتقان ھالدا ھېرىسمەن بولۇشى، شەك ـ شۈبھىسىزكى
چۈشكۈنلۈك. تېخىمۇ كەسكىنرەك ئېيتقاندا، دەۋر بىلەن ھاماقەتلەرچە
قارشىلاشقانلىق.

بىز كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ بۈگۈنكى دەۋرگە قاراپ باقايلى!
دەۋر بىزنى نېمىگە چاقىرىدۇ، بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ماھىيىتى نېمە؟

خەق نېمە ئۇيدا، بىز نېمە كويدا؟! بۈگۈنكى دەۋر بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى، رىقابەت دەۋرى! دەۋرنىڭ بۇ خىل تەلىپىگە بىز ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋاغا تەلۋىلەرچە ھېرىسمەن بولغان پسىخىكىلىق ھالىتىمىز بىلەن قانداقمۇ تاقابىل تۇرالايمىز؟! كۆپ خىل ئىقتىدار ئىگىلىرى يېتەرلىك بولغان، ئۇنىۋېرسال ساپاسى ھازىرلانغان مىللەتلەرلا بۇ خىل تەلەپكە يېقىنلىشالايدۇ ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇ رىقابەتكە قاتنىشالايدۇ. بىزگە ئوخشاش روھىيىتىدە «سەنئەتخۇمارلىق» تەركىبى زىيادە ئارتىپ كەتكەن مىللەتلەر رىقابەت سەھنىسىدە باشقىلار بىلەن ھەرگىزمۇ روبىرو بولالمايدۇ. چۈنكى بىر مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدا «سەنئەتخۇمارلىق» تەركىبى زىيادە ئارتىپ كەتسە، تەبىئىي ھالدا ئەقلىي تەركىبنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىدۇ. ئەقلىي تەركىبى كەمتۈك مىللەتلەر قانداقمۇ ئەقىل ۋە بىلىمنى دەسمايە قىلىپ ياشاشقا ئادەتلەنگەن مىللەتلەر بىلەن رىقابەتلىشەلىسۇن؟! بۇنداق بولۇۋەرسە ئاخىرقى ھېسابتا رىقابەتتە غەلىبە قۇچقان مىللەتلەرگە بىر چەتتە تۇرۇپ ئالقىش ياغدۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان «چاۋاكچى مىللەت» بوپقالمايمىزمۇ؟

بەزىلەر «خەلق نېمىنى ياخشى كۆرسە، شۇ نەرسە قەدىرلىك بولىدۇ، ئۇلۇغ بولىدۇ؛ خەلقىمىز ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋانى ياخشى كۆرىدۇ، بىز خەلقىمىزنىڭ بۇ خىل تاللىشىنى ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك» دەيدۇ. بۇ تولىمۇ ئاددىي قاراش. خەلقنىڭ تاللىشى، خەلقنىڭ ياخشى كۆرۈشى ھەممە ۋاقىتتا توغرا بولۇۋەرمەيدۇ. خەلقىمىز ئىلى ھارىقىنىمۇ ئادەمنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە ئىستېمال قىلىدۇ. بۇمۇ خەلقىمىزنىڭ بىر خىل تاللىشى. ئۇنى ھېچكىم زورلىغان ئەمەس. خەلق ھەقىقەتەن ئۇلۇغ. خەلقنىڭ ئۇلۇغلۇق مەسىلىسى مەڭگۈلۈك مەسىلە. ئەمما، خەلقنىڭ تۇتقان يولىنىڭ توغرا ـ خاتا بولۇشى باشقا مەسىلە. ئۇلۇغ ئالىم ئېينىشتېين «مېنىڭ دۇنيا قارىشىم» دېگەن ماقالىسىدە: «ئاۋام ئىدىيە جەھەتتە ئومۇمەن قاشاڭ كېلىدۇ» دەپ ئېيتقان. خەلقىمىز ئافاق خوجىدەك لەنەتگەردىلەرنى 300 يىللاپ ئەۋلىيا بىلىپ، مازىرىغا تاۋاپ قىلىپ كەلگەن. ھەقىقەتنى كۆپ ھالدا دانىشمەن ـ مۇتەپەككۇرلارلا تونۇيالايدۇ ۋە ئاشكارىلىيالايدۇ. خەلقنىڭ تاللىشى ۋە مايىللىقى ھە دېگەندىلا توغرا بولۇۋەرمەيدۇ. ئېنىقراق ئېيتقاندا، خەلقنىڭ تاللىشى ۋە مايىللىقى ھەرگىزمۇ بىردىنبىر ئۆلچەم بولالمايدۇ. ئەگەر ھەممە ئىشتا، ھەر ۋاقىت خەلقنىڭ تاللىشى ۋە مايىللىقى ئۆلچەم قىلىنسا، ئۇ ھالدا خەلقنى يېتەكلەيدىغان، يىراقنى كۆرەر يېتەكچى ـ داھىيلارنىڭ؛ پايدا ـ زىيان، ياخشى ـ ياماننى ئېنىق ئايرىش، ھەقىقەتنى پەرق ئېتىش قابىلىيىتىگە ئىگە دانىشمەن ـ مۇتەپەككۇرلارنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ. خەلق ئۆزىلا ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە ياشاۋەرسە، نېمىنى ياخشى كۆرسە قەدىرلەۋەرسە، نېمىنى خالىمىسا چۆرۈپ تاشلاۋەرسە ئۆزىنىڭ تاللىشى. ئەمما، ئاخىرىدا ھالاك بولىدىغىنى خەلق! بىلىشىمىز لازىمكى، ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىن باشلاپ يېتەكچى ـ داھىيلار بىلەن دانىشمەن ـ مۇتەپەككۇرلارغا ئىزچىل موھتاج بوپكەلگەن. شۇڭا، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىنىڭ 265 ـ بېيىتىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ مۇنداق يازغان: «قارا، ئېسىل كىشىلەر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى بەگ، بىرى ـ دانا، (ئۇلار) ئىنسانلارنىڭ باشلامچىسىدۇر». بۇ يەردىكى بەگ ئەل باشچىلىرىنى يەنى يېتەكچى ـ داھىيلارنى، دانا دېگىنى دانىشمەن ـ مۇتەپەككۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلۇغ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىزگە ئۇلارنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئەڭ ئېسىل كىشىلەر، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ باشلامچىلىرىدۇر، دەپ كۆرسىتىپ بەرگەن.

بەزىلەر «بىزگە سەئىدىيە خانلىقىدىن 12 مۇقام مىراس قالغان. بۈگۈنكى كۈندە بىزنى 12 مۇقام دۇنياغا تونۇتتى. بىز دۇنيادا ‹ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى› دەپ ئېتىراپ قىلىندۇق. بىز يا ئىلىم ـ پەندە، يا تېخنىكىدا تونۇلمىدۇق. شۇڭا خەلقىمىزنى دۇنياغا تونۇتۇۋاتقان ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋانى ئۇنداق ـ مۇنداق دېيىش خاتا!» دەيدۇ. توغرا، بىز مىللىتىمىزنى باشقىلارغا، دۇنياغا تونۇتىدىغان مىللىي بايلىقلىرىمىزنى قەدىرلەيمىز ھەم ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىمىز. ئەمما، بىزنى ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر بىر مىللەت سۈپىتىدە دۇنياغا تونۇتۇشتىنمۇ ئاۋۋال، بىز مىللىتىمىزنىڭ دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدا ئۇزاق مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە مىللىي بايلىقلارغا تېخىمۇ موھتاج. ئويغانغان مىللەتلەر ئۇنىۋېرسال مىللىي كۈچىنى ئاشۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتسا، بىز ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋالىرىمىز مىللىتىمىزنى دۇنياغا تونۇتۇۋاتىدۇ، دەپلا قانائەت قىلساق بولمايدۇ. چۈنكى، تونۇلۇشقا قارىغاندا مەۋجۇدلۇقنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىش تېخىمۇ مۇھىم! دۇنياغا تونۇلۇشنىڭ يوللىرى تولا، بەزى ھاللاردا ئۇ بىردەملىك ئىش. ئەمما، مەۋجۇدلۇققا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ يوللىرى ئىنتايىن تار ۋە مۈشكۈل. شۇڭا بىز ناخشا ـ ئۇسسۇلدىن ئىبارەت بىرلا ئىشقا بەند بوپقالمايلى، نەغمە ـ ناۋادىن ئىبارەت بىرلا ئىشنى ئۇنچىۋالا چوڭ بىلىۋالمايلى، ئۇنىۋېرسال مىللىي كۈچىمىزنى ھازىرلاشقا تىرىشايلى. نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇل بىزنىڭ بايلىقىمىز، ئەمما بارلىقىمىز ئەمەس! ئەگەر ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋا جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىمىز بىلەنلا قانائەتلىنىپ، پەخىرلىنىپ، مىللىتىمىزنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى «سەنئەتخۇمار» دېگەن سۈپەتكە مىخلىۋېتىپ، نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇلنى مىللىتىمىزنىڭ تۈپ خۇمارى قىلىپ ياشاشقا ئادەتلىنىپ كەتسەك، ئۆمرى كوتا، بەختى قارا تەقدىرگە مۇپتىلا بولماي قالمايمىز.

مۇتەپەككۇر ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» ناملىق چوڭقۇر مۇلاھىزىلىك ماقالىسىدە، قاراخانىلار خانلىقى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇنىۋېرسال ئەۋزەللىكلىرىمىز، ئەقلىي تەپەككۇرغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئەمەلىيەتچىل، ھاياتىي كۈچكە ئىگە جۇشقۇن مىللىي خاراكتېرىمىز ھەققىدە سۆيۈنۈش بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ كېلىپ، 1400 ـ يىللاردىن كېيىنكى مىللىي ھاياتىمىز ھەققىدە ئۆكۈنۈش بىلەن مۇنداق قۇرلارنى يازغان: «ئۇلۇغبەگ پاجىئەسىدىن كېيىن ئەدەب ـ شائىرلىقتىن باشقا بىزدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئالەمشۇمۇل ئالىملار چىقمىدى. مەنىۋى مەدەنىيەت خەزىنىمىز ھېسسىي سەنئەت ۋە ئەدەبىياتنى بىردىنبىر ئىپتىخار پەللىسى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. قولىمىزنىڭ يەتكىنى

ئۇسسۇل، دېمەمىزنىڭ يەتكىنى ناخشا بولدى! بىز «ئېتنولوگىيىلىك مىللەت» كاتېگورىيىسىدىكى «ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى»، «شېئىر مىللىتى» بولۇپ قېلىۋەردۇق. بوياقچىدىن ئارتۇق خىمك، تۆمۈرچىدىن ئارتۇقراق فىزىكلىرىمىز بولمىدى...

سەنئەتتە داڭق چىقارغان، سەنئەتكە يۆلىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان سىگانلارنىڭ ئاقىۋەتتە يۇرت ـ ماكانسىز جاھان كېزىپ، تەلەپ ـ تىرىپ ياشاشقا چۈشكەن لاماكانلىقى بىلەن، تارىخ بورانلىرىدا چېچىلىپ، جەڭ ـ جېدەللەردە قىرىلىپ ھالى قالمىغان يەھۇدىيلارنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە ئۆتكۈر پەنلەرگە بولغان يۈكسەك ئېتىباردىن «ئالىملار مىللىتى»، قۇدرەتلىك، زامانىۋى مىللەت كامالەتكە يەتكەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا نېمىشقا كەلتۈرمەيمىز؟!» (ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «يېپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 5 ـ ، 6 (قوشما سان)؛ «يېپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى).

ئىنسانىيەت يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغان مۇشۇ شارائىتتا، دۇنيادىكى بارلىق چوڭ ـ كىچىك مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ نېمە قىلىشى زۆرۈرلۈكىنى كۈنسايىن چوڭقۇر تونۇپ يېتىۋاتىدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋانى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي خۇمارى، ئەڭ ئالىي خۇشاللىقى قىلىشنىڭ كويىدا ئىزدەنمەيۋاتىدۇ. بەلكى، مەدەنىيەتنىڭ ھەممە ئامىللىرىغا ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈپ، بىرلەمچى ئامىللار بىلەن ئىككىلەمچى ئامىللارنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىنى، ماھارەت تېپلىق كىشىلەر بىلەن پاراسەت تېپلىق كىشىلەرنىڭ قىممەت تەرتىپىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ. قازاقىستاندا نەشر قىلىنغان «قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستانلاردا 20 ـ ئەسىردە تونۇلغان مەشھۇر ئۇيغۇرلار» دېگەن بىر قىممەتلىك كىتاب يېقىندا قولۇمغا چۈشۈپ قالدى. شۇ كىتابنىڭ مۇندەرىجىسىگە قارىساقلا، ئەسلي نېمىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈش، قايسى خىلدىكى كىشىلەرنى كۆپ يېتىلدۈرۈشكە كۈچەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ يەتكىلى بولىدۇ. كىتابنىڭ مۇندەرىجە تەرتىپى مۇنداق: 1. ھاكىمىيەت ئۈستىدە بولغانلار؛ 2. ئىقتىساد ساھەسىدە باش كۆتۈرگەنلەر؛ 3. ئارمىيىدە داڭق چىقارغانلار؛ 4. تەشكىلاتچىلار؛ 5. ئالىملار ـ ئاكادېمىكلار؛ 6. دوختۇرلار؛ 7. مائارىپچىلار؛ 8. ئەدىبلەر؛ 9. ئاخباراتچىلار؛ 10. ئارخىتېكتورلار؛ 11. رەسسام ـ ھەيكەلتىراشلار؛ 12. تىياتىر، مۇزىكا، كىنو، ئۇسسۇل ساھەسىدىكىلەر؛ 13. تەنھەرىكەتچىلەر.

ھازىر بىزدە بولسا ئەھۋال باشقىچە: ئىككى كۆزىمىز نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇلچىلارغىلا تىكىلىك؛ روھىمىز ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋالارغىلا كۆڭۈل بۆلۈكلۈك. ئەڭ ئالىي ھەۋىسىمىز، ئەڭ يۇقىرى ئىنتىلىشىمىز، ئەڭ ئومۇمىي خۇشاللىقىمىز پەقەتلا نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇل! مىللىي ئىپتىخارىمىزمۇ شۇنىڭغا مەركەزلەشكىلىك. شۇبھىسىزكى، بۇ بىر غەلىتە قىسمەت!

---

ئاپتور: تونۇلغان ئەدەبىيات ئوبزورچىسى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر (M1)

# تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1. ئاپتورلار كونۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم ـ فامىلىسى، كەسپى، ئادرېسىنى ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى، ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن تېلېفون ۋە يانفونى بارلار ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك.

2. ئەسەرلەر ئۆلچەملىك ماقالە ياكى ئىش قەغىزىگە قۇر ئارىلىقى كەڭ، ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن يېزىلىشى كېرەك. بەتنىڭ ئاستى ـ ئۈستىدىن مۇۋاپىق ئاق تاشلانمىغان، ئالدى ـ ئارقىسىغا يېزىلغان، ئىملاسى سەت، قۇر ئارىلىقى زىچ، سۆز ـ جۈملىلەر گىراماتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ. كومپيۇتېردا بېسىتۇرۇپ ئەۋەتىش شەرت ئەمەس.

3. ئەسەرلەردە ئېلىنغان ستاتىلارنىڭ ئاپتورى، بېسىلغان كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر قىلغان نەشرىياتلار گېنىق، توغرا، ئېنىق ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

4. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلي نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، نەشر قىلغان گېزىت ـ ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسىنى قوشۇپ قويۇشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

5. يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار، بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز ئادرېسلىرىنى يازغاندا، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئالچىنچى كەنت، مۇنچىنچى كەنت دەپ سان ـ رەقەم بىلەن ئالماي، شۇ يەرلىك ھۆكۈمەت ئورناتقان يەر ـ جاي ناملىرى تاختىسىدا يېزىلغىنى بويىچە ئەسلي ئاتىلىشى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىگە توغرا يېزىشى كېرەك.

6. ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت ئەمەس. زۆرۈر تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپتورلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.

7. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، رۇخسىتىمىزسىز تورغا چىقىرىشقا، توپلام تۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رادىيو ئىستانسىلىرى ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى ئاڭلاتقاندا ژۇرنىلىمىزدىن ئېلىنغانلىقىنى ئېنىق ئەسكەرتىشى كېرەك.

8. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

9. پوچتىدىن قەلەم ھەققى سېلىشتا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە كىملىكىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئۆز يازمىسىغا چاپلاپ ئەۋەتىشى كېرەك.

ـ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

# تىل ۋە ئادەمنىڭ تەرەققىياتى



مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

ئۆيىڭىزدە ئوماق كىچىك بالىڭىز بارمۇ؟ ياكى سىز ياشانغان كىشى بولسىڭىز، تاتلىق نەۋرىڭىز سىز بىلەن بىللە تۇرامدۇ؟ ئۇنداقتا سىز ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە قانداق ئادەم بولۇپ چىقىشى ھەققىدە ئويلىنىپ باقتىڭىزمۇ؟ سىز ئۇلارنىڭ بوۋاقلىق، گۆدەكلىك چاغلىرىنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقانلىقىغا كۆڭۈل بۆلدىڭىزمۇ؟ ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقى، نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقى، قانداق ئويۇنلارنى ئويناۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلامسىز؟ دېمەكچى بولغىنىمىز، بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنى بالىلارنىڭ ئائىلىدىكى تەربىيە شارائىتى ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە قانداق ئادەم بولۇپ چىقىشنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

ئەۋلادلىرىمىز مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن قانداق تەربىيىلىنىشى كېرەك، دېگەن بۇ چېتىشلىق دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل يۈرگۈزۈش ئۇشبۇ ماقالىمىزنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس. ھازىر بىزنى ئانا تىلنىڭ بالىلارغا بولغان تەربىيىۋى تەسىرىدىن ئىبارەت بۇ بىر تارماق ھەممىدىن بەك قىزىقتۇرىدۇ.

بۈيۈك رۇس پېداگوكى ك. د. ئۇشىنسكىي ئانا تىلنى «ئەڭ ياخشى خەلق ئوقۇتقۇچىسى» دەپ تەرىپلەيدۇ. قەدىمكى ئۆتمۈشتە كىتابمۇ، مەكتەپمۇ بولمىغان چاغدا، ئانا تىل ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ بىلىم تەجرىبىسىنى ئاشۇرغان. خەلققە بىلىم بەرگەن؛ ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ھازىرمۇ ئادا قىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدۇ. ھەربىر يېڭى ئەۋلاد ئۆزىدىن ئىلگىرى بۇ زېمىندا ياشاپ ئۆتكەن، شۇنداقلا باشقا بىر جايدا ياشاپ ئالىلقاچان تۇپراققا ئايلىنىپ بولغان نۇرغۇن بوغۇنلۇق ئەجدادلارنىڭ پىكىر، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى؛ كەچمىش، كۆرگەن ـ بىلگەن، ئويلىغانلىرىنى ئانا تىل ئارقىلىق ناھايىتى ئاسان چۈشىنىۋالىدۇ. چۈنكى ئانا تىل شۇ مىللەت مەنىۋى ھاياتىنىڭ مۇكەممەل يىلنامىسى. «بىر مىللەتنىڭ تىلى ئۆز نۆۋىتىدە شۇ مىللەتنىڭ تارىخىدۇر. بىر مىللەتنىڭ تارىخىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇستىخان ـ سۆڭەك، قەبرە، كېپەنلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ جانلىق بىر پاكىت باركى، ئۇ بولسىمۇ تىلدۇر» ① دەيدۇ ياكۇپ گرىم. دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئېچىۋاتقان بالا، بىرىنچىدىن، ئۆز ئەتراپىدىكى تەبىئەتنى، ئۇنىڭ بارلىق سىرلىق ھادىسىلىرىنى؛ ئىككىنچىدىن، جەمىيەتنى، كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئىجتىمائىي ئالاقە، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى؛ ئۈچىنچىدىن، مىللەتنىڭ ئىدىيە ـ ئاڭ، دۇنيا قاراش ـ پەلسەپىسىنى ئانا تىل ئارقىلىق ھېچبىر قىينالماستىن ھېس قىلالايدۇ. ھەربىر سۆزلۈك بەلگىلىك بىر شەيئى بىلەن باغلىنىشلىق بولغاچقا سۆزلۈكلەر ھەققىدىكى تونۇش شەيئىلەر ھەققىدىكى تونۇشقا ئېلىپ بارىدۇ؛ سۆزلۈكلەر كىشىلەرنىڭ تەبىئەتكە، رېئاللىققا بولغان ئىنكاسىنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىشىدۇر. مىللەتنىڭ پەلسەپىسى مىللەتنىڭ دىلىدا، ئانا تىلىدا ساقلىنىدۇ. ئانا تىل دەل بىز ياشاۋاتقان تەبىئىي مۇھىت، شۇ ئىجتىمائىي زېمىندا بارلىققا كەلگەنلىكتىن، بالا ئۆز

## تىل ـــ دىلنىڭ ئاچقۇچى

ئەتراپىدىكى دۇنيانى، كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ئانا تىلدا ئەڭ ئاسان چۈشىنەلەيدۇ.

خاسلىق پسىخىكىسى تەتقىقاتلىرىدىن قارىغاندا، ئادەمنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلى بەلگىلىك مىللىي خاسلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ گېنىغا بولغان تەسىرىنىڭ نەتىجىسى ئىكەن. مەدەنىيەت پەرقىنى تۇغدۇرىدىغان ئاساسلىق ئامىللاردىن بولغان تىل، ئىدىيە، ئېتىقادلار مىللىي تەپەككۇر شەكلى سۈپىتىدە ئۇزاق زامانلار داۋامىدا گېن بەلگىسى بوپقالىدىكەن. فىلىڭ جەنجۈن ئەپەندى «مەيلى خۇدا ياكى تەبىئەت بولسۇن، ئادەمنى ياراتقاندا ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۆزىگىلا خاس ـ تەئەللۇق بولغان نەرسىلەرنى ئاتا قىلغان» [2] دەيدۇ.

تىل مىللەتنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش شۇنداق خاسلىققا ئىگە ئىكەنكى، بەزىدە بۇ خاسلىق زىيادە ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغانلىقتىن، بىر مىللەت تىلىدىكى مەلۇم بىر ئۇقۇمنى باشقا بىر تىل ئاسانلىقچە ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى «داستىخان» دېگەن سۆزنى ئېلىپ ئېيتساق، تاماق ۋاقتىدا شىرەگە، نەزىر ـ چىراغ، توي ـ تۆكۈنلەردە پالاز، كىگىز، گىلەمنىڭ ئۈستىگە، دېھقان ئايال ئېتىزدىكى ئېرىگە يېمەكلىك ئاپارغاندا ئوت ـ چۆپ ياكى داق يەرنىڭ ئۆزىگە بىۋاستە سېلىنىدىغان، ئادەتتىكى چاغلاردا نان قاتارلىق قۇرۇق يېمەكلىكلەر يۆگەپ قويۇلىدىغان (چوڭ ـ كىچىكلىكى ھەرخىل بولغان) بۇ بىر پارچە رەخت «داستىخان» نىڭ يەنە باشقا قوللىنىشلىرى بارلىقىنى بىلىمىز. «داستىخىنى چوڭ» دېگەن ئىبارىنىڭ مېھماندارچىلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەمنى، «ئالدىلىرىغا داستىخان سالاي» دېگەن ئىبارىدىن سۆزلىگۈچىنىڭ مېھمان قىلىپ كۈتۈۋېلىش ئويى بارلىقىنى، «داستىخىنىمىز غورىگىل بوپقالدى» دېگەن جۈملىنىڭ «ياخشى كۈتۈۋالالمىدىم» دېگەن مەنىسى بارلىقىنى، «داستىخان قىلىپ بارىمەن» ياكى «داستىخان كىرگۈزمەكچى» دېگەن ئىبارىلەرنىڭ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلار ئارىسىدىكى ئادەمگەرچىلىك ـ يوقلاش ئىشلىرىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. مانا مۇشۇ «داستىخان» نى باشقا بىر مىللەت تىلىدا بارلىق مەنىلىرى بىلەن تولۇق ئىپادە قىلىش توغرا كەلسە، ئۇنىڭغا مۇناسىپ بىر سۆزنى تېپىش، ئەگەر سىز خەنزۇ تىلى ياكى ياپون ۋە باشقا بىرەر تىل مۇتەخەسسىسى بولسىڭىز، ئۇنىڭ ئۇنچىۋالا ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقىنى، ھەتتا مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىسىز. ئۇيغۇر بالا ئۆز ئانا تىلىدىكى بۇ «داستىخان» دېگەن سۆزنى ئۆگەنگەندە، ئۇ بىر پارچە رەختنىلا ئەمەس، ئۆز مىللىتىنىڭ غىزالىنىش تۇرمۇش ئادىتىنى، مېھماندارچىلىق، كىشىلىك مۇناسىۋەت، بېرىش ـ كېلىش يوسۇنلىرىنى چۈشىنىۋالىدۇ. ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان بالا كىشى لەقەملىرىنى، مىسالەن: ئوبۇل قوشقاچ، زورا ئايغىر، سارىخان بۇقا، رەۋەيدۇل جۈن [3]، ياسىن سەتەڭ، ھەمدۇل يەڭگە، بارات گېرمان، سەيدۇل تەييار، نىياز غوڭ ـ غوڭ، مەمەت تەلتۆكۈس، خاسىيەت خوراز، روزى پەرەڭ... قاتارلىقلارنى ئاڭلىغاندا، ئۇ كىشىلەرنىڭ مىجەز خاراكتېرىنى ئوبرازلىق ھېس قىلسا، «يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن»، «مۈشۈكنى ھارۋىغا قاتساڭ، كاتىنىڭ ئاستىغا سۆرەيدۇ»، «ئىتنى ئەركىلەتسەڭ ئاغزىڭنى يالايدۇ»، «ئىتنىڭ ساددىلىقىدىن تۈلكە تۆرگە چىقىۋاپتۇ»، «تەلەپ قىل، سەۋەب قىل» دېگەندەك خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى ئاڭلىغاندا خەلقىمىزنىڭ دۇنيا قاراش ـ ھايات پەلسەپىسىنى شۇنداق روشەن چۈشىنىۋالىدۇكى، بۇلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش بىرەر فىلولوگىيە پەنلىرى پروفېسسورى ياكى پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى ئۈچۈنمۇ ئۇنچىۋالا ئاسان بولماس ئىدى. مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمىزدا بىز ئانا تىلنىڭ ئۆزىگە خاس سىرلىق مېتود بىلەن ھەيران قالارلىق ئوڭاي ئۇسۇلدا ھەم تېز، ھەم كۆپ ئۆگىتىدىغانلىقىغا قايىل بولماي تۇرالمايمىز.

بالا ئانا تىلنى ئۆگىنىۋاتقاندا، ھەربىر سۆزنىڭ ئۆزىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ مۇرەككەپ گراماتىكىلىق باغلىنىشلىرى، بۇ باغلىنىشلارغا مۇناسىۋەتلىك مەنا ئۆزگىرىشلىرىنى ئۆگىنىۋالىدۇ. ھېچبىر زورۇقماي داۋاملىشىۋاتقان بۇ ئۆگىنىش جەريانىدا بالا يەنە ئۆز ئىقتىدارىغا تۇشلۇق خەلقىنىڭ تىل يارىتىش ئىجادىي كۈچىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدۇ. ئانا تىل ئۆگىنىۋاتقان بالا تىل ئارقىلىق ھېسابسىز نۇرغۇن ئۇقۇم، نۇقتىئىنەزەر، ھېس ـ تۇيغۇ، ئوبرازنى چۈشىنىش ھالىتىدە بولىدۇ. ھەربىر ئاتا ـ ئانا بولغۇچى كىشى تېخى بەش ياشقىمۇ توشمىغان پەرزەنتىنىڭ بەزىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان گەپلەرنى قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ؛ بىز ئۇلارنىڭ ئۆز پىكرىنى شۇنداق ئەپچىل ئۇقتۇرغانلىقىغا قاراپ ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ كېتىمىز. قوشنام ئۈچ ياشلىق قىزىنىڭ سۆزلىرىدىن زوقلىنىپ «قىزىم چوڭ بولغاندا چوقۇم بىر ئالىم بولۇپ چىقىدۇ، ياكى بولمىسا بەك ئەقىللىقلىقىدىن ساراڭ بوپقېلىشى مۇمكىن» دېگەنىدى. تۆت ياشتىن ئەمدىلا ئاشقان بىر بالىنىڭ ئاغزىدىن چىققان تۆۋەندىكى سۆزلەرگە قاراپ باقايلى: 1. سېنىڭ دېگىنىڭ ھېساب ئەمەس؛ 2. مېنى تولا زورلىما؛ 3. بۇ ئىشقا سىز ئارىلاشماڭ؛ 4. خانئاپامنىڭ قولى سېھىرلىك قول، ئاچسىلا يەيدىغان ئوبدان نەرسىلەر چىقىدۇ؛ 5. ئىچىمنى تولا سىقماڭ؛ 6. ماڭا گەپ قىلماڭلار، ئەڭ خەتەرلىك جايغا كەپقالدىم؛ 7. بۇنىڭ ئاخىرىنى مەن ئۆزۈم يىغىشتۇرۇۋېتەي.

بۇ بالا مېنىڭ قىز نەۋرەم بولىدۇ. بىر كۈنى ئۇ مېنىڭدىن تېلېۋىزىيىدە ئورۇندالغان لەپەردىكى «كاككۇك بىلەن زەينەپتەك» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا «كاككۇك بىلەن زەينەپ بىر ـ بىرىگە ناھايىتى ئامراق بىر جۈپ قۇش، ئۇلار ئايرىلىپ كەتكەندىن بۇيان ھەمىشە سايراپ بىر ـ بىرىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىشىدۇ» دەپ جاۋاب بەردىم.

ئەتىياز مەزگىلىدە ئۆيىمىزنىڭ دېرىزىسىدىن كاككۇكنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بىنانىڭ ئۈستىدىكى تېلېۋىزور ئانتېنناسىغا قونۇۋېلىپ تىنماي سايراۋاتقان كاككۇكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرغان قىز نەۋرەم: «بۇ زەينەپ ئۆز دوستىنى چاقىرىپ ئەجەب سايراپ كەتتىغۇ، ئىچىمنى سېرىلدۇرۇپ» دېدى. بەش ـ ئالتە ياشلىق بالا ئۆز ئانا تىلدا سۆزلىگەندەك سۆزلىيەلەيدىغان بولۇشى ئۈچۈن بىرەر چەت ئەللىك كىشىنىڭ شۇ مىللەت ئىچىدە يىگىرمە يىللاپ تۇرۇشى يېتەرلىك بولارمۇ؟! بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا قانچىلىك بىلىم، ھېس ـ تۇيغۇ، پىكىر، لوگىكىنى بىلىشكە توغرا كېلەر. تىلدا مىللەتنىڭ روھى نامايان بولىدىغانلىقتىن، باشقا مىللەت تىلىنىڭ روھىنى ئۆزلەشتۈرۈشتە، بۇ چەت ئەللىكنىڭ تالاي قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدىغانلىقى ئېنىق. ۋەھالەنكى، مىللەتنىڭ تىل روھى ئانا تىلنى ئۆگىنىۋاتقان بالا ئۈچۈن ھېچقانچە نەرسە ئەمەس ئىدى.

پسىخولوگىيىلىك تەتقىقاتلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، باللىق مەزگىل ئادەمنىڭ زېھنىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مەزگىل بولۇپ، بالىلاردىكى تەرەققىيات جەريانى باسقۇچلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدىكەن. كونكرېت ئېيتقاندا: بىر ياشلىق مەزگىل ئاڭلاش ئىقتىدارى تەرەققىياتىنىڭ، ئىككى ـ ئۈچ ياش مەزگىل ئېغىز تىلى مەشقىنىڭ، ئۈچ

ياش ھەرىكەت ئادىتى شەكىللىنىشىنىڭ، تۆت ياش ئەقلىي ئىقتىدار تەرەققىياتىنىڭ، بەش ياش بولسا سان چۈشەنچىسىنى ئىگىلەشنىڭ، ئۈچ ـ ئالتە ياش خاراكتېر شەكىللىنىشىنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلى ئىكەن. مۇزىكىنى ئۈچ ياشتىن باشلاپ، چەت ئەللەر تىللىرىنى (ئاساسلىقى ئېغىز تىلىنى) ئون ياشتىن باشلاپ ئۆگەنسە ئەڭ ياخشى بولىدىكەن. دېمەك، بالىلارنىڭ ھەرىكەت ۋە ئەقلىي ئىقتىدار تەرەققىياتىدا مەلۇم ھالقىلىق ۋاقىت، مەزگىللەر بولىدۇ؛ بالا خالىغان ۋاقىتتا خالىغان نەرسىنى سىزسا بولۇۋېرىدىغان «ئاق قەغەز» ئەمەس، بەلكى ئۇ خاس ئاناتومىيىلىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك نېرۋا تۈزۈلۈشىگە ئىگە، «پروگرامما»سى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان جانلىق مەۋجۇدات بولۇپ، مەزگىلى ئۆتۈپ كەتسە بالا شۇ خىل تەرەققىيات جەھەتتە قىيىنچىلىققا ئۇچرايدۇ دېگەن سۆز. تىل ئۆگىنىشمۇ دەل مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىئوپسىخىك جەھەتتىن ئالغاندا تىل بىر خىل مېڭە ھادىسىسى. بالىلار تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋە تۇغۇلغاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چوڭ بولىدۇ. ئۇ سۆزلەشنى بىلمىسىمۇ، ئانا تىل تاۋۇشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنىيەتلىك بىرىكىشلىرى، تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ خاس ئاناتومىيىلىك تۈزۈلۈشىدىن ھاسىل بولىدىغان مىللەت تىلىنىڭ تېمبىرى ئانىنىڭ يېقىملىق پەپىلەشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ بالىنىڭ قەلبىدە يارقىن تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل تۇيغۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بالىنىڭ مېڭىسىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇرىدۇ. بۇ ماھىيەتتە ئانا تىلنى ئۆگىنىشنىڭ ھېسسىي جەريانى بولۇپ، ئەقلىي تەرەققىيات مۇشۇ جايدىن باشلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتىكى پسىخىك تەرەققىيات سەۋىيىسى كېيىنكى باسقۇچتىكى تەرەققىياتنىڭ ئۇندۇرمىسى بولىدۇ.

بالا مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرى ئائىلىدە ئانا تىلدا پۇختا تەربىيىلىنىشى، ئاتا ـ ئانىلار ئانا تىل تەرەققىياتىدىكى بۇ ھالقىلىق پەيتكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، بالىلار بىلەن كۆپرەك مەشغۇل بولۇپ ئۇلار بىلەن پىكىرلىشىشى لازىم. ئەگەر بۇ مەزگىلدە خاتالىق كۆرۈلسە، كېيىن بۇنى تۈزىتىش مۇمكىن بولماي قېلىشى، ھەتتا بالىلارنىڭ نورمال پسىخىكىلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەمەس، قوغداشقىمۇ ئامالسىز قېلىشىمىز مۇمكىن.

1920 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ بىر تاغلىق كەنتىدىكى بۆرە ئۇۋىسىدىن تېپىلغان ئىككى قىزنىڭ چوڭى سەككىز ياشلىق كامارا يېتىم بالىلار مەكتىپىدىكى تەربىيىچىلەرنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن كۆيۈنۈپ تەربىيىلىشى ئارقىسىدا ئۈچ يىلدا ئاران ئىككى پۇتلاپ مېڭىشنى ئۆگىنەلىگەن؛ 17 ياشقا كىرگەندە 45 تاق سۆزنى بىلىدىغان بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرىكەت ۋە تىل تەرەققىيات مەزگىلىنى تۆت پۇتلاپ مېڭىش ۋە «ھۇۋ» لاش ئاۋازلىرى ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋەتكەن. دېڭىز سەپىرىدىكى ئاپەت تۈپەيلىدىن ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ، ئادەمسىز ئارالغا چىقىپ قالغان ئەنگلىيىلىك بوۋاق سگېرىت شىمپەنزىلەرنىڭ ئارىسىدا قالىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا بىر نەچچە ئايلىق بولغان بولۇپ، 20 يىلدىن كېيىن قۇتقۇزۇۋېلىنىدۇ. ئالىملار ئۇنى ئىنسانلار جەمئىيىتىگە قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئون نەچچە يىل سەرپ قىلىپ ئۇنىڭغا ئاران كىيىم كىيىش ۋە ئىككى پۇتلاپ مېڭىشنى ئۆگىتەلەيدۇ، بىراق بىر جۈملە سۆزنىمۇ ئۆگىتەلمەيدۇ.

قازاقىستانلىق مەشھۇر قازاق شائىرى ئۆرنىڭ «? = 3 ـ 12» ناملىق داستانىدا: بىر يىل ئون ئىككى ئاي، يىلنىڭ باھارى ئۈچ ئاي بولىدۇ؛ تەبىئەتنىڭ ساخاۋىتى، گۈلزارى بولغان باھاردا ئالما ـ ئۆرۈكلەر چېچەكلىمىسە، گۈللەر ئېچىلمىسا، قالغان توققۇز ئايدا قانداق مېۋە ئالىمىز ؟! بىر يىلدىن ھېچقاچان باھار پەسلىنى ئېلىۋېتىشكە بولمايدۇ؛ ئون ئىككىدىن ئۈچنى ئېلىۋەتسەك ھېچنېمە قالمايدۇ، دەپ ئۇقتۇرىدۇ.

ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئادەم ئىقتىدارى ۋە خاراكتېرىنىڭ زور قىسمى ئۈچ ياشقىچە بولغان مەزگىلدە شەكىللىنىپ بولىدۇ. نېرۋا ھۈجەيرىلىرى ئارىسىدىكى ئۆزئارا باغلىنىشمۇ مۇشۇ مەزگىلدە قۇرۇلما ھاسىل قىلىدۇ. ئۈچ ياشقا كىرگەندە مېڭە ئېغىرلىقى چوڭ ئادەم مېڭىسىنىڭ %80 تى باراۋىرىدە بولىدۇ.

بالا مەكتەپ يېشىغا يەتكەندىن كېيىن ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا تەبىئىي رەۋىشتە مەكتەپ قوينىغا كىرىپ كېتىشى، مەكتەپ ئانا تىل ئارقىلىق بالىنى ئۆزىگە رام قىلىپ، بالىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسى، ئەقلىي پائالىيىتىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە تۇيدۇرماي قولغا ئېلىشى لازىم. مانا بۇ، بالا ھاياتىدىكى ھالقىلىق سەكرەشنىڭ ئۇتۇقلۇق تاماملانغانلىقى بولۇپ، بۇنداق بالىنى مەكتەپ بىلەن ئائىلىنى پەرقسىز ھېس قىلىدىغان، ئوقۇشتىن بىزار بولمايدىغان، ئائىلىنى ئىللىق ماكان، مەكتەپنى يات دۇنيا دەپ بىلمەيدىغان، ئۆيگە كېتىشكە ئالدىراپ تۇرمايدىغان تەلەيلىك بالا دېيىشكە بولىدۇ. بالا ئائىلىدىن مەكتەپكە توسالغۇسىز سىلىق، يەڭگىل كىرگەن بولسا بۇنداق بالىلار ھېسسىيات جەھەتتە تەبىئىي نورماللىققا ئىگە بولىدۇ ـ دە، بۇ خىل ئازادە روھىي ھالەتتە، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ئىشلىرى ئۇتۇقلۇق يۈرۈشۈپ كېتىدۇ.

مېڭەشۇناسلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى ھېسسىيات بىلەن بىلىش ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئىنتايىن يېقىن بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. جىددىيلىك، قورقۇش، غەزەپ، قورۇنۇش، ياتسىراش، بىئاراملىق، ھەتتا زىيادە خۇشاللىق قاتارلىق روھىي ھالەتلەرنىڭ ئادەمنىڭ خاتىرە ئىقتىدارىغا، تەپەككۇر ئىقتىدارىغا كۈچلۈك بۇزغۇنچىلىق تەسىرىنى كۆرسىتىدىغانلىقى بىزگە مەلۇم. سىرتتىن كەلگەن ئۇچۇر ئاۋۋال بىزنىڭ ھېسسىيات ئەلگىكىمىزدىن ئۆتۈپ ئاندىن خاتىرىمىزگە كىرىدۇ. ھېسسىياتقا سەل قاراش ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. ھېسسىيات توغرىلانماي ئەقلىي ئىقتىدار تەرەققىياتى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشلۇق كىرگەن بالا كېيىنكى ھاياتىدا نىسبەتەن توغرا پېداگوگىكىلىق تەربىيىگە ئىگە بولالىسا، ئۇنىڭ ئىستىقبالى ئۈمىدلىك بولىدۇ، دېگەن سۆز.

بىز بالىنىڭ ئانا تىلدا پىششىق بولۇشىنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىللە يەنە ئۇلارنىڭ قوش تىللىق ياكى كۆپ تىللىق بولۇشىنى ئاكتىپ قوللىغۇچىلاردىنمىز. خەلقىمىز قەدىمدىن بۇيان (مەدەنىيەتلەر دوقمۇشىغا جايلاشقانلىقى تۈپەيلىدىن) كۆپ تىللىق مىللەت ئىدى. قەدىمكى ئۇستازلىرىمىزدىن كوماراجىۋا (4 ـ ، 5 ـ ئەسىرلەر)، سىڭقوسەلى تۇتۇڭ (10 ـ ئەسىر)، ئاپرىنچۇر تېكىن قاتارلىقلار ئانا تىلىدىن باشقا قەدىمكى خەنزۇ تىلى، توخار تىلى، ئەنەتكەك (سانسكرىت ـ قەدىمكى ھىندى) تىللىرىنى پۇختا بىلگەن. يۈەن سۇلالىسى قۇبلاي خان دەۋرىدە (1260 ـ 1294) ئۆتكەن ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن ئەنزاڭ، داجەنتۇ قاتارلىق مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابلىرى ۋە خەنلىن بىلىم يۇرتىنىڭ 47 نەپەر ئۇيغۇر ئەزاسى (بۇلاردىن 26 سى شۇ چاغدىكى ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋان 进士 «تەشرىپدار» ئۇنۋانىنى ئالغان) ئانا تىلىدىن باشقا موڭغۇلچە، خەنزۇچە، تىبەتچە تىللارنى پىششىق بىلگەن. ئۇلار تىبەت تىلىدىكى بۇددا تېكىستلىرىنى خەنزۇچىگە ۋە ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن موڭغۇل تىلىغا تەرجىمە قىلغان. كلاسسىك كۆڭزى ئەدەبىياتىنى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن موڭغۇلچە، تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان. شۇ دەۋردىكى كاتتا ئۇيغۇر ئالىم،

دىپلومات قاروناداس سانسكرىت، تىبەت، موڭغۇل، خەنزۇ تىللىرىنى بىلگەندىن باشقا يەنە ھىندىچىنى ۋە سۇماترا ئارىلىدىكى بىر مۇنچە خەلقنىڭ تىللىرىنى بىلىدىكەن ④. فارابىي (9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەر)، يۈسۈپ خاس ھاجىپ (11 ـ ئەسىر)، مەھمۇد كاشغەرىي (11 ـ ئەسىر)، ئەھمەد يۈكنەكىي (12 ـ، 13 ـ ئەسىرلەر)، ئەلىشىر نەۋائىي (1501 ـ 1441)، مىرزا ھەيدەر كۆرەگان (1551 ـ 1499)، خىرقىتىي (1724 ـ 1634)، زەلىلىي (1672 ـ ؟)، نەۋبەتىي (1697 ـ ؟)، مۇھەممەد سىددىق بەرشىدىي (18 ـ ئەسىر)، ئابدۇرەھىم نىزارىي (1848 ـ 1770)، ھۈسەيىنخان قۇتبىددىنشاھ تەجەللىي (1930 ـ 1850) قاتارلىق ئالىم ـ مۇتەپەككۇرلىرىمىز كۆپ تىللىق ئۇستازلاردىن بولۇپ، ئۇلار ئانا تىلى ۋە باشقا تىللاردا ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى راۋان يازالايتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئانا تىلدىن باشقا پارس، ئەرەب، ئوردو، ھىندى، يۇنان تىللىرىدىن كەم دېگەندە ئىككى خىل تىلنى پىششىق بىلگەن. بۇلاردىن تەجەللىي ئەرەب، پارس، ئوردو، ھىندى تىللىرىدىن ئىبارەت تۆت خىل تىلنى پىششىق بىلگەن ۋە شۇ تىللاردا ئەسەرلەر يازغان؛ مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەب، پارس تىللىرى قاتارلىق يەتتە ـ سەككىز تىلنى پۇختا ئىگىلىگەن؛ بەزى مەنبەلەردە فارابىي 70 تىن ئارتۇق تىلنى بىلگەن دېيىلىدۇ. ئۆز ئانا تىلى ۋە باشقا مىللەت تىلىدا يازغان پاساھەتلىك ئەسەرلىرى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان بۇ دانالىرىمىز ئالدى بىلەن ئانا تىلىنىڭ يېتۈك ئۇستازلىرىدىن ئىدى.

ھازىرقى ئەھۋالنى ئېلىپ ئېيتساق بىزنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئىشلەۋاتقان، بىز ئەھۋالنى ئىگىلىيەلىگەن 60 نەپەر ئۇيغۇر دوكتورنىڭ تىل مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرۈشتىن ئېرىشكەن مەلۇماتتىن قارىغاندا، بۇ دوكتورلاردىن ھەربىرى ئانا تىلىدىن باشقا خەنزۇچە، ياپونچە، ئىنگلىزچە، رۇسچە، گېرمانچە، فرانسۇزچە، پارسچە تىللاردىن ئىككى خىل ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەكىنى بىلىدىكەن. بۇلاردىن ئانا تىلىدىن باشقا ئىككى خىل تىلنى بىلىدىغانلار 48 نەپەر (%80)، ئۈچ خىل تىلنى بىلىدىغانلار 11 نەپەر (%18.3)، تۆت خىل تىلنى بىلىدىغانلار بىر نەپەر (%1.7) بولۇپ، ئۇلار ئالىي مەكتەپلەردە ئىككى خىل، بەزىلىرى ئۈچ خىل تىلدا بىمالال دەرس ئۆتەلەيدىكەن ياكى ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازالايدىكەن. ستاتىستىكىدىن قارىغاندا 60 نەپەر ئۇيغۇر دوكتوردىن ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى 21 نەپەر (%35)، تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى 39 نەپەر (%65) دوكتورنىڭ ھەممىسى ئانا تىلغا پىششىق ئالىملاردىن بولۇپ، گەرچە ئۇلارنىڭ %80 تى ئالىي مەكتەپنى تۈگەتكۈچە ئانا تىلدا ئوقۇغانلاردىن بولسىمۇ، خەنزۇ تىلى ۋە باشقا تىللارنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كۆپ تىللىق بولۇش شەرىپىنى قولغا كەلتۈرگەن.

خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز؛ كۆپ تىللىق بولۇش بىزنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇيىمىز. باشقا بىر تىلنى ئۆگىنىش، شۇ مىللەت تىلىدىكى ئۇچۇر ـ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت مەسىلىلا بوپقالماستىن، دۇنيانى كۆزىتىشنىڭ ـ تەپەككۇرنىڭ يېڭى بىر خىل ئۇسۇلىنى ئۆگەنگەنلىك بولىدۇ. «كۆپ تىللىق بولۇش شەرەپلىك، ئەمما، ئانا تىلنى بىلمەسلىك جىنايەت» دەيدۇ دۇنياۋى شۆھرەتلىك قىرغىز يازغۇچىسى، قوش تىلدا ئىجاد قىلىشنىڭ ئۈلگىسى چىڭغىز ئايتماتوف.

ھەرقانداق ئەل ھەرقانداق دەۋردە ئانا تىل مائارىپىغا ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بەرگەن. ئادەمنىڭ دەسلەپكى ئەقلى ۋە پسىخىك تەرەققىياتىدا ئانا تىلنىڭ رولى ئالاھىدە بولۇپ، پېداگوگلارنىڭ ھەممىسى مۇستەسناسىز ھالدا كېيىنكى بارلىق بىلىشلەرنىڭ ھەممىسى ئانا تىلنى ئاساس قىلىپ راۋاجلىنىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بىز ئانا تىلغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگىنىمىزدە، باشقا تىللارنى ئۆگىنىشنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلىمىز. ب د ت ئىلىم ـ پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت مەھكىمىسى 21 ـ ئەسىردىكى ئىختىساس ئىگىلىرىگە قويۇلىدىغان ساپا تەلەپلىرىدە چەت ئەل تىللىرى قابىلىيىتىنى ئۈستۈرۈشنى ئانا تىل قابىلىيىتىنىڭ كەينىدىنلا ئىككىنچى ئورۇنغا قويغان. بۇ مەھكىمىنىڭ 1965 ـ يىلدىكى 59 ـ نومۇرلۇق تەكلىپىدىلا «دەسلەپكى مائارىپ باسقۇچىدا بىرەر ھازىرقى زامان چەت ئەل تىلىنى ئوقۇتۇش سىنىقىغا مەدەت بېرىش»، «ئاشۇ چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىش تۈپەيلىدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئانا تىل ئۆگىنىشىگە مۇتلەق دەخلى يەتكۈزمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ساقلىنىش ۋاستىلىرى جەھەتتە ئەتراپلىق ھازىرلىق بولۇش كېرەك» دېيىلگەن ⑤. ھازىرقى زامان پېداگوگىكىسى ئادەمدە يېتىشتۈرۈش نىشان قىلىنغان ئالتە تۈرلۈك ئىقتىدارنى رەتكە تۇرغۇزغاندا بىرىنچىسى، ئانا تىل ئارقىلىق ئىپادىلەش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش؛ ئىككىنچىسى، ئوي ـ پىكرىنى تەسۋىرىي ۋاستىلەر (يېزىق، ئەدەبىيات، رەسىم دېگەندەك) ئارقىلىق خاتىرىلەش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش؛ ئۈچىنچىسى، چەت ئەل تىلى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش دەپ كۆرسىتىدۇ.

تىلدىكى كەمتۈكلۈك دىلدىكى كەمتۈكلۈكنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. چۈنكى مىللىي روھ ئالدى بىلەن ئانا تىلدا ئالاھىدە نامايان بولىدۇ. «ئىنسان خاراكتېرى ئانا تىل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تاكامۇللۇقىنى ياراتىدۇ» دەيدۇ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى گوجىفا ئەپەندى ⑥. ئانىمىزنىڭ پەرزەنتى بولماقنى ئىزدىسەك، ئانا تىلىمىزنى قەدىرلىشىمىز، ئانا تىلىمىزدا بېجىرىم بولماقىمىز لازىمدۇر.

2006 ـ يىل 20 ـ ئاۋغۇست، شەھىرى ئۈرۈمچى

ئىزاھاتلار:

① ئەسەد سۇلايمان: «مەركىزىي ئاسىيانىڭ روھىيەت دىئالېكتىكىسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1999 ـ يىل 2 ـ، 3 (قوشما) سان؛ «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى 215 ـ بەت.

② «خاسلاشقان مائارىپ ھەققىدە چۈشەنچە»، «مائارىپ ئىلمى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 2004 ـ يىل 2 ـ سان.

③ جۈن ـ قۇرۇقمۇ ئەمەس، ھۆلمۇ ئەمەس ياغاچ، كەسسە ھەرە ماڭمايدىغان، پالتا ئۇرسا يېرىلمايدىغان كۆتەك.

④ «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل مارت ئۇيغۇرچە نەشرى 411 ـ، 413 ـ بەتلەر.

⑤ جۇڭ چىچۈەن: «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 2003 ـ يىل 7 ـ، 8 (قوشما) سان.

⑥ ئابدۇقادىر جالالىددىن: «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل دېكابىر نەشرى 283 ـ بەت.

---

ئاپتور: يازغۇچى، پېداگوگ، مائارىپ تەتقىقاتچىسى، شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ پېنسىيىدىكى ئالىي دەرىجىلىك فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى (M1)




تەڭرىنىڭ قوبۇلىدىن قايتىپ چىقىۋاتقان پەيلاسوپ بىلەن پەرىشتە دوقۇرۇشۇپ قېلىپ پەرىشتە سورىدى:

ـ شۇنچە ئالدىراش نەگە ماڭدىڭ؟

پەيلاسوپ جاۋاب بەردى:

ـ تەڭرىنىڭ دېيىشىچە، مەن ئازغۇن ئىنسانلار ئارىسىغا تەڭرىنىڭ ئۈمىد ۋە ھىدايىتىنىڭ سۈپىتىدە بېرىپ، غاپىل قەۋمگە مۇھەببەت ـ پاراسەتنىڭ نۇرلىرىنى چاقنىتىپ، ئۇلار ئۆزلىرى تالىلىۋالغان قاباھەتلىك تەقدىر ـ قىسمەتلەر ھەققىدە ئەڭ ئۇزۇل ـ كېسىل ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشتەك مۇقەددەس بۇرچۇمنى ئادا قىلىدىكەنمەن.

پەرىشتە:

ـ ئەلۋەتتە دىن ھەققىدىكى تىرەن ۋەزىڭمۇ بار. بىراق سەن دىن تارقاتقۇچى ئەمەس، پەقەت سەن خارلىنىۋاتقان ئەقىدىنىڭ شۆھرىتى ئۈچۈن سۆزلەيسەن.

پەيلاسوپ:

ـ ھەئە، راست.

پەرىشتە:

ـ بىچارە بايقۇش! سەن ئىنسانلار ئىچىدە يەكلىنىسەن، تەنھالىق ساڭا ئۆز ئەجىلىڭدىن بۇرۇنراق ئۆلۈمنى چىللاپ كېلىشى مۇمكىن.

پەيلاسوپ:

ـ بۇ نېمە ئىش؟ مەن ئۇلارنى چىن دىلىمدىن سۆيىمەن، قەلبىمدە ھەر قاچان ئۇلار بىلەن سۆھبەت قۇرۇش ئىستىكى بار.

پەرىشتە:

ـ راست، سەن ئۇلارنى سۆيىسەن. بىراق سەن بىلمەيسەن، ئەگەر قەلبىڭدىكى مۇھەببەت ئۇلارنىڭ كۈتكەن تەلەپ ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتكەندە ئىنسانلار ھامان سەندىن بىزار بولۇشقا باشلايدۇ. ھەسەل ھەرىسى گۈل شىرنىسىنى زىيادە سۈمۈرۈۋېلىپ كۆڭلى ئاينىغاندا گۈل ئۆز شىرنىسىنىڭ موللۇقى بىلەن ھەسەل ھەرىسىنى يېنىدا ھەرگىز تۇتۇپ قالالمايدۇ. ئىنسانلار ئۆزىگە بېغىشلانغان زىيادە مۇھەببەتكە ھامان قەي قىلىدۇ. يەنە بىرى، ئۆزۈڭنىڭ قەلبىڭدىكى مۇھەببەت شەكلىنى ئىنسانلار ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلالمايدۇ. بۇ نۇقتىدا مۇھەببەتنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن قاباھەتلىك شۇبھە. ئۇلار ئۆزى كۆنۈككەن ئۇسۇلدا نەپرەت ـ ئاداۋەتنى بەجانىدىل قوبۇل قىلىشقا رازىكى، مۇھەببىتىڭنىڭ ئۆزگىچە پارلاق نۇرىدىن ئېسەنكىرەيدۇ. مانا بۇ دەل ئادەتنىڭ كۈچىدۇر. خەلق ئادەت كۈچىنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغىنىدا قەھرىمانلىق پاجىئەسى تۇغۇلىدۇ. خەلق ئۆزىدىكى ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرىدە كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ پاجىئەدە خەلق بىر قېتىم يىگىلگۈچىدۇر. بۇ يەردىكى «ئادەت» ئەنئەنىگە قارىتا خۇشامەت بىلەن تولغان بۆھتانلىق ھەرىكەت. ئۇ ئەنئەنىنىڭ ئەڭ ئاجىز ـ چۈشكۈن تەرەپلىرىگە تىزلانغان ھالەت. ئىنسانلارنىڭ ئاشۇ خىل ئادەتلىرىگە جۆر بولۇش سېنىڭ بۇرچۇڭ ئەمەس، ئەكسىچە ئۇ ئارقىلىق سەن ئۆز بۇرچىڭدىن تانغۇچى بوپقالىسەن. پەيلاسوپ ئەنئەنىنىڭ قاغجىراق ـ قاقشال سۆڭىكىگە يېڭىدىن قان بېرىش ئارقىلىق ئەنئەنىنىڭ سەلتەنىتىنى قايتىدىن تۇغۇلدۇرىدۇ ياكى يېڭى بىر قىممەت ئۆلچىمىدىكى ئەنئەنىدىن بېشارەت بېرىدۇ. شۇڭلاشقا پەيلاسوپقا ئۆز دەۋرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ۋەزىپە ئەزەلدىن يۈكلەنمەيدۇ. پەيلاسوپتىن ئۆز دەۋرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىش دەل شۇ دەۋرنىڭ بىمەنىلىكىدىن ئىبارەت. سەن قەلبىڭدىكى مۇھەببەت ۋە ئەقىل ـ پاراسەت، بۇرچ تۇيغۇسىدا ئىنسانلارنىڭ ئازغۇن ھەرىكەتلىرىگە ئەڭ كەسكىن ئاگاھلاندۇرۇشلارنى بېرىسەن. ھالبۇكى، سەن قارشى تۇرغان ئىشلار ئىنسانلار ئارىسىدا ئەڭ قارشى ئېلىنىپ، ئۆزلۈكسىز يېڭى پەللەرنى يارىتىۋاتقان ئىشلار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئىنسانلار سېنى ساراڭلار قاتارىغا چىقىرىۋېتىدۇ. سېنى يىراقتىن كۆرگەن ھامان قەستەن باشقا كوچىغا بۇرۇلۇپ كېتىدۇ. كەچلىرى دېرىزەڭ يېنىدىن ئۆتكەندە قەستەنگە قاھ ـ قاھلاپ كۈلۈشىدۇ. شاۋقۇنلۇق ناخشىسىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ، ھەسرەتلىك ئۆيلىرىڭنى

روھ چوققىلىرى

مازاق قىلىشىدۇ.

پەيلاسوپ:

ـ ئەگەر ئۇلارنىڭ كۆلكىسىنىڭ چىنلىقىنى سەزسەم مەنمۇ كۈلۈپ تاشلىشىم مۇمكىن:

پەرىشتە:

ـ ئەلۋەتتە شۇنداق. بۇنداق ئىشلاردا قەلبىڭدە مۇھەببەت بولۇش ـ بولماسلىقنىڭ كارايىتى چاغلىق، قەلبىڭدە ئىنسانلارغا نىسبەتەن گىنە ـ ئاداۋەت بولمىسىلا ئۇلارنىڭ كۈلكىسىگە جور بولالايسەن. بىراق ئۇلارنىڭ كۈلكىسىگە سوڭدۇشۇپلا يۇرسەڭ سەن بىر ناباب ھەزىلكەشكە ئايلىنىپ قالغان بولىسەن.

پەيلاسوپ:

ـ ئىنسانلارغا مۇھەببەت ۋە پاراسەت بىلەن يۈزلىنىش خاتا دېمەكچىمۇ سەن؟

پەرىشتە:

ـ ياق، ئىنسانلارغا مۇھەببەت بىلەن يۈزلىنىش ھەقىقەتــەنــمـۇ قۇتلۇق ئىش. ئادەملەرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى سۆيۈشتىكى ھىدايەت يولىمۇ پۈتكۈل ئىنسانلارغا مۇھەببەت بىلەن يۈزلىنىشتىن ئىبارەت. بــىـراق سۆيۈلۈشكە ئەندىشە قېتىلىپ كەلگىنىگە ئوخشاش، سۆيۈشكىمۇ ھەسرەت قوشۇلۇپ كەلگەن بولىدۇ. سۆيگۈ قانچە چىڭ بولسا قەلبىنىڭ مۇھەببەت ئازابىغا بولغان سەزگۈرلۈكىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. دېمەكچى بولغىنىم، مۇھەببەت بولسا ئازابقا قارشى كۆتــۈرۈۋالــغـان قالقان ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت سەۋەبىدىن قەلبىڭلار ئازابقا تولىدۇ. بۇ ئازاب سىلەرنى ھەر قاچان چېلىشىش مەيدانلىرىغا چىللايدۇ. بۇ چېلىشىشتا يېڭىش ـ يېڭىلىش مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى، شۇ ئىشتىكى جۈرئەت ـ دادىللىقىڭلار ھۆرمەتكە لايىقتۇر. بىراق بۇ گېپىمنىڭ يېڭىلىشىڭلارغا بولغان رىغبەت بوپقېلىشىنى ھەرگىز خالىمايمەن. سەن مۇقەددەس بۇرچ سەۋەبىدىن ئىنسانلار ئارىسىغا ماڭغىلىۋاتــســەن. مۇقەددەسلىكتە قەلبتىكى مۇھەببەت سەۋەبىدىن ئازابنى بەجانــدىل تاللىۋېلىش بار. مۇقەددەسلىكتە ئاددىيلىقنىڭ شۆھرەتنى ھەشەمەتلىكنىڭ داۋرىڭىدىن غالىب كېلىدۇ. ئۇنىڭدا مەنىۋىيەتنىڭ بەجــانــدىل تەستىقى ۋە بەيئىتى بار. تىلىكىم شۇكى، سەن ئىنسانلار ئارىسىدا ئاشۇ خىل قارا قىسمەتلەردىن ئېسەنگىرەپ يۈرمىگەيسەن.

پەيلاسوپ:

ـ سەل قورقۇپ قېلىۋاتىمەن، بىراق بۇ قورقۇش ئۆز بۇرچىمغا بولغان ئىشتىياق ئالدىدا ھېچ گەپ ئەمەس.

پەرىشتە:

ـ تەڭرى ئەجرىڭ ئۈچۈن ساڭا نېمىلەرنى بېرىشنى ۋەدە قىلدى؟ تەڭرىنىڭ ساڭا قىلغان ساخاۋەتلىرىچۇ؟

پەيلاسوپ:

ـ بىر ياخشى ئىنتائەتمەن ئۆز بۇرچىنى تاماملاشتىن بۇرۇن ئەزەلدىن ئۆز خوجايىنىدىن ھەق تەلەپ قىلغان ئەمەس. ئەجەبا، تەڭرىنىڭ ساخاۋەتلىرى ئۇنىڭ ئىنئام ـ مۇكاپاتلىرىدىن شەرەپلىكمۇ؟

پەرىشتە:

ـ ۋۇجۇدۇڭ بۇرچ ئىشتىياقى ۋە مۇھەببەت بىلەن تولۇپتۇ. بۇنىڭدا يەنە پاراسەتنىڭ نۇرلىرىمۇ كەم ئەمەس. بىراق بۇ پاراستىڭگە ئاز ـ تولا مەمەدانلىق ئارىلىشىپ كەتكەن. يولىڭدىن قالما پەيلاسوپ، ئاق يول بولسۇن.

پەيلاسوپ يۈرۈپ كەتتى.

پەرىشتە ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى: بۇ بەندە ئىنسانلارغا بولغان مۇھەببەت ۋە پاراستى بىلەن ئۇلار ئارىسىغا مۇقەددەس بۇرچ يۈزىسىدىن ماڭدى. ھالبۇكى، پەيلاسوپلارنى ئىنسانلار ئۆز دەۋرىدە چۈشەنگەن ئەمەس. ئۇنى چۈشىنىش ھامان كېيىنكى دەۋرنــىڭ ئــىشى بوپكەلمەكتە. شۇندىمۇ پەيلاسوپلار ئۆزلىرىنى ئامەتلىك ھېسابلايدۇ. پەيلاسوپلار ئىنسانلارغا بولغان مۇھەببىتى سەۋەبىدىن ئۆزىگە دەرد تېپىۋالىدۇ. ئۇلار ئۆزى سۆيگەن كىشىسى ئالدىدا ئەڭ ئېشەنچىسىز كىشى قاتارىدا سانىلىدۇ. پەيلاسوپ يەنە شۇنداق كىشىلەركى، ئەگەر بىر دەۋردە بىر قوۋم ئىچىدە بىرەر پەيلاسوپ مەيدانغا كەلمىگىنىدە، مەزكۇر قوۋم ئەسلي ئۆزىگە مەنسۇپ بولۇشقا تېگىشلىك شۇ دەۋرنى تەپەككۇرنىڭ مۇگدەك ھالىتىدە ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ.

---

ئاپتور: تاشقۇرغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە تاجىكئاباد بازار خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خادىمى(M1 )

# ژۇرنىلىمىزنىڭ 2007 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشقا ئالدىراڭ

مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلەر:

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2007 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش بۇ يىل 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى باشلىنىپ، 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاياغلىشىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ باھاسى ئۆزگەرمەيدۇ ـ بۇرۇنقىدەكلا يەككە باھاسى 5 يۈەن، يېرىم يىللىقى 15 يۈەن، پۈتۈن يىللىقى 30 يۈەن. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بۇ ئىككى ئايلىق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزنىڭ 2007 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولۇشتا پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 22 ـ 58 نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قانداق جايىدىكى پوچتىخانىلاردا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتمەكچىمىزكى، ژۇرنىلىمىز بىۋاستە تەھرىر بۆلۈمى ئارقىلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشنى سورايمىز.

ـ كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# تەپەككۇر مېۋىلىرى

### تەنھا پىكىرلەر

▲ تۇنۇگۇن ـ ئادىل سوتچى، بۈگۈن ـ ھۆكۈم چىقىرىلمىغان جاۋابكار، ئەتە ـ تەكلىپ قىلىنماقچى بولغان ئادۋوكات.

▲ دوستلىرىدىن پەخىرلەنگەن كىشى بىر بولسا ئۆزىگە قاتتىق ئىشەنگەن، يەنە بىر بولسا ئۆز تەقدىر ئارغامچىسىنى دوستلىرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغان كىشىدۇر.

▲ موھتاجلىق ئىنسانىنى يا ئۆلتۈرىدۇ ياكى ھىجايتىدۇ.

▲ سوغۇققانلىق توغما ئىقتىدار ئەمەس، بەلكى زامان ھادىسىلىرىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك روھنى تاۋلىشىدىن ئىبارەت.

▲ ئۆزۈڭنى بىلسەڭ ھەممىنى بىلىسەن، ئۆزۈڭنى بىلەلمىسەڭ بىر ئۆمۈر دۆتسەن.

▲ سۆھبەت چېكىدىن ئاشسا غەيۋەتكە، غەيۋەت ھەددىدىن ئاشسا جېدەلگە قۇچاق ئاچىدۇ.

▲ تىل ئۆگىنىش ـ باشقىلارنى چۈشىنىش ئاساسىدا ئۆزىنىڭ قەدرىگە يېتىش جەريانىدۇر.

## تەپەككۇر كۆزى

▲ «سۆيىمەن» دەپ ھەسرەتكە قالدىڭ، ۋاقتى بار دېدىڭ، «بەختىڭنى تاپتىڭ».

▲ ئۆزۈڭگە تاياندىڭ بىر ئۆمۈر ياشىدىڭ، باشقىلارغا تاياندىڭ ئاخىر تاشلاندىڭ.

▲ «مەن يازالامدىم» دېمەي، «كاللام ئويلىنامدۇ؟»دەپ يۈرىكىڭنى تۇتۇپ باق.

▲ كۆندۈك ـ قېرىدىڭ، كۆرەشتىڭ ـ ياشاردىڭ.

▲ قەلبىم سۆزلىگەننى قولىقىم ئاڭلىسا ئىدى، مەن بۇنچە زارلانمىغان بولاتتىم.

▲ توي ـ گۆدەكلىكىڭنى قوي.

▲ كۆڭلۈمنى تازىلاي دېگەنىدىم، بىراق قۇسقۇم كەلدى.

▲ غەزەپلەندىڭ، ئايرىلدىڭ؛ تەبەسسۇم قىلدىڭ، ئېرىشتىڭ.

▲ بىز باللارنى مەكتەپكە ئاپىرالماي ئاۋارە، باشقىلار بولسا بالىلىرى ئۈچۈن مۇئەللىم ئىزدەپ ئاۋارە.

▲ كۆڭۈل ھەر دائىم رەڭ تۈزەپ تۇرغاچقا، بىزگە ھەر قاچان سىرلىق بىلىنىدۇ.

▲ ئەل شائىرى زارلىنىپ ياشايدۇ، ئوردا شائىرى تەمە قىلىپ.

▲ ئانا تىلىڭنىڭ قەدرىگە ئۆزگە تىل بىلەن ئالاقە قىلىپ مەقسىتىڭنى ئۇقتۇرالمىغان چاغدا يېتىسەن.

▲ سۆز خاتالىقى ئۇقۇم خاتالىقىنى، ئۇقۇم خاتالىقى بولسا ئىدىيە

ساھەسىدىكى ئەتكى بوران ـ چاپقۇننى تۇغىدۇ.

▲ قىزلار يىگىتلەر ئالدىدا مۇنۇ ئىككى سەۋەبتىن يىغلايدۇ: بىرى، يىگىتلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن؛ يەنە بىرى، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى يىگىتلەرگە ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن.

▲ ھايۋان بالىسىنىڭ تۇغۇلۇپلا مېڭىشى تۇغمىلىقتىن بولسا، ئادەم بالىسىنىڭ ئالىم ياكى زالىم بولۇشى دەۋرنىڭ ئاتا قىلغانلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

▲ سەن ئۇقۇغان، ئۆگەنگەن قەلبىڭدە تىكلەنگەن دۇنيايىڭ بىلەن رېئاللىقتىكى دۇنيا توقۇنۇشقان چاغدا ئۆزۈڭگە «نېمە ئـۈچـۈن؟؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ، ئىزدەنسەڭلا مۇۋەپپەقىيەت ھامان ساڭا قۇچاق ئاچىدۇ.

▲ نېتزىي ئېيتىدۇ: «يوقالسۇن ئاجىزلار».

مەن دەيمەن: «يوقالسۇن نامراتلىق، قاششاقلىق، نادانلىق».

▲ خىيال قىلغىن يولىدا، پاراڭ قىلغىن جايىدا، تىرىشقىن گۈزەل ئارمانلار ئۈچۈن. شۇنداق ياشىساڭلا خار ۋە زەبۇنلۇقتىن بىر قەدەم نېرى تۇرىسەن.

▲ ئۆزگىرىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيلا مەن ئۆزگەردىم دېگۈچىلەر بەئەينى نېگاتىپى كۆيۈپ كەتكەن سۈرەتتۇر.

▲ ئائىلىسىدىن روھىي ئازادلىق تاپالمىغان كىشى ھەممىلا جايدا سىقىلىپ ياشايدۇ.

▲ مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىدىكى يازمىلارغا ئىخلاسىم چـوڭـقـۇر. چۈنكى ئۇنىڭدا سۆز ـ جۈملىلەر ئىنتايىن ئاددىي ھەم قىسقا، لېكىن مەنا دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ؛ بىزنىڭ ھازىرقى سۆزلىرىمىز ئىنتايىن ئۇزۇن ھەم دەبدەبىلىك، لېكىن مەنا قاتلىمى ئىنتايىن تار.

▲ ئەگەر يىغا بىلەن ھەممە ياخشىلىنىدىغان ئىش بولغان بولسا ئىدى، بۇ دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ئىنسانلار پەقەت قىز ـ ئاياللىرىمىز بولغان بولاتتى.

▲ تەپەككۇر قىلىش ـ مەڭگۈ يىلىنجاپ تۇرۇش دېمەكتۇر.

ـ لۇتپۇللا ئەركىن

---

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە ئۈچئون خويزۇ يېزا مىللىي 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئەگەر سەزگۈر دېيىشكە توغرا كەلسە، جىمجىتلىق ئىچىدىن ھەرىكەتنى، ھەرىكەت ئىچىدىن جىمجىتلىقنى بايقىيالىغانلارنى سەزگۈر، دېيىش مۇمكىن.

ـ ئابدۇلغەنى مەتقاسىمي بارخان

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە يېڭىباغ يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەنھا پىچىرلاش

▲ نېمىنىڭ نومۇس ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ئادەم، نېمىنىڭ غۇرۇر ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ.

▲ قارشىلىق بولغاندىلا ھۆرمەتمۇ ھەم تەپ تارتىشمۇ بولىدۇ.

▲ ئۆيلىشىپ بەرمىگەن ۋەدە، يۈزۈڭنى قىلىدۇ يەردە.

▲ ھېسسىيات كۆزەينەككە ئوخشايدۇ، ئەقىل لوپا ئەينەككە. ئالدىنقى ئەينەك بىلەن شەيئىلەرنى شەكلەن چۈشەنسەڭ، كېيىنكى ئەينەك بىلەن شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنەلەيسەن.

ـ ئەركىن ئابدۇكېرىم (تەنھا)

---

ئاپتور: شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلىرى ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر غورىلىرى

▲ جاھاندىكى ئەڭ تەس ئىش ئۆزىنى ئاقلاش، ئەڭ ئېغىر كۈن مەھكۇملۇق.

▲ ئەمەلىي ھەرىكەت نەتىجىسىدە خۇلاسىلەنگىنى تەپەككۇر، ھەرىكەتكە ئايلانمىغىنى يەنىلا تەسەۋۋۇر.

▲ ناداننىڭ ئالىيىشىدىن قورقماي، دانانىڭ قارىشىدىن قورق.

ـ گۈلزار ئابدۇۋەلى (ياۋاگۈل)

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە چاھارباغ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى

## كەۋسەر تامچىلىرى

▲ مۇناپىق بىلمىسىز ئەمەس، ۋىجدانسىز.

▲ پەرزەنت دېمەك پەرىزات دېمەكتۇر، ياخشى تەربىيىلىمىسەڭ پارازىت.

▲ سۇنىڭ كۆپۈكلىرى، مېۋىلەرنىڭ شۆپۈكلىرى، ئادەمـلـەرنـىڭ دۆتلىرى ئوخشاش.

▲ كۆز بىلەن كۆرگەنگە ئىشىنىش پەلسەپىسى قاراڭغۇدا ئاقمايدۇ.

▲ باشقا كەلگەننى كۆرۈش بىر بولسا قارامالارنىڭ، بىر بـولـسـا ساراڭلارنىڭ ئىشى.

▲ ئېتىقاد مەۋجۇدلۇقىمىزنى ساقلاپ قالىدۇ، بىلىم پۇرسەت ۋە مەيدان بىلەن تەمىنلەيدۇ.

▲ ھەقىقەت ھەققىدە سۆز بولغاندا ئېغىزىمىز،ھەقىقەت ئالـدىـدا قەدەملىرىمىز بېسىلماي قالىدۇ.

▲ ماڭارىپ مىللەتنى، مىللەت مەدەنىيەتنى دەۋر قىلىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېتىقادنى مەركەز قىلىدۇ.

▲ ئۈرۈمچى ـ كېسەللەر بىرىپ ساقىيىپ كېلىدىغان، بەزى ساقلار بېرىپ كېسەل بوپكېلىدىغان شەھەر.

▲ ئۈرۈمچى ـ ھەممە ئادەم قايناپ چىقىدىغان ئۇنئۇنۋېرسال قازان.

▲ بىز دېمىگەن ھېچقانداق گەپ قالمىغان بىلەن، تېخى بىز قىلمىغان ئىشلار تالاي.

▲ ئوردىنىڭ ئوغرىلىرى سىرتنىڭ ئوغرىلىرىدىن يامان.

▲ ئايالالار بەكرەك بۇزۇلدىمۇ ياكى ئەرلەر؟ياق، ھەقىقىي بۇزۇلغىنى ئېتىقاد!

▲ مەسئۇلىيەت سەھنىسىدە ئەرلەر (ئاتىلار)نىڭ خاتا باسقان بىر قەدىمى ئايالالار (ئانىلار) نىڭ خاتا باسقان ئون قەدىمىگە، بالىلارنىڭ خاتا باسقان يۈز قەدىمىگە تەڭ.

▲ مۇشت ئاتمىغان ئادەمنى كىم ئاجىز دەيدۇ؟ بەلكىم ئۇنىڭ قويندا خەنجەر بولۇشى مۇمكىن.

— ئابدۇلقەييۇم مۇھەممەت ھەۋزى

ئاپتور: شىنجاڭ «ئىپار» بىئو تېخنىلوگىيىسى تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى گۇما تارمىقىنىڭ خادىمى

* * *

▲ ئۆز تارىخىنى ئۇبدان ئوقۇمىغان ياكى ئوقۇپ بولۇپ ئويلانمىغان ئادەملەر قەھرىمانلىرىنىڭ دوپپىسىنى ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ.

— ئابلىكىم ئابلىز

ئاپتور: خوتەن شەھىرى لاسكۈي بازىرىدا، تىجارەتچى

▲ بىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئارقىلىق ئىلغار مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلالايمىز ھەم دۇنيا مەدەنىيىتىنى كۆرەلەيمىز.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىزگە تەلىم - تەربىيە بېرىۋاتقان كۆيۈمچان ئۇستاز ھەم بىزنى توغرا يولدا مېڭىشقا يېتەكلەۋاتقان دانىشمەن ئاتا.

— مۇھەممەتئېلجان مۇھەممەت

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىز چۆلدە يۈرۈپ ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقىغان ۋاقتىمىزدا كۆز ئالدىمىزغا سۈزۈك بۇلاق سۈيىنى كەلتۈرگەنگە ئوخشاش، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى ئويلىغاندا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

— ئادىلجان مىجىت

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئوغۇل قىزنىڭ كۆزىگە گۈزەللىك ئىزدەپ قارىسا، قىز ئوغۇلنىڭ كۆزىگە ۋاپادارلىق ئىزدەپ قارايدۇ.

— رەشىدە

ئاپتور: شىنجاڭ يەر - تېخنىكا مەكتىپى تەييارلىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

**بىخلانغان تەپەككۇرلىرىم**

▲ چالا ئوقۇلغان كىتاب، چالا يېگەن تاماققا ئوخشاش.

▲ داداڭنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىمىساڭ، بالاڭغىمۇ نەسىھىتىڭنى ئاڭلىتالمايسەن.

▲ بۇلغانغان مۇھىتتىن نەپرەتلەنگىنىمىز، بۇلغانغان تاماقنى يېگىنىمىز بىلەن ئوخشاش.

▲ ئوقۇتقۇچى دېگەن مىللەتنىڭ چىرىغى ھەم پىرىغى بولۇشى كېرەك.

▲ سەن باشقىلارنى ئالداپ ئالدامچى ھېسابلانغىنىڭ بىلەن، باشقىلار تەرىپىدىن ئالدانغان چاغدا ئەخمەق ھېسابلىنىسەن.

▲ روھىيىتىم ئېيتىدۇكى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى قولۇڭغا ئالساڭ، ئەڭ ئاۋۋال «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىنى ئاچ.

▲ دۇنيا ھەممە ئادەمنىڭ رىزقى نېسىۋىسى چېچىلغان كەڭرى داستىخان.

▲ گۈلنىڭ مېھرى پۇراقتا، ئادەمنىڭ مېھرى ئەخلاقتا.

▲ ھاياتلىق - ھەم سىناق، ھەم پۇرسەت، ھەم بارسا كەلمەس يول.

▲ غەيۋەت قۇلاقتىن كىرىپ ئېغىزدىن تارقىلىدۇ.

▲ ھۆپپىدە چىرايلىق ئېچىلغان گۈلگە ھەممە ئادەم قارىغان بىلەن، شۇ گۈل توزۇغان چاغدا ھېچكىم قاراپ قويمايدۇ.

▲ توي قىلغان قىزنىڭ يەنە قىزلىقى بار دېيىلسە، ئۇ يەنە شەرم - ھاياسى.

▲ ئۇرۇشقا بىلىكى چوڭلار ئەمەس، بىلىمى چوڭلار قوماندانلىق قىلىشى كېرەك.

▲ گۇناھ ئىشنىڭ ئاۋۋال لەززىتى، كېيىن ھەسسىلەپ ھەسرىتى بولىدۇ.

— ئىمام بارات

ئاپتور: غۇلجا شەھەر كېپەكيۈزى يېزا «ئىتتىپاق» كەنتىدە، دېھقان

**تەپەككۇر دوقمۇشلىرى**

▲ ھايات بىر پارچە ئەسەرگە، بوشۇق ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسىگە، قەبرە ئەسەرنىڭ خاتىمىسىگە ئوخشايدۇ.

▲ رەزىل ئادەملەرگە ئەڭ يېقىن نەرسە - غەنىيمەت بىلەن غەپلەت؛ ئېسىل ئادەملەرگە ئەڭ يېقىن نەرسە - ھەرىكەت بىلەن بەرىكەت.

▲ ئادەم مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان بىرلا ئورۇن بار، ئۇ بولسىمۇ خەلقنىڭ قەلبى.

▲ ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى مۇنداق ئىككى ئىشنى بىلگەنلىكىدە: باشقىلارنى ئۆلگە قىلىش ۋە باشقىلاردىن ئىبرەت ئېلىش.

▲ قىز - يىگىتلەر «ھازىر توي قىلمايمەن» دېگەن چاغدا كىمنى كۆرسە قاش ئاتتى؛ «ئەمدى توي قىلاي» دېگەن چاغدا كىمنى كۆرسە باش قاتتى.

▲ باشقىلارنى ھۆرمەتلەش - خىسلەت، باشقىلارغا خۇشامەت قىلىش - قىسمەتتۇر.

▲ ناۋادا، راستتىنلا ئۆلۈپ تىرىلگىلى بولسا ئىدى، ھايات ۋە ئۆلۈم ئادەتتىكى بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالغان بولاتتى.

▲ «ئادەم سەتتى ئەمەس كىيىم سەتى» دېگەندىن كۆرە، ئادەم سەتى ئەمەس قىلىق سەتى دېگەن تۈزۈك

— ئابدۇقەييۇم ئېيسا

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئارال يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

**بايقاپ بولماس تىنىقلار**

▲ ھەربىر ئىنساننىڭ كىشىلىك ھايات قارىشى ماھىيەتتە ئۆز تەقدىرىنى قويىدىغان قېلىپتۇر.

▲ بىخۇدلۇق ـ ئۆزۈڭگە قازغان گۆر.

▲ ئەينەك تېشىڭنى كۆرسىتەر، ئەمەلىيەت ئىچىڭنى.

▲ نادانلىق يولى ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى ئۆزىگىلا ئوخشىتىش. ئۇلۇغلۇق يولى تارىخقا قاراپ ئۆزىنى كەلگۈسىگە ئوخشىتىش.

▲ ئەينەككە قارىساڭ سېنى تونۇيدىغان بىرلا ئادەم، ئاۋامغا قارىساڭ سېنى تونۇيدىغىنى ساناقسىز.

▲ نەپرەت ـ كۆرۈنمەس ئوق.

▲ سەھرا قىزلىرى كۆز تەگمىسۇن دەپ تۇمار ئاسسا، شەھەر قىزلىرى كىشىلەر كۆرسۇن، دەپ كىندىك ئاچىدۇ.

▲ مەقسەت بىر بولسا چاكار، بىر بولسا ئۇستاز.

▲ دوستلۇق جەننەتكە تۇتاشقان ئەڭ قىسقا يولدۇر.

▲ گۈل شېخىدا گۈزەل، قىز ئەخلاقىدا.

ـ ئابدۇكېرىم ئەركەك

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەر 23 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 13 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ بەزىدە چاقچاق قىلىپ ئېيتىلغان سۆز، كۆڭۈلدىكى سۆز بولۇپ قالىدۇ.

ـ رىزۋانگۈل ئابلىز (نەفىسە)

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەر 23 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ «ئىرادىلىكلەر» تولۇق 2 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۆز يېنىدىكى ئادەملىرىنى قەدىرلىمىگەن كىشى خۇددى ۋاپاسىز ئوغۇل تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن دادىغا ئوخشاش قەدىرسىز ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

▲ چاچ ـ ساقاللىرىڭنىڭ ئاقارغىنىغا قاراپ قېرىپتىمەن، دەپ مەيۈسلەنمە، ھەقىقىي قېرىلىق چاچتا ئەمەس، باشتا.

ـ ئابلىكىم توختىباقى (سەلكىن)

---

ئاپتور: گوما ناھىيە خەلق قورۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خادىمى

### تەسرات ۋە تەشەككۈر

▲ ھازىرغىچە ياخشى يېزىلغان ماقالە ـ ئەسەرلەرنى باسىدىغان ژۇرناللارنى كۆپ كۆردۈم. ئەمما «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» گە ئوخشاش بىر جۈملە بولسىمۇ يېڭىچە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىغانلارغا ئىلھام بېرىپ، ئېلان قىلغان ژۇرناللارنى ئاز كۆردۈم.

ـ ئاينۇرقىز ئابدۇخالىق

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قانۇن ـ سىياسىي فاكۇلتېتى باللار مائارىپى كەسپى 2002 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

### تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ جىسمىنى سەمرىتىۋاتقان كىشى ئۆلۈمگە يېقىنلاشسا، ئەقلىنى سەمرىتكەن كىشى بەختكە يېقىنلىشىدۇ.

▲ سېنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىڭ ئۆزۈڭنىڭ كەم ئىكەنلىكىڭنى تونۇشتىن باشلىنىدۇ.

▲ ئىقتىدارلىقلار تاللىنىشقا، كېرەكسىزلەر شاللىنىشقا ئۇچرىشەلمىگەن ئەلدە ھەقىقەت سەپسەتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ باللارنىڭ ساددىلىقى گۈزەللىك سانالسا، چوڭلارنىڭ ساددىلىقى نادانلىق سانىلىدۇ.

ـ ئابدۇخەلىل يۈسۈپ سەييارە

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر كانتايايلاق يېزا تېجەن كەنتىدە، دېھقان

▲ ئاقىللارنىڭ جايىدا ئېيتىلغان بىر ئېغىز سۆزى، كەلگۈسىدە ماقال ـ تەمسىل بوپقالىدۇ.

▲ بىلىمسىز ئادەم كۆرگەنلا ئىشقا ھەيران قالىدۇ.

ـ ھاشىمجان ئىسلام

---

ئاپتور: قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا دوست بولغىنىڭ ـ ئاقىلغا دوست بولغىنىڭ.

ـ دىلبەر ياسىن

---

ئاپتور: ئىلى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ دىكتور ـ رىياسەتچىسى

▲ باتۇرلۇق شۇنداق نەرسە، سەن پەقەت ئۇنىڭغا موھتاج بولغاندىلا ئۇنى ھېس قىلالايدىغان.

ـ مۇھەممەتكېرىم ئابدۇخالىق

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 2 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تۇرمۇشنىڭ مەنىسى تاللىغان نىشانىڭ تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

ـ قەلەمشاھ

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 14 ـ دىۋىزىيە گوما دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشچىسى

### تاغدىن سىرىلىپ باغقا چۈشكەن خىياللار

▲ ئانا تەبىئەتنى ئىنسانلارنىڭ بويسۇندۇرالىشى ناتايىن. تەبىئەت ئىنسانلارغا ھۇجۇم قوزغىسا، ھەرقانداق يادرو قوراللىرى بىلەنمۇ توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ.

▲ بىز مۇسۇلمانلار ھالال دەپ قارىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېگەن بىلەن ھارام دەپ قارالغان ھايۋانلارنىڭ كۆچىنى يەيمىز. شۇڭا قانداق ھايۋان بولسۇن ئۇلار بىزنىڭ كۆيۈنۈشىمىزگە موھتاج.

▲ داۋاملىق چىشىنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ تۇرىدىغان قىزلارنىڭ ئاغزىغا چىۋىن چىچىپ قويىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدىغان بىردىنبىر نەرسە تويۇقسىز كەلگەن ئامەت ياكى ئاپەت بولۇشى مۇمكىن.

▲ مۇھەببەتنىڭ سىرى ئادەمنىڭ سىرى يېشىلگەندە يېشىلىشى

مۇمكىن.

▲ بالىنىڭ جاپاسىنى ئاتا ـ ئانىسىدىن باشقا ھېچكىم كۆتۈرەلمەيدۇ.

▲ ئۆز كۈچۈڭنى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ، دەپ ئېتىراپ قىلغاندا ھەر قانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايسەن.

▲ بەختنىڭ ئاچقۇچى ـ مېھرىبانلىق.

▲ ئۈمىد ۋە ئىشەنچىڭنى ئاشۇرىدىغان بىردىنبىر مەخپىيەت ـ ئېتىقاد.

▲ ئىت يوقسۇزلارنى چىشلەيدۇ. چۈنكى ئۇلاردا قويۇپ بەرگۈدەك يۇندى يوق.

▲ مېكىيان بېقىپ تۇخۇم يەپ مادار تولۇقلىغىچە، خوراز بېقىپ سەھەر تۇرۇپ تەبئىي مادار تولۇقلىغان ياخشى.

▲ دېھقاننىڭ جاپاسى بىر بۇردا نانغا مۇجەسسەملەشكەن.

▲ شامالغا قاراپ ئىش تۇتىدىغانلار بورانغا ئۇچرىسا چوقۇم ئۇچۇپ كېتىدۇ.

ـ ۋەرشىددىن تۇردىقۇلى

ئاپتور: تاجىك، ئاقتو ناھىيە تارتاجىك مىللىي يېزا ئالىملىق كەنتىدە، دېھقان

**روھ تۇغيانى**

▲ مۇھەررىر ـ ئىككىنچى يازغۇچى.

▲ ۋىجدان ـ مەنىۋى پۇتۇنلۇك.

▲ شائىر يورۇقلۇققا ئاپىرىدە قىلىپ ئۇلگۇرتۇپ بولالمىغان شېئىرلار شائىرنى ئاستا ـ ئاستا ئۇلۇم سىمفونىيىسىگە نەزمە يازغىلى ئەكېتىدۇ.

▲ ھەقىقىي شائىر ـ يازغۇچى ـ روھىي قازغۇچى.

▲ زەھەرخەندىلىك ـ ياۋۇزلۇقنىڭ تۇپكى ئاساسى.

▲ رىئاللىق ـ ھەممە بىلەتسىز كۆرىدىغان دوئېل.

ـ ئابلەت مۇھەممەت كۈيزار

ئاپتور: يەكەن ناھىيە كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ مۇشۇك ئىگىسىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ قورسىقى ئۈچۈن چاشقان تۇتىدۇ.

ـ ئەمەتجان ساۋۇت

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە غولتوغراق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ بىر كىشىنىڭ سىنى ياقتۇرۇپ قېلىشى، سەندە بار بولغان مەلۇم نەرسىنىڭ قىزىقتۇرۇشىدىن بولىدۇ.

ـ ئابدۇغېنى توختى

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتى 2001 ـ يىللىق 9 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ كۆزلەرنىڭ ساڭا ھۆرمەت ـ قايىللىق بىلەن تىكىلگىنىنى كۆرگىنىڭدە «ھە، مەن غەلىبە قىپتىمەن» دېگىن.

▲ تەۋسىيەم شۇكى، ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئالالايدىغان «ئەلاچى» ئوقۇغۇچى بولغاندىن، باشقىلار ئىشەنچ، قايىللىق، ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان قابىلىيەتلىك ئوقۇغۇچى بول.

ـ بۇۋىئائىشە ئابدۇرەشىد

ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2001 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھازىر مەكتەپلىرىمىز ئوقۇم يادلىتىشنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاس ۋەزىپىسى قىلغان بولسا، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئوقۇرمەنلەردە مۇستەقىل تەپەككۇر يېتىلدۈرۈشنى نىشان قىلىۋاتىدۇ. ئىشەنچىم كاملىكى، جەمئىيەت باشقىلارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئىش قىلغانلارنىڭ قولىدا ئەمەس، دەل مۇستەقىل كۆز قارىشى، ئىجادىيلىقى بار ئادەملەرنىڭ قولىدا ئاندىن تەرەققىي قىلالايدۇ....

ـ جۇمە گايىت

ئاپتور: بوگۇر ناھىيە تېرەكبازار يېزا ساي مەھەللىسىدە، دېھقان

▲ قىزلار ئەسلىدە بەدىئىي رەسىم، ئوغۇللار ئاشۇ رەسىمنىڭ رامكىسى، رامكا بولمىسا رەسىمنىڭ ئۇنچە جەلپكار بوپكېتىشى ناتايىن.

ـ مۇختار مۇھەممەت

ئاپتور: باي ناھىيە قىزىل يېزا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خادىمى

▲ قۇشلار، ھايۋانلار، گۈل ـ گىياھلار نىكاھسىز جۈپلىشىدۇ، ئەۋلادلىرى قاتارغا قوشۇلىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۆلگەندە ئۆلۈمى تولىمۇ قەدىرسىز بولىدۇ.

▲ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى چوڭقۇر چۈشەنگەنسېرى ئادەم تىنغان بۇلاقتەك جىمىپ كېتىدۇ.

ـ تۇرسۇنجان ھەسەن

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ سەن تۇرمۇشتىن قانچىلىك بەخت ھېس قىلساڭ، تۇرمۇشمۇ ساڭا شۇنچىلىك بەخت ئەكېلىدۇ.

▲ مەن ھەر قېتىم «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىنى ئوقۇغان ۋاقتىمدا، خۇددى يىتتۇرۇپ قويغان ئەڭگۈشتەرىمنى تېپىۋالغاندەك روھلىنىپ كېتىمەن.

ـ راھىلە ۋاھاپ

ئاپتور: كۈچۈك ناھىيە 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئادەم قانچە قورققانسېرى قورقۇنچلۇق نەرسىلەر شۇنچە تېز يېقىنلايدۇ.

▲ پۇلنى ئىتلارغا تاشلاپ بەرسە قاراپمۇ قويمايدۇ، لېكىن ئىنسانلارغا تاشلاپ بەرسە بىر - بىرىنى يەۋېتىشتىن يانمايدۇ.

▲ كۆپ ۋاقتىم بىكارغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى بۇرۇنلا قولۇمغا ئالسام بوپتىكەن. بۇ ژۇرنالنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى قەلب كىرلىرىمنى پاك - پاكىز تازىلىۋەتتى.

— مۇھەممەت توختى (دىلتېكىن)

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2004 - يىللىق 15 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئىككى خىل كىشى ئەڭ كۆپ سۆزلەيدىغان كىشىدۇر: بىرى، يالغانچى، بىرى، ئۆزىنى ئاقلىغۇچى.

▲ باشقىلارنىڭ سۆزىنى يىرالايدىغانلار ئىككى خىل كىشىلەردۇر: بىرى، نادانلار، بىرى، دانالار.

— ئابدۇۋەلى ئابلىمىت

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 - يىللىق 5 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھەممە ئادەم گۈزەل قىزلارنى «ۋېناس» قا ئوخشاتسا، مەن «كىروران گۈزىلى»گە ئوخشىتىمەن.

▲ ئائىلە ئىناقلىقى - ئەر - ئاياللارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنىڭ رېتسېپى.

— مۇھەممەتتۇرسۇن مۇھەممەت

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەت دورا شىركىتىنىڭ خادىمى

## قەلب داستانلىرىم

▲ سەن ئۆزۈڭنىڭ گۈزەللىكىنى ئەينەككە قارىغاندا ئەمەس، ئۆزۈڭنى چۈشەنگەندە بىلەلەيسەن.

▲ دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك مېھىر - مۇھەببەت ئەينىكىدۇر.

▲ ئادەم ئۆزى خۇشھال بولغاندا بەختلىك بولماستىن، بەلكى باشقىلارنى خۇشھال قىلغاندا بەختلىكتۇر.

— مۇيەسسەر ئابلەت

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تەرمىچىلىرى

▲ كوچىدا يانچۇقتىكى پۇلنى ئوغرى - يانچۇقچىلار ئېلىۋالسا، بەزى جايلاردا يانچۇقنى نامۇۋاپىق ئالۋاڭ - سېلىقلار قۇرۇقداپ قويماقتا.

▲ ياش ئىزدەنگۈچى ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن ئەمدىلا 30 ياشقا كىرىپتۇ. ئۇنىڭ يازغان، تۈزگەن، نەشر قىلدۇرغان كىتابلىرى 30 دىن ئېشىپتۇ. شۇنداق بولغاندا ئۆمرىنىڭ ھەربىر يىلىغا بىردىن ئارتۇقراق كىتاب توغرا كەپتۇ. بۇنىڭ ئۆزى مۆجىزە ئەمەسمۇ؟ ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىنگە ئاپىرىن.

▲ خەنزۇلار پۇل تاپسا دەرھال «بانكا» غا سالىدۇ، بەزى ئۇيغۇرلار پۇل تاپسا دەرھال «داپ» چالىدۇ.

— مەمتىمىن ئابدۇرېھىم

ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە ئاناكۆل يېزا قومبوغۇز باشلانغۇچ مەكتېپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ كىتاب مۇقاۋىسىنىڭ شەھۋانىيلىشىشى، بىلىمگە قىلىنغان ھاقارەتنىڭ ئاخىرقى پەللىسى.

▲ بىلىمسىز، ئەخلاق - پەزىلەتسىز ئايال - شورلۇق يەر.

▲ باشقىلارغا خۇشامەت قىلىش - ئۆزىنىڭ باھاسىنى ئۆزى چۈشۈرۈپ سېتىشتۇر.

▲ ئىلىم مۇھاكىمىسى سورۇنىدىكى ئىنكار يوققا چىقىرىش ھېسابىدىكى ئىنكار ئەمەس، بەلكى بايقاش ھېسابىدىكى ئىنكار بولغاندىلا ئاندىن بۇ ئىلىم مۇھاكىمىسىنىڭ قىممىتى بولىدۇ.

▲ دۇنيادا مۇنداق ئىككى خىل كىشى خاتىرجەم ياشايدۇ: بىرى، ساراڭ، يەنە بىرى، «سۇنىڭ ئېقىشى، تۈكنىڭ يېتىشى»غا قاراپ ئىش كۆرىدىغان كىشى.

— ھەزرىتئەلى روزى

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2004 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدىكى دۇردانىلەر بىلەن خاتىرەم بەتلىرىدىن ئاق يەر قالمىدى.

▲ ئىدىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئارتىسلارنىڭ كەينىدىن يۈگرۈش ئەمەس، بەلكى خەلقچىل ئەدىبلەرنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈش زۆرۈردۇر.

— مەۋلۇدە سابىر

ئاپتور: غۇلجا شەھەر 11 - ئوتتۇرا مەكتەپ قوش تىللىق (تولۇقسىز) سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ تۇرمۇش كەچۈرۈشتە ئۆزىدىن تۆۋەنلەرگە، ئالغا ئىلگىرىلەشتە ئۆزىدىن يۇقىرىلارغا قاراش كېرەك. ئىككىسىنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالسا ئادەم ئۆز تۇرمۇشىدىن قانائەت تاپالماي، بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماي ئۆتۈپ كېتىدۇ.

▲ ئالدىراڭغۇلۇق - پۇشايمان كوچىسىنىڭ كىرىش ئېغىزى.

▲ قايسى ئەلدە بالىنى يېتىم قىلىش كۆپ بولىدىكەن، شۇ ئەلنىڭ زاۋالەتكە يۈزلىنىشى ئەڭ تېز بولىدۇ.

▲ بالىلار ئۈچۈن «يېتىم» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغاندىنمۇ بەكرەك ئازابلىق تۇيغۇ بولمىسا كېرەك.

▲ ئاتا - ئانا بىلەن بالىنىڭ، ئۇستاز بىلەن شاگىرتنىڭ، ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقا ئارىلىشىش، دۇنيادىكى ئەڭ ھاماقەت

كىشىنىڭ ئىشى.

▲ مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى يەر شارىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا تەسىر كۆر-سەتسە، ئاياللارنىڭ ئەركىن قويۇۋېتىلىشى يەر شارىنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ ئەڭ بەختلىك ۋاقتى باشقىلارغا مەيلى ماددىي ياكى مەنىۋى جەھەتتىن موھتاج بولمىغان ۋاقتىدۇر.

▲ ئانىلارنىڭ ئەڭ چوڭ كەمچىلىكى بالىلارغا زىيادە كۆيۈنۈش.

ـ راھىلە ئەسقەر

ئاپتور: مەكىت ناھىيە جامە ئالدى دولان بازىرى چەرچەن مالـلار كوچىسى 6 ـ دۇكاندا

* * *

▲ بايلىقنىڭ كۆپلۈكىگە ئىشىنىپ ئەۋلادلىرىنى بىلىم ـ ھۈنەرسىز قالدۇرۇش، ئۆز بايلىقىنى ئەشەددىي رەقىبىگە قالدۇرغان بىلەن بارا-ۋەر.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى «تەپەككۇر مېۋىلىرى» كىشىلىك ھاياتتىكى تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىنىڭ مۇپەسسەل جۇغلانمە-سىدۇر.

ـ ئەھمەت خۇدۇيۇم (ھەققانىي)

ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايەت 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ دۇنيادا موھتاجلىق ۋە تەمەخورلۇقتىن قۇتۇلالمىغان ئادەم ـ مەڭگۈ راۋاج تاپالمايدىغان ئادەمدۇر.

▲ ۋاقىتنى قەدىرلەش ئېڭى تېخى ئويغانمىغان ئادەم، مېنىڭچە، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاققا ئوخشايدۇ.

ـ رابىيە مەمتىمىن

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلـتېتى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھىيلىگەرلىك توزىقىغا كۈلۈپ چۈشسەڭ، يىغلاپ قۇتۇلۇسەن.

ـ مەھمۇتجان ياسىن

ئاپتور: ئىلى كەسپلەر ـ تېخنىكا ئىنستىتۇتى مال دوختۇرلۇق 2004 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ نادانلار خۇدادىن كۆرە، خۇراپاتلىققا بەكرەك بەندىدۇر.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى «تەپەككۇر مېۋىلىرى» نىڭ ھەر «دانىسى» ئۆزگىچە شېرىن تەمگە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى قەلب جاراھەتلىرىگە مەلھەم، روھ ئىللەتلىرىگە شىپادۇر.

ـ ئىلغارجان مەتتۇرسۇن ئىسلامىي (ئۆيۈشقاق)

ئاپتور: نىيە ناھىيە سىياسىي كېڭەشنىڭ خادىمى

▲ يوللار سىلىقلاشتى، قەلبلەر قوتۇرلاشتى.

▲ ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنت غېمىدە، پەرزەنتلەر ئوقەت غېمىدە.

ـمۇھەممەت ئابلەت

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئە-گىلىك 14 ـ دىۋىزىيە گوما دېھقانچىلىق مەيدانى 1 ـ باشلانغۇچ مەك-تەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ پەرزەنت بولۇش سۆيىتىم بىلەن ئاتا ـ ئانامغا، ئوقۇغۇچى بو-لۇش سۆيىتىم بىلەن ئۇستازلىرىمغا، ئوقۇرمەن بولۇش سۆيىتىم بىلەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا رەھمەت ئېيتىمەن. چۈنكى بۇ ژۇرنال نەزەر دائىرەمنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ،جەمئىيەتنى چۈشىنىشىمگە ياردەم بەردى.

ـ زۆھرەت ئابدۇرېھىم

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ساياھەت ئىنستىتۇتى ساياھـەت باشقۇرۇش كەسپى 2003 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

### ھايات چۈقانلىرى

▲ سىز ھاياتتىن داغدام ـ داۋانسىز يول ئىزدىمەكچى بولسىڭىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىگە قەدەم بېسىڭ.

▲ بۇ دەۋردە روھى كۈچلۈكلەرلا ئەڭ ھەقىقىي كۈچلۈكلەردۇر.

▲ ھەقىقەت شۇنىڭ ئۈچۈن تەكرار ـ تەكرار سۆزلىنىۋېرىدۇكى، ئىنسان ھەمىشە ئۇنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇپ، ئۇنى تەكرارلاش تە-قەززاسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲ يېڭى ئەسىرنىڭ غالىبلىرى ئەمگەكنى كۆپ قىلغانلار ئارىسىدىن ئەمەس، ئەمگەكنى ئاقىلانە قىلىدىغانلار ئارىسىدىن چىقىدۇ.

▲ ئويلىنىش ھەممىنى ھەل قىلالمايدۇ. ئەمما ھەل قىلىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

▲ بۇ ئەسىردە ئەڭ كۆپ نەرسىمۇ ئادەم، شۇنداقلا ئەڭ ئاز نەرسىمۇ يەنىلا ئادەم.

▲ ئېتىقاد يوقالسا ئەخلاق يوقايدۇ، ئەخلاق يوقالغان جەمئىيەتتە قانۇننىڭمۇ رولى بولمايدۇ.

▲ ھازىر ئادەم بىلىمنى كونترول قىلماي، بىلىم ئادەمنى كونترول قىلىۋاتىدۇ.

▲ خاتا تەربىيە بېرىلگەن بالا بۇزۇق ماتور ئورنىتىلغان ماشىنى-دەك ئۆزىنىلا ھالاك قىلىپ قالماي، باشقىلارنىمۇ ھالاك قىلىدۇ.

▲ ئەخلاق ئىگىلەشكە تېگىشلىك بىلىم ئەمەس، بەلكى مۇجەس-سەملەشكە تېگىشلىك خىسلەتتۇر.

▲ باشقىلارغا چۈشەندۈرمەك، شۇنداقلا باشقىلارنىمۇ سىزدەك چۈشەنمەكنى ئەڭ تەس نەرسە ئادەمنىڭ يۈرىكىدىكى دەرد.

▲ سەۋر قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم بەختتىن لەززەتلىنىشنىمۇ بىل-مەيدۇ.

▲ تەقدىر دېمەك بۈگۈن دېمەكتۇر. بۈگۈن ئۈچۈن تىرىشىش، تەقدىر ئۈچۈن تىرىشىشتۇر.

▲ ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئىشلىتىلگەن ساختىلىق ئادەملەرنى ئەبەدىي پۇشايماندا قالدۇرىدۇ.

▲ ھەيران قالماسلىق كۆنۈپ كەتكەنلىكنىڭ ئالامىتى، تولا ھەيران

قىلىش بىلمەسلىكنىڭ ئالامىتى.

ـ مەتقۇربان توختىيۇسۇپ

---

ئاپتور: كىرىيە ناھىيە قاراقىر يېزا قاغىلىق كەنتىدە، دېھقان

*　　*　　*

▲ ئېتىقاد سۇسلاشقان ئەلدە ئەرلەر نائىنساپلارغا، ئاياللار نائەلاجلارغا ئايلىنىدۇ.

▲ ئوقۇغۇچىنىڭ ئىدىيىسى بىر پارچە ئەينەككە ئوخشايدۇ. بۇ ئەينەكتە ھەم ئوقۇتقۇچىنىڭ پەزىلىتىنى، ھەم جەمئىيەتنىڭ كەيپىياتىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ـ بۇۋىقارىيە ئابلىز

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە كوسراپ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 2 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئەقلىدىن دۇردانىلەر

▲ ئۆي كەپتىرى ياۋا كەپتەرگە ئەگەشسە دالىدا، ياخشى بالا يامانغا ئەگەشسە تۈرمىدە قونىدۇ.

▲ ھۈنەرلىك بول قىممەت تاپىسەن، جىگەرلىك بول ھۆرمەت تاپىسەن.

▲ قارنى يامانىنى داستىخاندا كۆر، ئاغزى يامانىنى ئۇرۇشقاندا.

▲ ئادەملەرنى ئازدۇرغىنى رىۋايەتلەردىكى شەيتان ئەمەس، ئادەمىي شەيتان.

▲ پۇل تاپاي دېسەڭ تىجارەت، ئەقىل تاپاي دېسەڭ زىيارەت قىل.

▲ ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك ئايال ھەسەل ھەرىسىگە، ئەخلاقسىز ئەر چۈنىگە ئوخشايدۇ.

▲ ناخشا ـ ئۇسسۇلچى مىللەت سەرساندۇر، ئۇلارنىڭ ئۆلگىسى سىگاندۇر.

▲ بىر ئادەمنىڭ بەختسىزلىكى ئۈچ ئىشتىن باشلىنىدۇ: ئەقىلسىزلىق، بىلىمسىزلىك، ئەخلاقسىزلىق.

▲ كۈچ ئىشلىتىپ، ئەقىل ئىشلەتمىگەنلەر نادان، تىل ئىشلىتىپ، قول ئىشلەتمىگەنلەر تادان.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى پەن ـ مەدەنىيەت باغچىسى، پىكىر ـ تەپەككۇر خەزىنىسى، ئەقلىيە ـ ھېكمەت دەستۇرى، ئۇيغۇر تىل سەنئىتىنىڭ ئۆلگىسى، ئۇيغۇر ژۇرناللىرىنىڭ سەرخىلى.

▲ ئادەمگە ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان قىيىن ئىش: موھتاجلىقتىن قول سۇنۇش، گۇناھ قىلىپ باش ئېگىش.

▲ مەرۋايىت دېڭىز تەكتىدىن، ئالتۇن تاغنىڭ ئاستىدىن چىققاندەك، دانا ـ ئاقىللار، تالانتلىق شائىرلار تۆۋەندىن ـ دېھقاندىن چىقىۋاتىدۇ.

▲ ئەپەندى ـ ئالىملار ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بەزىلىرى نۇر ـ ئاپتاپنى ئايىماي سېپىدىغان قۇياشتەك ئەلگە نەپ ۋە مەنپەئەت بېرىدۇ؛ بەزىسى ئايغا ئوخشاش قاراڭغۇنى يورۇتۇپ، يول ـ نىشانىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؛ بەزىسى يۇلتۇزغا ئوخشاش ئېگىزدە نۇرسىز، ھارەتسىز تۇرۇۋالىدۇ.

▲ بىر مىللەتنىڭ مائارىپ ساپاسى شۇ مىللەت تەرەققىياتىنى كۆرسىتىدىغان ئىسترېلكا.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى خەلقىمىزنى ئەقىل گاللىقى، پىكىر ئاجىزلىقى، تەپەككۇر نامراتلىقىدىن قۇتقۇزۇپ، ئەقىل كامالىتى، پىكىر ئەۋجىسى، تەپەككۇر پەللىسىگە يېتەكلەۋاتىدۇ.

▲ مەكتەپتىن مەزگىلسىز ئايرىلىپ قالغان بالا، ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بوۋاققا ئوخشايدۇ.

▲ پىكىرسىز ئېتىقاد، تەپەككۇرسىز ئىبادەت ـ دورامچىلىق.

▲ ھەركىم ئۆزىنى چۈشەنگەندە نامراتلىق تۈگەيدۇ.

▲ ئادەمدە مۇئەييەن مەيدان، مەۋقە، تەپەككۇر، ۋىجدان بولمىسا، مالغا ئوخشاش باشقىلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ.

▲ ھاياتلىق ـ مۇسابە، ئادەم ـ يولۇچى، ئەجەل ـ ئۆتەڭ، ئاي ـ يىل ـ ئۆمۈر بىرلىكى.

▲ ئىمتىھان نومۇرىنى سۈپەت ئۆلچىمى قىلغان مەكتەپ ئىقتىدارلىق، يارامىلىق ئىز باسارلارنى ئەمەس، هارامتاماق، جانباقارلارنى يېتىشتۈرگەن بولىدۇ.

▲ ئەر ئۆينىڭ ئىشىكىگە، ئايال دېرىزىسىگە ئوخشايدۇ.

▲ بىلگەنلەر ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك، بىلمىگەنلەرگە ئەڭ قەدىرسىز نەرسە ـ ۋاقىتتۇر.

ـ ياقۇپ ھەمدۇللا

---

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

*　　*　　*

▲ مائارىپتىكى مەغلۇبىيەت ئالدى بىلەن مائارىپ قارىشىدىكى مەغلۇبىيەتتۇر.

ـ ئابلىز ئىبراھىم

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە غازكۆل يېزا باغئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ سىياسىي دەرس ئوقۇتقۇچىسى

▲ ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئۆتكەن ھايات تۇرمۇشلۇق بولۇپمۇ پەرزەنتلىك بولالمىغان بىچارە ئايالغا ئوخشايدۇ.

ـ نۇرمۇھەممەتجان مەككە

---

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە ئاققاش يېزا پوچتا پونكىتىنىڭ خادىمى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى قەلبى ئويغاق كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە يەتكۈزەلمىگەن ئىچ سىرلىرىنى يەتكۈزىدىغان خالىس پوچتالىيون.

ـ ھەببە خوجا

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئىقتىساد ئېڭى يوق مىللەت، يېقىن كەلگۈسىدىكى قەلەندەر

مىللەتتۇر.

▲ ھەممىشە باشقىلاردىن ئاغرىنىش، ئۆزىنى ئۆزى ئاجىز كۆرسىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

▲ ھەر قانداق ئىنساننىڭ بىر قاراڭغۇ تەرىپى بولىدۇ، پەخەس بول! ئاشۇ قاراڭغۇ تەرىپى سىنى ۋەيران قىلىدىغان قەرەللىك بومبىنىڭ ئۆزىدۇر.

▲ بالىڭىز نېمە دېسە ئۇنى ئېلىپ بەرمەڭ، بولمىسا، كەلگۈسىدە بالىڭىز سىزنى پوكەيگە تىزىپ قويغۇسى.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ باي مىللەتلەر، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كارخانىلىرىنى قوللىغانلاردۇر.

▲ دۇنيا گۇناھسىز،گۇناھ ئادەملەردە.

ـ ئادىل يۈسۈپخان

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى خەنزۇ تىلى فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

### تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ خەلقنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالالمىغان ئادەمنىڭ ھەيكىلى ئالتۇندىن ياسالغان بولسىمۇ، قوغۇنلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۈنۈپ قالغان شۇمبۇيىغا ئوخشايدۇ.

▲ ئايال كىشىنىڭ كوچىدىكى سۆلىتىگە قارىماي ئۆتقان ئۆيىگە قارا.

▲ دېھقان چۈشكۈنلەشسە تاغىرىغا، ئالىم چۈشكۈنلەشسە مىللەتكە زىيان.

▲ دېھقانلار قوبۇل قىلالمىغان مەدەنىيەت يوقاش ئالدىدا تۇرغان مەدەنىيەت.

▲ ئوقۇتقۇچىدىكى بىر ئىللەت، ئوقۇغۇچىلاردىكى مىڭ ئىللەت.

▲ پۇل شۇنداق نەرسىكى، بەزى ۋاقىتتا ئادەمنىڭ جېنىنى قۇتقۇزغىلى بولىدۇ، بەزى ۋاقىتتا ئېچىپ كەتكەن قورساقنى بىر قېتىم تويغۇزغىلى بولمايدۇ.

▲ قارايدىغان بولساق، كۆپلىگەن باي مال ـ دۇنيا يىغمەن، دەپ يىغقان مال ـ دۇنياسىنى تۈزۈك يېيەلمەي ئالەمدىن كەتسە، كۆپلىگەن نامرات گېلىدىن ئېشىنالمىغاچقا يېيىش بىلەنلا بوپكېتىپ، مال ـ دۇنيا يىغالماي ئالەمدىن كېتىدىكەن.

▲ ئۆلۈمدىن بىرەر ھەقىقەتنى چۈشىنىۋالالمىغان ئادەم، باشقا ھېچقانداق نەرسىدىن بىرەر ھەقىقەتنى چۈشىنىۋالالمايدۇ.

▲ تويۇڭغا كەلگەنلەر نوپۇزىڭنى دەپ كەلسە، ئۆلۈمىڭگە كەلگەنلەر ھۆرمىتىڭنى دەپ كېلىدۇ.

ـ تۇرامەت مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزا تۇغبېشى كەنتىدە، دېھقان

### تۇنجى تەپەككۇرۇم

### ئەمەل ـ مەنسەپ توغرىسىدا

▲ «ئىشنى ھەق قىلمىدى» دەپ ئەمەلدار ئۈستىدىن شىكايەت قىلغۇچىلار ئەمەلدار بوپقالسا يا توغرا ئىشلەيدۇ، يا بولمىسا ئالدىنقى ئەمەلدارىدىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

▲ چوڭ ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرگەنلەر كۆپ، لېكىن ئەل قەلبىدىكى نوپۇزنى تىكلىيەلىگەنلەر ئاز.

* * *

▲ ئاتا ـ ئانام ماڭا ساغلام تەن ئاتا قىلغان بولسا، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ساغلام روھ ئاتا قىلىۋاتقان دانىشمەن ئۇستازىمدۇر.

ـ ساۋۇتجان سەلىم

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ رەسىم ئوقۇتقۇچىسى

### تەپەككۇر بىخلىرى

▲ بىر ئاتوم بومبىسى پارتلىسا، ئۇنى نېمىنىڭ كۈچىدىن دەپ قارايسىز؟ ئۇ ـ ھوقۇق ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ بىرلەشكەندىن كېيىنكى كۈچى.

▲ تارىخنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەقىقەت دۇردانىسى نېمە؟ ئۇ ـ ئىبرەتتۇر.

▲ ھەقىقەت ھامان ئۆز ھىمايەتچىلىرىنى مۇكاپاتلايدۇ. گەرچە دەل ۋاقتىدا بولمىسىمۇ.

▲ ھەقىقەت باشتا جىلۋىلىنىدۇ، ئوتتۇرىدا خىرەلىشىدۇ، ئاخىرىدا بولسا بىراقلا يورۇپ كېتىدۇ، مانا بۇ ئۇنىڭ مۇساپىسى.

ـ ئېلشاد رەخىم

---

ئاپتور: قورغاس ناھىيە 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 2 ـ (قوش تىللىق تەجرىبە سىنىپ) ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى چوڭلارنىڭلا ژۇرنىلى بولماستىن، بەلكى بىز ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭمۇ ھايات يولىنى تاپالىشىمىزدىكى، جەمئىيەتنى چۈشىنىشىمىزدىكى، شۇنداقلا بىزگە روھىي ئوزۇق بەرگۈچى خىسلەتلىك ژۇرنال.

ـ مەرھابا مۇتەللىپ

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيە تۇمشۇق شەھىرى 53 ـ پولك ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

### كۆڭۈل خەزىنەمدىكى تۇنجى ھاسىلاتلار

▲ بىراۋنىڭ كۆزىگە، سۆزىگە ئىشەنمە، ۋاقتى كەلگەندە كۆز يۇمۇلىدۇ، تىل تۇتۇلىدۇ.

▲ ئۆمۈر بويى ئىنتىلىش، ئەمما ئېرىشەلمەسلىك ئادەمنى ئىچىدىن قۇرۇتۇۋېتىدۇ.

▲ ئېزىلىش، خورلىنىش، بوزەك قىلىنىشلارغا قاراپ بۇ دۇنيانى رەھىمسىز دېمە. چۈنكى، ئاشۇ تەڭسىزلىكلەر بولمىسا، سەن مەڭگۇ

غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانماي خىرامان ئۇخلاۋېرىسەن.

▲ بىرەيلەن بىر كىشىنى خاھىشلىق بويىچە قىلمىسا، شۇئان كۆڭلۈگدە بىر خىل ئاچچىقلىنىش ۋە ياكى مەسخىرە قىلىش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. ئۇنداق قىلىشلىرىڭ بىھاجەت. چۈنكى ھەربىر ئادەم ئۆز ئالدىغا بىر دۇنيا، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز تەپەككۇرى، ئۆز غايىسى بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق كىشىلەر سېنىڭ قارىشىڭ بويىچە ئىش قىلىشى كېرەكمۇ؟

▲ ئالدىڭغا كەلگەنلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە ئەمەس، بەلكى نامەزىڭغا كەلگەنلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ ئۆزۈڭگە باھا بەر.

ئەپسۇس! سەن ئۆلۈپ بولدۇڭ.

▲ دۇنيانى گۈزەل ۋە رەزىل، رەھىمدىل ۋە رەھىمسىز قىلىدىغان ئادەم ئۆزۈڭ تۇرۇپ، يەنە قايسى يۈزۈڭ بىلەن ئەيىبلەيسەن؟!

▲ ئوغۇللارنىڭ مەنمەنچىلىكى يانچۇقىنىڭ تومپۇقىدىن، قىزلارنىڭ مەنمەنچىلىكى چىرايىنىڭ بولغىنىدىن.

- ئامانگۈل ئابدۇرېقىپ (يادىكار)

---

ئاپتور: شايار ناھىيە يېڭىمەھەللە بازىرىدا

* * *

▲ ئېسىل نەرسىنىڭ قىممىتى قولدىن چىقىپ كەتكەندە، ھەقىقىي - چىن ئىنساننىڭ قىممىتى ئۆلگەندە ئاشىدۇ.

- ھاياتقىز

---

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە ئۈچئون خۇيزۇ يېزىسىدا

▲ بىر كۈنلۈك ئالدىراش خىزمەتتىن چارچاپ ئۆيگە قايتقاندا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى قولۇمغا ئېلىپ، «تەپەككۇر مېۋىلىرى» گە ئېغىز تەگسەم، زور مەنىۋى ئوزۇق ئېلىپ روھلىنىپ قالىمەن.

- تۇرسۇن ياسىن

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە ئارغۇ يېزا مەركىزىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ بۇ دۇنيا قونالغۇ، سەن بىر كارۋان، كارۋان قونالغۇدا قانچىلىك تۇرغان؟!

- مۇھەممەتئېلى سۇلتان

---

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە پاختەكلى يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ گۈزەللىك نەدە - شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىدە.

▲ ئىلگىرى مەن پەرىشتەم دېگەن سۆزنى ئانچە چۈشەنمەيتتىم. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇغاندىن بۇيان مەن ئۆزۈمنىڭ پەرىشتىسىنى تېپىۋالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. چۈنكى ئۇ مېنى غەپلەتتىن، نادانلىقتىن، يالغۇزلۇقتىن، ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ، يېڭىچە بىر خۇشاللىققا ئېرىشتۈردى.

▲ دوستى ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن تەڭ يىغلىغان دوست ئەمەس، ئاۋارىچىلىككە ئۇچراشتىن بۇرۇن سۆزلىگەن ۋە تۈزىگەن ھەقىقىي دوستتۇر.

- ئابلىكىم (ئۈمىد)

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە ئىشقىلا بازىرى دۆلەتباغ كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر ھېسلىرى

▲ ئازاب كۆڭۈلدە، ئاچچىق چىرايدا.

▲ تەلەيسىز تەلەيسىز ئەمەس، پۇرسەتسىز.

▲ ئاچچىقىڭدا قىلغان ئىشىڭ - سېنىڭ ئەڭ ئازغان چېغىڭ.

- ئوسمان ئەھمەتجان (ئوغلان)

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە بازىرىدا

## تەپەككۇر سۆزلەشمىلىرى

▲ ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشتىن ھۇزۇرلىنالىغان ئادەم ھەسەتتىن يىراق بولىدۇ.

▲ سەن باشقىلارنى قەدىرلىسەڭ، باشقىلارمۇ سېنى قەدىرلەيدۇ. بۇ، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئادىل سودىدۇر.

▲ ئۆلۈم ئازابلىق، ئەمما ئۆلۈمدىنمۇ ئازابلىق بولىدىغان بىر نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆلۈمنى كۈتۈشتۇر.

▲ ۋاقىت قۇياش، قۇياش بىر كۈندە پەقەت بىر قېتىملا چىقىدۇ، ئىككىنچى قېتىم چىققاندا ئاللىقاچان ئەتە بولغان بولىدۇ.

▲ چۈشكىنىزنى ئەمەلگە ئاشۇراي دېسىڭىز، ئويغىنىڭ.

- نامەتجان تۇرسۇن

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە قومۇشئېرىق يېزا قومۇشئېرىق كەنتىدە، دېھقان.

* * *

▲ ھېسداشلىق قىلىش بەدىلىگە ئېرىشىلگەن مۇھەببەت پارنىكتا ئۆستۈرۈلگەن گۈلدەك ئۇزاققا قالماي بەربات بولىدۇ.

▲ بەزى ۋاقىتلاردا، بىراۋلار ئۆز موھتاجلىقى تۈپەيلى سىزگە يېلىنغاندىلا ئاندىن سىز ئۆزىڭىزدە بار بولغان كۈچ - قۇدرەت، ئارتۇقچىلىقلارنى بايقاشقا قادىر بولالايدىكەنسىز.

- ئايتىللا ئابدۇرەشىد (ئاق گۈل)

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكولتېتى 2004 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىلىمدارلار ئۆز بىلىمىنىڭ ھەقىقەتنى تونۇغاندا، پۇلدارلار بايلىق توپلاش ۋە سەرپ قىلىشنىڭ توغرا يولىنى تاپقاندا، ئەمەلدارلار ھوقۇقىنىڭ ۋەزنىنى ھېس قىلغاندا جەمئىيەت تۈزۈلۈشكە باشلايدۇ. چۈنكى ئاۋام خەلق ئەلمىساقتىن تارتىپ بۇ ئۈچىگە ئەگىشىپ كەلگەن.

- قاسىمجان يۈسۈپ

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ تالىبى

▲ ئەرلەر بىرسى بەك چىرايلىق ئايالدىن، بىرسى بەك ئەقىللىق ئايالدىن قورقىدۇ.

▲ پەقەت ئىككى نەرسىگە ھېچكىم تەڭ شېرىك بولالمايدۇ: بىرسى كېسەل، بىرسى ئازاب.

▲ ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭگە كۆڭۈل كۆزۈڭدە ئەمەس، ئەقىل كۆزۈڭدە قارا. شۇندىلا ھەقىقىي چۈشىنەلەيسەن.

ـ ھاۋاگۈل ئەمەت

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىمات فاكولتېتى ماتېماتىكا كەسپى 2003 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## پىكىر ئۇچقۇنلىرى

▲ تۇرمۇشتا ئىككى خىل يالغانچىلىق مەۋجۇد: بىرى، باشقىلارنى ئالداش، يەنە بىرى، ئۆز ـ ئۆزىنى ئالداش.

▲ ئاچچىقلىنىش ـ ۋاقىتلىق ساراڭلىقتۇر.

▲ قوپال تەربىيە ئالدىراقسان ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرىدۇ؛ بۇيرۇق ـ مەجبۇرلاش تۈسىنى ئالغان تەربىيە يۇمشاقباش ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرىدۇ؛ دېموكراتىيە شەكلىدىكى تەربىيە بولسا، تەپەككۇرى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرىدۇ.

▲ بىر يازغۇچى: «سىنىپ مۇدىرى دۇنيا بويىچە ھوقۇقى ئەڭ كىچىك مۇدىر بولۇشى مۇمكىن» دېگەنىكەن. مېنىڭچە، ئۇ مۇنداق بىر جۈملىنى ئۇنتۇپ قالغان: «سىنىپ مۇدىرى دۇنيا بويىچە مەسئۇلىيىتى ئەڭ ئېغىر مۇدىردۇر، چۈنكى ئۇ ئىنسان روھىنى يارىتىدۇ».

▲ بىر ئوقۇغۇچىنى تاشلىۋېتىش ـ جەمئىيەتكە بىر قەرەللىك پارتلاش بومبىسى ئاتقانلىق، ئائىلىگە تراگېدىيە ئەكەلگەنلىكتۇر.

ـ ئابلىز ئوسمان يەركەندىي

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە كەسپىي ـ تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى

## يېڭى تۇيغۇلار

▲ ھايات مۇساپەڭنىڭ قانچىلىك قالغانلىقىنى بىلمەكچى بولساڭ ئارقاڭغا قارا.

▲ باشقىلار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ياكى قىلالمىغان ئىشلارنى ئۇلاردىن سورىماڭ (مەسلىھەت ئالماڭ). ئۇلار ھەرگىز سىزگە ياخشى تەكلىپ ھەم مەدەت بەرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار سىزنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىڭىزنى ھەرگىز خالىمايدۇ.

▲ قارارنى تولا ئۆزگەرتىدىغانلارنىڭ گېپى ئوسۇرۇققا ئوخشايدۇ، ئوسۇرۇپ بولغاندىن كېيىنلا تارقاپ كېتىدۇ ھەم ئەتراپنى سېسىتىدۇ.

ـ ئايۇپجان ئابدۇكېرىم (بۆرە)

---

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەت تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئۆزۈمچە «چۈمۈلىلەرگىمۇ ئازار بەرمىدىم، بىر تال گىياھنىمۇ نابۇت قىلمىدىم» دەپ يۈرۈپتىمەن. ئەمەلىيەتتە نابۇت قىلغانلىرىم بىھۇدە ئۆتكەن ۋاقتىم ئىكەن. بۇ دەل رەھىمسىزلەرچە سادىر قىلغان ئەڭ چوڭ جىنايىتىم بولماي نېمە؟

▲ مەن ئىزدەپ ھېرىپ قالغان، مېنى ئىزدىمەس بولۇۋالغان دوستلىرىمدىن ئەمدى مېنى يالغۇز قالدۇرماسلىقنى، مەن بىلەن مۇڭداش بولۇپ غېرىبلىقىمنى ئۇنتۇلدۇرۇشنى ئىلتىجا قىلىپ كەتمەيمەن. چۈنكى، ھازىر «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدەك تېپىلغۇسىز ياخشى مۇڭداشنى، مېنى مەڭگۈ تاشلىۋەتمەيدىغان ھەقىقىي دوستنى تاپتىم.

ـ زورىگۈل قوزى

---

ئاپتور: ئاقسۇ شەھەر سۇ ئىدارىسى دولان سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ خادىمەسى

## تۈنجى تەپەككۇر

▲ بىر تال چۈمۈلە كىچىككىنە نەرسە تاپسا، باشقا چۈمۈلىلەرنى چاقىرىپ بولالماي ئاۋارە، ئەمما بىزلەر كىچىككىنە نەرسە تاپساق باشقىلاردىن يوشۇرۇپ بولالماي ئاۋارە.

▲ باشقىلارنى ئالداش رەزىللىكنىڭ، ئۆزىنى ئالداش مەغلۇبىيەتنىڭ ئىپادىسى.

▲ ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىگە ئىشەنچ يوق ئەمەس، ئۆزىگە ئىشەنچ بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاجىزدۇر.

ـ مىركاملجان ئېلى

---

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەت تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ قىزلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئوغۇللارغا ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىگە باغلىق.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە تەپەككۇر ئىگىلىرى توپلاشقان ئىلمىي سورۇندۇر.

▲ ھاراق، تاماكا تاشلىيالمىدىم، دېگۈچىلەر ھەقىقەتەن ئىرادىسىز كىشىلەردۇر. ئەجەبا، بىز جانجىگەر قان ـ قېرىنداشلىرىمىزدىن، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزدىن ئايرىلىپ ياشىيالايمىز، بۇلارنىڭ ئالدىدا ھاراق، تاماكا قانچىلىك نېمىتى؟!

▲ ئاتايىتەن سورۇن راسلاپ دوست تۇتقىچە، بەش يۈەن خەجلەپ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى سېتىۋېلىپ ئوقۇپ باق. شۇ چاغدىلا ھەقىقىي دوستنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايسەن.

ـ ئابدۇشۈكۈر قاسىم

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە خۇشئاۋات يېزا مائارىپ ـ تەنتەربىيە ئىشخانىسىنىڭ بوغالتىرى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ ئىشنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن كەم قىلىشنىڭ ئۈنۈمى

ئۇخشاشتۇر.

▲ ئۈمىد قانچە چوڭ بولسا، ئۇنىڭدىن كېلىدىغان ئۈمىدسىزلىكمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

▲ مۇھەببەت ـ مارۇژنا، تاتلىق بولغىنى بىلەن ئاسانلا ئېرىپ كېتىدۇ؛ نىكاھ ـ دورا، ئاچچىق بولغىنى بىلەن ئۇچمەي ئامال يوق.

▲ جىمجىتلىق بىلەن جېدەل ـ ماجرانىڭ ئارىلىقى بىر مۇشت بولغىنىدەك، خاتىرجەملىك بىلەن كۆڭۈلسىزلىكنىڭ ئارىلىقىمۇ بىر ئې-غىز ئۇشۇق سۆز.

ـ مۇنەۋۋەر ئوبۇلھەسەن

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل فاكولتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى مۇئەللىمەسى

* * *

▲ دېھقان (دىخان) «خان» ئاتىلىپ، ئەڭ كۆپ جاپا تارتىدىغان ئىنساندۇر.

▲ «پۇرسەت يوق» دېگۈچىلەر، ئەمەلىيەتتە پۇرسەتنى چىڭ تۇ-تالمايدىغان مېيىپكە ئوخشايدۇ.

▲ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىش، ئەمەلىيەتتە ئىستىقبالىنى ئۆزگەرتكەن بىلەن باراۋەردۇر.

ـ مۇھەممەتجان توختى

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ياشلىقتىكى مۇھەببەت ـ بەڭباشلىق، ئوتتۇرا ياشتىكى مۇھەب-بەت ـ تەشنالىق، قېرىلىقتىكى مۇھەببەت ـ كۆيۈمچانلىق.

▲ تەپەككۇرىڭنى تېتىكلەشتۈرىدىغان ئەڭ ئېسىل مېۋە ـ «شىن-جاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى «تەپەككۇر مېۋىلىرى»دۇر.

ـ جەمىلە ھەسەن

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە ئۇزۇن بازىرى سىغىنسۆگەت كەنتىدە، دېھقان.

▲ ئۇخلاش ـ يېرىم ئۆلۈش، روھىي جەھەتتىن ئويغانماسلىق ـ تولۇق ئۆلۈش.

▲ ھەقىقىي تەپەككۇر قىلالمىغانلار ۋە قىلالمايۋاتقانلارغا «شىن-جاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى دەرسلىك بولالايدۇ.

ـ ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا (جان پىدا)

---

ئاپتور: شايار ناھىيە مازارغوجام بازىرى ئۆستەڭبويى مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر تەرمىچىلىرى

▲ مەتبۇئات ساپاسىز، شەخسىيەتچى، ۋىجدانسىز مۇھەررىرلەر-نىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا خەلقنىڭ ھەقىقەتنى بىلىشى، ھەقىقىي يازغۇچى ـ شائىرلارنى بىلىۋېلىشى شۇنچە كېچىكىدۇ، ھەتتا بىلمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ.

▲ بىكار ئۆتكۈزۈۋەتكەن ۋاقىتلىرىڭ ئۇ دۇنياغىلا كېتىشكە ئال-دىراپ تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىڭ؛ ئالدىراش ئىجاد، ئەمگەك بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلىرىڭ ھەر ئىككى دۇنياغا پۇختا تەييارلىق قىلىۋاتقان ئەڭ ئېسىل چاغلىرىڭدۇر.

▲ بەڭباش دوستۇڭغا تولا تەربىيە قىلىۋەرمەي «شىنجاڭ مەدە-نىيىتى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇپ بەر. مانا بۇ ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلىگىنىڭ. چۈنكى ئۇ دوستۇڭغا ھېچكىم بېرەلمىگەن تەربىينى ئېرىنمەي بېرەلەيدۇ.

▲ ھوشيار بول، دوستۇم! كالېندار ـ سائەتلىرىڭ ئۇ دۇنيانىڭ ۋاقتىنى ھېسابلاشقا باشلىدى...

ـ ئەبەيدۇللا نىزام ناسىرىي

---

ئاپتور: شىخۇ شەھەر 6 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ سەن بەزىدە ئىشنىڭ يامان تەرەپكە بۇرۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن يالغان سۆزلىسەڭ يامانلىق ياخشىلىققا ئايلانغۇسى، مانا بۇ ھەققانىي رەزىللىكتۇر.

▲ سەن بىر بولسا سېنى ئەڭ سۆيىدىغان ۋە ھۆرمەتلەيدىغان ئا-دەمنىڭ، بىر بولسا سەن ئەڭ سۆيىدىغان ۋە ھۆرمەتلەيدىغان ئادەم-نىڭلا چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرايسەن. بۇ پەقەت مۇھەببەتلا ئادەمنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، دېگەننىڭ مىسالى بولسا كېرەك.

ـ رابىيگۈل مۇسا (نازۇك)

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە دۆڭقوتان بازىرى لەڭگەر كەنتىدە

▲ نەق سۆزلىدىڭ، ھەق سۆزلىدىڭ.

▲ ئورۇنسىز گەپنى قىلمىساڭلا، ئورۇنسىز غەم يېيىشىڭ نە ھا-جىتى؟

ـ زۆھرەگۈل ئەزىز

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئىجتىمائىي پەن تولۇق 3 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھاياتلىق سەپىرىدە مۇنداق ئۈچ خىل ئادەم مەۋجۇد: 1.يۈ-گۈرگۈچىلەر، 2. ماڭغۇچىلار، 3. ئۆمىلىگۈچىلەر.

▲ سەۋەنلىكنى ئېتىراپ قىلىدىغانلار سەۋرچان، سەمىمىي كىشى-لەردۇر؛ سەۋەنلىكنى ئېتىراپ قىلماي باشقىلاردىن ئىزدەيدىغانلار جاھىل، تېرىككەك، ئالدىراقسان كىشىلەردۇر.

▲ ئەگەر سىز بىرەرسىنىڭ خۇي ـ پەيلى، مىجەز ـ خاراكتېرىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئاۋۋال ئۇنىڭ ئۆزىدىن كىچىكلەرگە تۇتقان پو-زىتسىيىسىگە قاراڭ.

▲ ئەي بالا، دۇكاندار سېنى «پۇلۇڭ يوقكەن» دەپ قوغلىسا مەيۈسلەنمە، سېنى قوغلىمايدىغان، پۇلۇڭ يوقكەن دېمەيدىغان بىر جاي بار، ئۇ بولسىمۇ كۇتۇپخانا.

▲ ناۋادا تۇرمۇشىمىزدىكى ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرگەن بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا ھەممىمىز دۆتلىشىپ كەتكەن بولاتتۇق.

▲ قىزچاق ياش تۆكمە، تېنىڭنىڭ ئىپپىتى ناكەسلەر تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغان بىلەن، قەلبىڭ (روھىڭ)نىڭ ئىپپىتى تېخى پاك.

▲ مەن ئىلگىرى تۈزۈك ئوقۇيالمىغىنىمغا ئۆكۈنەتتىم، ھازىر ئۆكۈنمەيدىغان بولدۇم. چۈنكى ھازىر مەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن ئىبارەت بىر مەكتەپتە ئوقۇۋاتىمەن. مەن بۇ مەكتەپتىن ئادىمىيلىكنى، قەدىر ـ قىممىتىمنى قايتىدىن تونۇشقا باشلىدىم، مىللىي روھنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىۋالدىم، ئادىل گەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋالدىم.

▲ ھاراق ئاۋۋال كەيپ قىلىدۇ، ئاندىن ئەيىب قىلىدۇ، ئاخىرىدا بۇ دۇنيادىن سىنى غايىب قىلىدۇ.

▲ ئاياللار ئىپپىتىنى قوغداشنى ئۆزىدىن، ئەرلەر ئىپپىتىنى قوغداشنى ئائىلىسىدىن باشلىسا، ئىپپەت ھەقىقىي قوغدىلىپ، دەپسەندە قىلىنمايدۇ.

ـ ئابلەتجان شۈكۈر (خۇشچاقچاق)

ئاپتور: كۇچا ناھىيە دۆڭگوتان بازىرى لەڭگەر كەنتىدە، دېھقان

**تۈن نىسبىدىكى تەپەككۇر**

▲ سەن بىلەن چىقىشالمايدىغانلار بىر بولسا سېنى كۆرەلمەيدىغانلار، بىر بولسا ئېتىقاد يولى سېنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلار.

▲ دوستۇڭنىڭ باھاسى ـ ئۆزۈڭنىڭ ساپاسى، دۈشمىنىڭنىڭ باھاسى ـ شۇم نىيىتىنىڭ غەۋغاسى.

▲ بىراۋغا كۆپ قېتىم ۋەدە بەرگىنىڭ، ئەمەلىيەتتە ئۆزۈڭنىڭ ئىشەنچسىزلىكىڭنى ئاشكارىلاپ قويغىنىڭ.

▲ كىشىلەر ھەمىشە ئەترگۈلنى «مۇھەببەت»كە سىمۋول قىلىشىدۇ. ئۇنداقتا، «مۇھەببەت» دېگەن شۇنداق تېزلا ئېچىلىپ، سولىشىپ، توزۇپ كېتىدىغان نەرسىمۇ؟!

▲ ئايالنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى ـ مەسئۇلىيەتسىز ئەر.

▲ كۆڭلۈڭنىڭ سۈيۈقلۇقى ـ يۈزۈڭگە چاچرىغان نىجاسەت.

▲ كۆرگەنىڭنىڭ ھەممىسى راست ئەمەس، چۈشەنگەنىڭنىڭ ھەممىسى راست.

▲ تىلىڭ ـ دىلىڭنى ئاشكارا قىلىدۇ، كۆزۈڭ يالغانىنى.

ـ ئابدۇرەھمان ئابدۇئەزىز

ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايەت 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

كىمنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى بالدۇر كەلسە، شۇنىڭ مۇھەببەتكە بولغان رايى شۇنچە تېز يانىدۇ.

ـ ئەكبەرجان ئابدۇروسۇل

ئاپتور: كەلپىن ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

▲ گۇمانخورلۇق خۇددى زاۋال ۋاقتىدا ئۇچىدىغان شەپەرەڭگە ئوخشايدۇ.

ـ خۇدابەردى رەھمان

ئاپتور: ئاقتو ناھىيىلىك كۈتۈپخانىنىڭ خادىمى

▲ ئايال ـ ئىنسانىيەتنىڭ ئۆلى.

▲ چىن شائىر ـ زامانىنىڭ ئەلگە تۇتقۇزغان مەشئىلى.

▲ ئاياللار گۈزەللىك ئىزدەپ، گۈزەللىكىنى يوقىتىپ قويماقتا.

▲ بىز بىچارە بوپقالغاندا، دوستىمىزنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى كۆرەلەيمىز.

▲ چۈشكۈنلۈك ـ ھالاكەتنىڭ سىگنالى.

▲ ئېتىقاد ـ ئىنسان روھىنىڭ ئەينىكى.

▲ بۈگۈننىڭ خائىنلىرىغا كېلەچەكنىڭ زەمبىرىكى نىشانلانغان بولىدۇ.

▲ چىن شائىر ـ ھەقىقىي مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتتىكى يەمىرىلمەس ياۋايى كۈچ.

ـ ئۆمەرجان سالام

ئاپتور: شايار ناھىيىسى «مەشئەل» كىتابخانىسىدا

▲ سەن جەمئىيەتتە قانداقلا بولمىسۇن بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىساڭ، ھېچكىم سېنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

ـ مۇھەممەتجان قۇربان

ئاپتور: كورلا شەھەر تاشدەن كاۋچۇك زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى

▲ مۇھەببەت دېگەن نېمە؟ بالىلاردىكى ئىنتىلىش، ياشلاردىكى ئىشتىياق، ياشانغانلاردىكى مېھىر ـ ۋاپا.

ـ ئابدۇرەھمان ئىمىن

ئاپتور: گۇما ناھىيە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 1 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دۈشمىنىڭ ـ دەل ئالدىڭدا خۇشامەت قىلىدىغانلاردۇر.

ـ خەيرىنسا تۇرسۇن

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

**ئاچچىق تەپەككۇر**

▲ ھايات ـ بىز دائىم ئاڭلاپ تۇرىدىغان، ئەمما مەنىسىنى تاپالمايدىغان تېپىشماق.

▲ ئىككى خىل ئادەم ئۆزىنى ئۆزى ئازابلايدۇ: بىرى، باشقىلارغا ھەسەت قىلىدىغانلار؛ يەنە بىرى، باشقىلارغا ھەۋەس قىلىدىغانلاردۇر.

▲ دۇنيادا ئەڭ پاك نەرسە ـ تۇپراق.

▲ ئېرىشكەن نەرسىلەر مەڭگۈلۈك ئەمەس، ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەر مەڭگۈلۈك.

▲ ئادەمنىڭ ئۆمرى تولىمۇ قىسقا، ئەمما ھەر بىر كۈنى ناھايىتى ئۇزاق.

▲ بىز ھايات چېغىمىزدا يەرنى يەيمىز، ئۆلگەندە بولسا يەر بىزنى يەيدۇ.

▲ ھازىرقى ئادەملەرنىڭ ساپاسى ئۆسىۋاتىدۇ، ۋاپاسى يوقىلىۋاتىدۇ.

▲ ئەگەر سەن ۋاقىتنىڭ ئالدىدا ماڭالمىساڭ، ھېچ نەرسىگە ئېرى-شەلمەيسەن، ئېرىشىدىغىنىڭ پەقەت ۋاقىت تاشلىۋەتكەن نەرسىلەر، خالاس.

▲ قېنى بىزنىڭ يېشىمىز؟! ئۇنى شەيتان ئوغرىلاپ كەتتى.

▲ بىز سولاندۇق ئەينەك ئىچىگە، ياشاۋاتقىنى سايىمىز پەقەت.

- ھەمەرجان ھېكىم ھارماس (پارسا)

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە شاپتۇل يېزا كىچىك ئاقئېرىق كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ ۋاپاسىزلىق - بىۋاپا قىزلارنىڭ پۇشايمان خاتىرىسى.

▲ دوستۇم، سەن ھەر ۋاقىت «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ ئەينەك قىل. پەقەت سەن ھەققىي بىر تالانت ئىگە-سىگە ئايلانغان چېغىڭدىلا ئاندىن بۇ ژۇرنالنىڭ تەلەيلىك ئوقۇرمىنى بولغانلىقىڭدىن ھەققىي پەخىرلىنىسەن.

- ئەمەتجان تۇردى (رەھىمىي)

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە «ئۇچقۇن» كومپيۇتېر تېخنىكا مۇلازىمەت مەركىزىدە

▲ كىيىمنىڭ كىرىنى سوپۇن ئالىدۇ، دىلنىڭ كىرىنى تەربىيە.

▲ جەمئىيەتنى تۈزۈم ئوڭشايدۇ، قارا نىيەتنى ئۆلۈم.

- توختى ناسىر

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كەسپىي - تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتە-پىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تۇيغۇ ئۇچقۇنلىرى

▲ كۆزلەر ئىچىدە ئەڭ بىخەتەر كۆز بوۋاقلارنىڭ كۆزى.

▲ بىلىمنىڭ يىلتىزى راستچىللىق، سۈيى تىرىشچانلىق، مېۋىسى ئىجادچانلىق.

▲ چوڭلارغا ئەدەبلىك مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئۆزى مېھرىبانلىق، كىچىكلەرگە قوپال مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئۆزى رەزىللىك.

▲ ئەڭ غەرەزسىز مېھرىبانلىق قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ.

▲ ھاياتنىڭ گۈزەللىكى سەنئەتتە، تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكى ساغ-لاملىقتا، سەنئەت ۋە ساغلاملىق يەنىلا مۇشۇ كەڭرى تەبىئەتتە.

▲ ئەقىلسىز ئادەم باشقىلارنىڭ يامانلىقىنى ئاسان ئۇنتۇيدۇ، يۈزسىز ئادەم باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىنى ئاسانلا ئۇنتۇپ قالىدۇ، ۋىجدانسىز كىشى ھېچقاچان ھېچكىمگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلمايدۇ.

▲ بىر ئىت كۆرۈپ قاۋىسا، 100 ئىت كۆرمەي قاۋايدۇ.

▲ ئاجىز ئادەملەر يۇمىلاق تاشقا، جاھىل ئادەملەر تەۋرەنمەس تاشقا ئوخشايدۇ.

▲ خەقنىڭ ئاغزىدىن ئاشقان گەپتىنمۇ لاۋزا نەرسە يوق.

▲ غەلىبە قازىنىپ نەتىجىگە ئېرىشىشكە ئەڭ يېقىن ئادىمىڭ ياردەم قىلغان بولسا، بارسا كەلمەس تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىشىڭغىمۇ ئەڭ يېقىن ئادىمىڭ سەۋەبچى بولىدۇ.

▲ ھەسەتخور ئۆزى ياققان ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈر.

▲ ياش ۋاقتىدا ئويۇنچى ئادەم، قېرىغاندا تىلەمچى بولىدۇ.

- رازىيەگۈل قۇدرەت

---

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە ئوپال يېزىسىدا، دېھقان

* * *

باشقىلار «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن ھېكمەتلىك سۆز-لەرنى كۆرەلىگەن بىلەن، مەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن ئۆزۈمنى ۋە مىللىتىمنى كۆرىمەن.

- قۇربانجان ياسىن

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تارىخلىق ئۆزۈڭ، ئەي تارىخ! سېنى ھېچكىم يېشەلمەس، چۈن-كى بۇ دۇنيادا سەن بىلەن تەڭ ياشىغان كىشى يوقتۇر.

▲ ئوقۇغۇچىنىڭ ساپالىق ياكى ساپاسىز ئىكەنلىكىگە ئۇنىڭ ئو-قۇغان مەكتىپى گۇۋاھ.

- ئەزىمەت جاپپار

---

ئاپتور: شىنجاڭ باللار پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ياشلىقتىكى ئازغۇنلۇق شەيتاننىڭ، قېرىلىقتىكى ئازغۇنلۇق تەقدىرنىڭ چاقچىقى.

- ئابلىمىت ئىبراھىم قىيان

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى-نىڭ پېنسىيىدىكى ئاشپىزى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ يېزىقچىلىق - كۆزى بىلەن كۆرۈپ، مېڭىسى بىلەن تەپەككۇر قىلىپ، يۈرەك قېنىنى سىياھ قىلىپ، بار ئاۋازى بىلەن جار سالىدىغان، ئەقلى ئويغاق ئىنسانلار ئوقۇپ، ئويلاپ يېتەلەيدىغان ئۇلۇغۋار كە-سىپ.

▲ مۇھەررىر - يازغۇچىلاردىن باشقىلار ئانچە بىلىپ كەتمەيدى-غان پەردە ئارقىسىدىكى نامسىز قەھرىمان.

▲ دەردمەن كىشىنىڭ كۆزى ئاۋۋال سۆزلەيدۇ.

▲ ئايالالرغا نىسبەتەن يېرىم يالىڭاچ يۈرۈش ئۆز ئەرلىرىگە قىلغان يېرىم خائىنلىق.

▲ ئاۋۋال يۈرەك ئاندىن كۆز يىغلايدۇ.

▲ ئاچچىقلىق كەلگەندە ئىپادە بىلدۈرمە.

▲ بىراۋنىڭ سۆزى بىلەن بىراۋغا باھا بەرمە.

▲ نەسىھەت قىلىپ ئاھانەتكە قالغان كىشى - شاگىرتىدىن كاچات يېگەن ئۇستازغا ئوخشايدۇ.

▲ ئۇچ قېتىم نەسىھەتنى ئاڭلىمىغان كىشىگە نەسىھەت قىلما.

▲ ئەقىل بىلەن كۈچ - قۇدرەت بىرلەشكەندىلا ھەممىدىن غالىب كەلگىلى بولىدۇ.

▲ دانىشمەننىڭ ئاچچىقى نادان ئۈچۈن، زالىم پادىشاھنىڭ ئاچ-چىقى ئەقىللىق كىشى ئۈچۈن بولىدۇ.

▲ نادانىنىڭ كۈلكىسى كۆپەيگەنسېرى، دانىشمەنىنىڭ ھەسرىتى كۆپىيىدۇ.

▲ تارىختىن ساۋاقكى، ئاياللار ۋە نارەسىدىلەر ياش تۆككەن جەمئىيەت ـ ھالاكەت گىردابىغا يېقىنلاشقان جەمئىيەتتۇر.

▲ «ئانام» دېگەن سۆزۈڭ بىلەن «بالام» دېگەن سۆزۈڭنىڭ قېتىم سانى تەڭ بولسۇن.

▲ تاسادىپىي كۈلكە ـ ھەقىقىي كۈلكە.

▲ ھەقىقەتنىڭ كۈلكىسى ـ شەخسىيەتچىلىك يوشۇرۇنمىغان كۈلكە، يىغىسىمۇ ھەم شۇنداق.

▲ قەستەن كۈلۈش ـ قەست يوشۇرۇنغان كۈلۈش.

▲ يېرىم يالىڭاچ يۈرگەن ئاياللار ئېرىنىڭ ئۆز خوتۇنى، باشقا ئەرلەرنىڭ كۆز خوتۇنى.

▲ دانالارنىڭ غېمى كۆپ ئۈچۈن، نادانلارنىڭ غېمى ئۆزى ئۈچۈن.

▲ يېرىم يالىڭاچ يۈرگەنلەرگە قاراپ، سىرى ئېچىلغان تىلسىماتنىڭ قەدىرسىز بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

▲ دۈشمىنىڭنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن ئەمەس، ئۆزۈڭنىڭ قورقۇنچاقلىقىڭدىن ئەنسىرە.

▲ ئىپپەتسىز ئايال ـ دەرۋازىسى يوق سەيلىگاھ.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، قەھرىمانىنىڭ سەرگەردانلىقى بىر بولسا تۈزۈم سەۋەبىدىن، يەنە بىر بولسا ئاۋامنىڭ نادانلىقىدىن بولىدۇ.

▲ دۈشمىنىڭنىڭ كۈلكىسى ياراڭغا سېپىلگەن تۇز، دوستۇڭنىڭ كۈلكىسى قۇلىقىڭغا قىستۇرۇلغان گۈل.

ـ ئەسقەر ھوشۇر

---

ئاپتور: بورتالا شەھىرى چىندىل يېزا رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ مەسئۇلى

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ 30 يۇەنگە قانچىلىك بىلىم ئالغىلى بولىدۇ، دەمسىز؟ ئۇنداقتا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا بىر يىللىق مۇشتەرى بولۇڭ.

▲ دورا ۋە داۋالاش ئېلانلىرى ـ ھەقىقىي دورا ۋە داۋالاش بىلەن ساختا دورىلار ۋە ساختا داۋالاشلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بىر مەيدان كەسكىن كۈرەشتىن ئىبارەت.

▲ تېلېۋىزوردا يېرىم يالىڭاچ كىيىملەرنى كىيىپ، ئۆزلىرىنىڭ دادا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئورنىدىكى خىزىر سۈپەت ئالىم، تەتقىقاتچى، يازغۇچى ـ شائىر، جامائەت ئەربابلىرىدىن مەدەنىيەت توغرىلىق سوئال سوراپ ئولتۇرغان رىياسەتچى خېنىملارنى كۆرۈپ، توۋا، دەپ ياقامنى تۇتۇپ قالىمەن.

ـ قۇربان تىلەك

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ تېۋىپى

* * *

▲ غەيۋەتخورلۇق ۋە پىتنىخورلۇق قانۇن سىرتىدىكى ئەڭ ئېغىر جىنايەتتۇر.

▲ كۆپ سۆزلەيدىغانلارغا قارىغاندا، كۆپ قارايدىغانلار خەۋپلىكرەك بولىدۇ.

ـ ياسىنجان ئوسمان (ئوقيا)

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە ئويتاغ بازىرىدا

## پىنھان تىۋىشلار

▲ ئۆزىنى بىلىش ـ ئەڭ چوڭ ئەركىنلىكتۇر.

▲ سەن ئۆزۈڭ ياراتقان قىممەت بىلەن سۆيۈلگىنىڭدىلا، ئېرىشىدىغان ئىمتىيازىڭ ھۆرمەت بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

▲ شەكىلۋازلىق ـ «ئېشىكىم كۆۋرۈكتىن ئۆتكىچە» دىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ـ گۈلپىيە زەيدىن

---

ئاپتور: كورلا شەھەر شاڭخو بازىرى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

## ئويۇق سادالىرى

▲ جاپا ـ ئۆزىگە قىلىنغان ۋاپا.

▲ باتۇرنى ئاجىزلار تىكلەيدۇ.

▲ كۆڭۈلچەكنى ئالدىماق، قىلىقى سەتنى تىللىماق ئاسان.

▲ يامان گەپ بىر بولسا ئۆزۈڭنىڭ ئۆزۈڭگە قىلغىنىڭدىن، يەنە بىر بولسا، ئۆزۈڭنىڭ باشقىلارغا قىلغىنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ.

▲ پاراسەتسىز قىلغان ئىش ـ قېلىپسىز قۇيغان خىشتۇر.

▲ ئاغزى قاتتىق سىر ساقلىسا، بويىنى قاتتىق كىر (ئاداۋەت) ساقلايدۇ.

▲ سەت باشنى يارسا، چىرايلىق يۈرەكنى يارىدۇ.

▲ ياخشىلارغا ئىلھام بېرىپ، يامانلارنى تەسىرلەندۈرۈپ (ئىبرەت ئالدۇرۇپ) تۇرغان كىشى توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر.

▲ «باشقىلار نېمە بولسا بىزمۇ شۇ» دەپ ياشايدىغان كىشىلەر ئۆز تەقدىرىنى باشقىلارغا باغلاپ قويۇپ، سۆرۈلۈپ ماڭغۇچىلاردۇر.

▲ مەخپىيەتلىكنى بىرگە كۆپ ئادەم بىلەن ئارىلىشىدىغان كىشىگە، يەنە بىرگە كۆپ گەپ قىلىدىغان كىشىگە ئېيتىشقا بولمايدۇ.

▲ گۇمان ئىچىدە يۈرۈش تەشۋىش ئىچىدە يۈرۈشتۇر.

▲ ئىنسان ئۆزى ئويلاپ باقمىغان ئىشلارغا دۇچ كەلگەچكىلا ھەيرانلىق ئىچىدە ياشىغۇچىدۇر.

▲ ئەمەلىيەت ـ ئەڭ چوڭ ھەقىقەتتۇر.

▲ خىيالنىڭ كەينىگە كىرىش ـ ئۆز سايىسىنى قوغلىغانلىقتۇر.

▲ ۋاز كېچىش ـ قۇربان قىلىشتۇر.

▲ ئۆزىدىكى بايلىق (ئىقتىدار) نى ئىشلىتەلمەيدىغان كىشىلەر ئالتۇن ساپايە (قاچا) كۆتۈرۈۋالغان كور تىلەمچىدۇر.

▲ ئۆز ئىقتىدارىنى يوشۇرغانلار ـ كۆزىنى تېڭىۋالغان (يۇمۇۋالغان)لاردۇر.

▲ ئەتراپىدىكى ئىشلاردىن بىخەۋەر يۈرگەن كىشىلەر ـ يۈزىگە بىر قەۋەت چاڭ ـ توزان قونۇپ قالغان ئەينەككە ئوخشايدۇ.

▲ ماختاش چەكتىن ئاشسا مازاق قىلىشقا، تەسەللىي چەكتىن ئاشسا ئىچ ئاغرىتىشقا ئايلىنىدۇ.

▲ پۇل ـ نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى ئۆلچىسە، ئىمان ـ ئېتىقاد ـ ئىنساننىڭ قىممىتىنى ئۆلچەيدۇ.

▲ پۇلۇڭغا قاراپ ئەتراپىڭدىكىلەرنىڭ نىيىتىنى بىلسەڭ، ئىشىڭغا قاراپ ئۆزۈڭنىڭ نىيىتىنى بىلىسەن.

▲ دائىم باشقىلارنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە يۈرۈيدىغان كىشىلەر ـ بىرگە ئۆزىنى سورىمايدىغانلار، يەنە بىرگە باشقىلار تەرىپىدىن سۆرىلىدىغانلاردۇر.

▲ ئوچۇق ـ ئاشكارا ماختالغۇچى ـ دۈشمەنگە تېز يولۇققۇچىدۇر.

▲ باشقىلارنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ماختىغۇچى ـ ئۇلارغا دۈشمەن تاپقۇچىدۇر.

▲ بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنە بىلەن خاسلىقى بەلگىسى بولسا، بۇ بەلگە مەدەنىيەت دېڭىزىدىكى يەلكىنىدۇر.

▲ يىغا كەلگەندە سۈكۈت قىلساڭ يۈرەك، كۈلكە كەلگەندە سۈكۈت قىلساڭ كۆڭۈل كۇنىرايدۇ.

▲ قانائەت ـ ئازدىن، ئاچ كۆزلۈك ـ كۆپتىن كېلىپ چىقىدۇ.

▲ «بۇ گەپنى ھېچكىمگە ئېيتمىغانىدىم، ساڭىلا ئېيتىپ بېرەي» دېگۈچى «بۇ گەپنى مەن ساقلىيالمىدىم، سەن ساقلا» دېگۈچىدۇر.

▲ سىر ـ قىز

▲ سىر ئۇققۇچى ـ ئامانەتنى تۇتقۇچى.

▲ باشقىلارنىڭ سىرىنى ئۇققۇچى ئىككى يولغا دۇچ كېلىدۇ: بىرى، توغرا يولغا مېڭىپ ساقلايدۇ، يەنە بىرى، خاتا يولغا مېڭىپ كىشىگە ئاشكارىلايدۇ.

▲ ئىنسان ـ بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشقان (چاپلاشقان) تەن، يىراقلاشقان روھ ئىگىلىرىگە ئايلاندى.

▲ ئىنسان ـ تەنھالىق (ئاجىزلىق) تا ياخشى كۆرگەن ئادىمى (دوستى) نى ئەسلىسە، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغاندا دۈشمىنىنى ئەسلەيدۇ.

▲ بىز ئۆز ـ ئۆزىمىزدىن خۇدۇكسىرەپ قورقۇنچنى، قاراملىقتىن باتۇرلۇق (تەۋەككۈلچىلىك) نى كەلتۈرۈپ چىقىرىمىز.

▲ پەرۋاسىزلىق ـ خاتىرجەملىكتۇر.

▲ پۇل ـ ئىنسانلار ئارىسىغا (قەلبىگە) تارتىپ قويۇلغان مەنپەئەت پەردىسى.

▲ ئۆز تەقدىرىنى باشقىلارغا باغلاپ قويغۇچىلار ـ بىھۇدە ھالاك بولغۇچىلاردۇر.

▲ ئىز سالغۇچىلار ـ ئىجادچىلار؛ يول ماڭغۇچىلار ـ ئىجراچىلار؛ ئىز سالمىغان، يول ماڭمىغانلار ـ گۇۋاھچىلاردۇر.

▲ باشقىلارنى ئاسانلىقچە ياراتمايدىغان كىشى ـ ئۆزىگە ئوخشاش ئادەمدىن يەنە بىرنى تاپالماي يۈرگەن كىشىدۇر.

▲ كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزىگە قاراپ باھا بېرىدىغانلار ـ دانىشمەن؛ يۈرۈش ـ تۇرۇش، كىيىم ـ كېچەكلىگە قاراپ باھا بېرىدىغانلار ـ سۆلەتمەن؛ پۇل ـ مېلىغا باھا قاراپ بېرىدىغانلار ـ دۆلەتمەندۇر.

▲ ئىنسان ـ ھېسسىياتتا ئازغۇچى، ئەقىلدە قازغۇچى.

▲ ھايات ـ پۇرسەت.

▲ بىھۇدە سۆھبەت ـ ۋاقىت ئوغرىسى.

▲ غېرىبسىنىش ـ ئاجىزلىشىش.

▲ خىيال ـ گىلوبۇس.

▲ ياشلىق ـ ئۆمۈرنىڭ پايتەختى.

▲ ۋاقىت ـ ئىنساننىڭ نەتىجە قازىنىشىدىكى قورالى.

▲ نىيەت ـ يېرىم ھەرىكەت.

▲ مەغلۇبىيەت ـ ئاياغ ئاستى قىلىنغان «غەلىبە».

▲ كۆمۈر خالتىدىن ئاق ئادەم تېپىش تەس، بۇزۇق يۇرتتىن ساق ئادەم تېپىش.

▲ ئاياللارنىڭ ئەخمەقلىقى ـ ھېسسىيات گۈزەللىكىدە ئىپادىلەنسە، ئەرلەرنىڭ ئەخمەقلىقى قىزىقىش كۈچىدە ئىپادىلىنىدۇ.

▲ ئاياللار سورۇندىن ھايا ـ نومۇسنىڭ قايسى دەرىجىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلسەڭ، ئەرلەر سورۇندىن ئىمان ـ ئېتىقادنىڭ قايسى دەرىجىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلەلەيسەن.

▲ ئايال ھاياسىز بولسا گۈزەللىك ناۋاسىز، ئەر ھاياسىز بولسا ۋىجدان داۋاسىز.

▲ ئاياللار ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىدىغانلار (چوڭ سۆزلەيدىغانلار) بىرگە ھوقۇقدارلار، بىرگە ئاياللارنى كۆزگە ئىلمايدىغان (خارلايدىغان)لار، يەنە بىرگە ئاياللار ئالدىدا مەست بولغۇچىلار (خۇدىنى يوقاتقۇچىلار)دۇر.

▲ ھاراق ئىچكەندىن كېيىن مەست قىلسا، ئاياللار قارىغاندىن كېيىن مەست قىلىدۇ.

▲ ئاياللار ئەرلەرنىڭ قولىدا گۈل بولسا، ئەرلەر ئاياللارنىڭ قولىدا كۆل (قۇل) بولىدۇ.

▲ ئەر ـ ۋىجدان.

▲ ئايال ـ ھايا.

▲ ئوغۇللارنىڭ ساراڭلىقى تۇتسا شوخلىشىپ كېتىدۇ، قىزلارنىڭ ساراڭلىقى تۇتسا دۆتلىشىپ كېتىدۇ.

▲ ئادەم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىنى بىرگە ئەڭ خۇشال بولغاندا، يەنە بىرگە ئەڭ ئازابلانغاندا سېغىنىدۇ.

▲ مۇھەببەت ئىرادىنى تاۋلىسا، نەپرەت غەزەپنى تاۋلايدۇ.

▲ قىزلارنىڭ كۆزى ئوت، يۈرەككە تۇتىشىدۇ؛ ناز ـ خۇلقى شاراب، ئەقلىنى مەست قىلىدۇ (كېسىدۇ).

▲ بايلار پۇلنى سۆيۈپ تۇرۇپ تىللىسا، كەمبەغەللەر تىللاپ تۇرۇپ سۆيىدۇ.

▲ دۈشمەننىڭ ماختىشىنى، دوستنىڭ تىللىشىنى يالغان.

ـ مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى داۋۇت

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنت لەڭگەر مەھەللىسىدە، دېھقان (M1)



# يولۋاس ئۆلتۈرگەن ئەزىمەت ۋە كىر يۇيۇۋاتقان ئەر

(ھېكايە)

تۇرسۇن مەھمۇت

1

قار يېغىۋاتقىلى ئۈچ كۈن بولدى. ئاپئاق قارغا كۆمۈلگەن زېمىن قېتىپ - ئۇيۇپ قالغاندەك سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ھۇشقۇيتۇپ سۇر كۆرسىتىۋاتقان شىۋىرغان قارلارنى ئۇچۇرتۇپ يۈرىدۇ. تەبىئەت مۇزلىغان، جاھاننى سوغۇقلۇق ئىلكىگە ئالغان. شۇ ھالدا ئالەم - جاھاننىڭ جاراڭلاپ تۇرغان سوغۇقىدىن كۆرە ئاچچىق زەربىسىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان كىشىلەرنىڭ يۈرەكلىرىنى مۇدھىش بىر سوغۇقلۇق ھەم غەزەپ ئىگىلىگەن. قارنىڭ سوغۇقىدىنمۇ بەكرەك جاننى قىسىدىغان پاجىئەنىڭ كۆيدۈرۈپ، چاياندەك چېقىپ، قاقشىتىپ، جانغا ۋەھىمىلىك قىيناق سالىدىغان ئوغىدەك سىزىمىدىن گاراڭ بولغان بىر توپ جامائەت مەھەللىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى يارداڭلىق ئارىسىدىكى زاراتگاھتىن قايتىپ مەھەللىگە كىرىپ كېلىشتى. بىر - بىرىدىن ئېغىر ئۈچ جىنازا ئۇلارنىڭ يەلكىسىنى ئەمەس يۈرىكىنى، روھىنى بېسىپ يانجىپ تۇرغاندەك، قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئەلەم ۋە خورلۇقتىن كۆڭۈل ئالىمى غېرىبلىقنىڭ كۈلرەڭ تۇزۇندىلىرى بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەندەك ئىدى. ئۆلۈم - يېتىم دېگەن بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن بۇنىڭدەك كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ، قەلبىدە ئوت بولۇپ يانىدىغان غالىبلىق تۈيغۇلىرىنى پايخان قىلىدىغان ۋەقەلەر بولۇپ باقمىغانىدى. ئۈچ تاۋۇت مەسچىت ھويلىسىغا قاتار قىلىپ قويۇلغاندىن كېيىن ھەسەن ئاقساقال يۈرىكى مۇزلاپ، تىترىشىپ تۇرغان جامائەتكە قاراپ قايغۇلۇق بىر ئاھاڭدا سۆز باشلىدى:

- بۈگۈن بىزگە بىر قارا كۈن بولدى، بىر ئۆيدىن بىراقلا ئۈچ جاننى ئۇزاتتۇق. مەرھۇم يۇسۇپ پالۋان يىغىمىزنى يىغلاپ، دەردىمىزگە يېتىدىغان قېرىندىشىمىز ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرىمۇ يىرتقۇچلارنىڭ تىرنىقىدا جان بەردى. بىز ئۇلارنى قوغدىيالمىدۇق. مەن نومۇس قىلىۋاتىمەن. جامائەت، ئۇلارنىڭ تۇپراق بېشىنى تاشلىمايلى، مەرھۇملارنىڭ روھى قورۇنمىسۇن...

## ئەدەبىيات گۈلزارى

شىۋىرغان تېخىمۇ ئەدەشكە باشلىدى، قارلارنى توزۇتۇپ بوغۇناق كۆتۈرۈپ، سوئۇق كۆڭۈللەرنى تېخىمۇ مالىمان قىلىۋەتتى.

هەسەن ئاقساقالنى مەھەللىدىكى بىر نەچچە يىگىت ئورۇۋېلىشقان. شىۋىرغاننىڭ چىرقىراشلىرى ئارىسىدا ئۇلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭقىرغىلى بولمايتتى. پەقەت هەسەن ئاقساقالنىڭ ئۇزۇن قوللىرىنى شىلتىشلىرى، باش چايقاشلىرىدىن ياشلارنىڭ قانداقتۇر بىر تەلىپىنى رەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

هەسەن ئاقساقالنىڭ ئۇزۇن تونچە چاپىنىنىڭ پەشلىرى لەپىلدەيتتى، سالۋا تەلپىكىنىڭ يۇڭلىرى توزغۇيتتى. ئۇ بورانغا قارشى ئالدىغا ئېڭىشكىنىچە كۆچىنىپ كېتىپ باراتتى.

ئاقساقال تۆمۈر مەرگەننىڭ هويلىسىغا كىرىشى بىلەن تەڭ توقۇقلۇق چىلان تورۇق ئاتنىڭ يېنىدا ياتقان ئىككى تايغان هاۋشىپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى. تايغانلار ئاقساقالنىڭ يېنىغا كېلىپ تونۇش هىدنى سېزىپ يەنە ئارقىسىغا قايتىپ جايىغا بېرىپ يېتىشتى. قاڭتۇرۇپ قويۇلغان چىلان تورۇق بىر ئورنىدا جىم تۇرماي تولا چاپچىپ، ئىككى كىگىز ئورنى يەردىكى قارنى دەسسەپ مىلىق قىلىۋەتكەنىدى.

«بۇ ئادەمنىڭ خۇيى ئۆمۈربويى ئۆزگەرمىگۈدەك...» دېگەنلەرنى خىيال قىلغان ئاقساقال ئېغىر قوش قاناتلىق ئىشىكتىن ئۆيگە كىرىپ كەتتى. تۆمۈر مەرگەننىڭ ئۆۋ ئېتى يىل 360 كۈن، ئوۋغا چىقسۇن ـ چىقمىسۇن توقۇپ، تەييار قىلىقلىق بولاتتى. ئۇنىڭ هازىر 50تىن ئېشىپ كەتكەن كەمپىرى 14 ياش ۋاقتىدا قورقۇمسىز، چاپچىپ ـ ئېتىلىپ تۇرىدىغان تۆمۈرگە تەگكەندىن باشلاپ هەر ئەتىگىنى كۆرىدىغىنى مانا مۇشۇنداق جابدۇپ تەييار قىلىپ قويۇلغان ئات ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئايالمۇ ئۇنىڭغا كۆنۈپ قالدى. هويلىدا توقۇقلۇق ئاتنى كۆرمىسە ئۇنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، بىر نېمىسى كەمدەك بىر ئەسكى تۇيغۇ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلاتتى.

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم پالۋىنىم، ساقىيىپ قالدىڭلىمۇ...

ـ ۋەلەيكۇم ئەسسالام، كەلسىلە ئاقساقال. ئۆزلىرى ساق، مەھەللە ـ كوي ئامانمۇ؟

ـ هە... ـ ئاقساقال ئارتۇق بىر نېمە دېيەلمەي توختاپ قالدى. كۆزىدىن تامغان ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چۈشۈپ تەڭدىن تولىسى ئاقىرىپ كەتكەن ساقاللىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى.

ـ نېمە بولدى، ئاقساقال، ـ تۆمۈر مەرگەننىڭ بۈركۈتنىڭكىدەك كۆزلىرى ئاقساقالغا تىكىلدى، نەچچە كۈندىن بۇيانقى ئاغرىق ئازابىدا تاتىرىپ كەتكەن چىرايىدا قورقۇنچلۇق بىر جىددىيلىك پەيدا بولدى.

ـ ئۆزلىرى ساقسىز بوپقالغاچقا خەۋەر بېرەلمىدۇق، جامائەتنى مەن توسۇپ قويدۇم. ئۆزلىرىنى تۇتالماي قېلىپ بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق قايغۇغا قېلىشىمىزدىن ئەنسىرىدىم. بىلىشلىرى كېرەك، ئۆزلىرىنىڭ ساقلىقلىرى بىز ئۈچۈن ئامەت. ئەمدى بولسىمۇ دەي. كۆڭۈللىرىگە كېلىدىغىنىنى بىلمەيمەن. بۈگۈن مەرھۇم يۇسۇپ پالۋاننىڭ خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىنى يەرلىكىدە قويدۇق. ھەممىسىنىڭ جايى جەننەتتە بولغاي.

تۆمۈر مەرگەننىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىدا قورقۇنچلۇق بىر سايە پەيدا بولۇپ سارغۇچ، يىرىك ساقال ـ بۇرۇتلىرى تىكىلىشىپ كەتتى، پېشانىسىدە ھەمساتتا يىڭنە ئۇچىدەك تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى.

ـ تېخى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا باللارنى ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ هال ـ ئەھۋالىنى سوراتقانىدىم. بۇ ئەمدى نېمە بولغىنى. ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىنىڭ بائىسى نېمىكىن، ئاقساقال؟

ئاقساقال ئوڭايسىز بىر هالدا ئولتۇرۇپ كەتتى، دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. تۆمۈر مەرگەننىڭ تىكىلىپ قاراشلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرالماي دۇدۇقلىدى:

ـ ئاللا ئامانىتىنى تۈرلۈك ـ تۈمەن سەۋەب بىلەن ئەكېتىدۇ، پالۋىنىم. مېنىڭمۇ شۇ تاپتا يۈرىكىم لەختە قان بولدى. قازاغا رىزا. نېمە ئامالىمىز بولسۇن... ئۇ... ئۇلارنى... يول... يولۋاس ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئىزچىلار شۇنداق دېيىشتى. ھەتتا پۇت ـ قوللىرىنى يەپمۇ كېتىپتۇ.

تۆمۈر مەرگەننىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، ئاچچىق بىر نەرسە يۈرىكىگە قۇيۇلۇپ، تىنىقى ـ تىنىقىغا ئۇلاشماي قالدى.

ـ مەھەللىدىكى بىر نەچچە ياش بالا يولۋاسنى ئۆلتۈرۈۋېتىمىز، قىساس ئالىمىز دەپ سەكرەپ چىقىۋېدى، توسۇپ قويدۇم. سۆڭىكى قاتمىغان باللار، تېخىمۇ چوڭ ئىش چىقمىسۇن دېدىم.

ـ بۇنى ياخشى قىپلا. بۇ ئىشنى ئۆزۈم قىلىمەن. ياخشىلىققا يامانلىق دېگەن مۇشۇ. هايۋان دېگەن ئاخىر هايۋانلىقنى قىپتۇ ئەمەسمۇ.

ئاقساقال تۆمۈر مەرگەننىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنەلمىگەن بولسىمۇ لېكىن بىر نېمىدىن قورققاندەك بولۇپ تۆمۈر مەرگەنگە يېلىندى:

ـ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا، پالۋىنىم. بىلىشلىرى كېرەك، يۇرتتا سىلى بولمىسىلا بولمايدۇ. مەنمۇ قېرىپ ماغدۇرۇمدىن قالدىم. هەر ئىش بولسا با مەسلىھەت بىر ئىش قىلارمىز، قاراملىق قىلمىغايلا.

ـ خاتىرجەم بولسىلا، ـ تۆمۈر مەرگەن كۆزلىرىگە ياماشقان ياشلىرىنى ئاستا سۈرتۈۋېتىپ ئاقساقالغا قارىدى، ـ سۆزلىرىنى ئاڭلايمەن. ئەمما بۇ يىرتقۇچلارنى يوقاتماي بولمايدۇ. يۇسۇپ پالۋان مېنىڭ قىيامەتلىك بۇرادىرىم ئىدى. مەن هايات تۇرۇپ ئۇنىڭ خوتۇن ـ باللىرى مۇشۇنداق ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئۇنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن...

ـ كۆڭۈللىرى ماڭا چۈشىنىشلىك. بۇ كەلگۈلۈكتىن مەنمۇ شۇ تاپتا ئۆزۈمنى قەيەرگە قويۇشنى بىلەلمەيۋاتىمەن. شۇنداقتىمۇ هازىر ساقلىقلىرى يوق. ئوڭشالغانلىرىدىن كېيىن بىر نېمە دېيىشەرمىز.

ـ ئوبدان، ئاقساقال. دېگەنلىرىدەك بولسۇن.

* * *

چىلان تورۇق ئات يورغىسىغا چۈشۈپ ئاپئاق قارلارنى توزۇتۇپ، تېزگىن سېرىپ كېتىپ باردۇ. ئاتنىڭ شىڭشىيىپ كەتكەن قومۇش قۇلاقلىرىنىڭ جىددىي هالىتىدىن بۈگۈنكى سەپەرنىڭ ئۇنىڭ قىزىپ كەتكەن تۇياقلىرىنىڭ خۇمارىنى بېسىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن شادلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئاتتىن كېلىۋاتقان تونۇش تەر هىدى تۆمۈر مەرگەننىڭ بۇرنىغا يەڭگىل ئۇرۇلاتتى.

«هايۋان دېگەن هايۋانلىقنى قىلىدۇ ـ دە. چوقۇم ئاشۇ يولۋاسنىڭ كۈچۈكلىرى. يۇسۇپنى ئۆزۈم توسۇپ قويغان. شۇ چاغدا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپلىۋەتكەن بولسا بۈگۈنكى مۇشۇ كەلگۈلۈك كەلمىگەن بولاتتى. خۇدا ياراتقان جانىدارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتسە بۇنىڭ ئۇۋالىغا قالمايلى، دەپ كۆڭلى يۇمشاقلىق قىلغاننىڭ كاساپىتى مۇشۇ بولدىغۇ. يۇسۇپ ئاداش، قەدىرناسلىقىمىزنىڭ ھەق ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن بۈگۈن جان كەتسىمۇ... نېمە كۆرسەم كۆرەرمەن... ئاشۇ يولۋاسنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ خوتۇن ـ باللىرىڭنىڭ قىساسىنى ئالىمەن... ئاقساقالچە بولسا ياش باللاردىن بىر نەچچىنى ئەۋەتكۈسى بار. ئۇنداق قىلىپ بولامدۇ. ئالىمادىس بىرەر كېلىشمەسلىك بوپقالسا مەن تۇرغان يەردە يەنە مۇشۇ مەھەللە ـ كويدا بىر كىملەرنى يىرتقۇچلار يەپ كېتىدىغان

ئىش بولسا ماڭا بۇ جاننىڭ نېمە كېرىكى قالدى. يۇرتتا تۆمۈر پالۋان دېسە تۆمۈر پالۋان دەپ خەق مېنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگىدەك بولۇشىدۇ. ئەمدى مەن ئۇلارنىڭ بۇنچىزا ھۆرمەت ـ ئىززىتىگە لايىق ئىش قىلماي قولۇم ـ قوشنىلارنى يولۋاس يەپ كېتىپتۇ، دەپ دوڭغىيىپ تۇرغىچە قارنىمنى يېرىپلا ئۆلۈۋالغىنىم تۈزۈك. نەچچە ئەۋلاد ئۇۋچىلارنىڭ يۇرتتىكى نام ـ ئابرۇيى ماڭا كەلگەندە چۈشۈپ كەتسە، مەن بار يەردە بىر كىملەرنى ياۋايى جاندارلار تالاپەتكە ئۇچراتسا بۇ مەن ئۈچۈن نومۇس، كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز خورلۇق... ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىدىغان، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ئىگىسىگە تاپشۇرىدىغان بۇ جاننى بۇنچىۋالا ئاياپ، نومۇسقا قويۇپ خار قىلغاندىن كۆرە، خۇدا پېشانەمگە پۈتكەن ئەركەكلىكنىڭ شەرىپى ئۈچۈن ئەركەكتەك ئىشلارنى قىلىپ جاننى ئىگىسىگە تاپشۇرغىنىم خوپ...»

چىلان تورۇق جىددىي قەدەملەر بىلەن كېتىپ بارىدۇ. ئات جانىدارنىڭ كۆڭلىدە بىر خۇشاللىق باردەك قىلاتتى. ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۇ ئىگىسى بىلەن بۇ كەڭرى كەتكەن جاڭگاللارنى كېزىپ چىقتى، بارمىغان يەرلىرى ئاز قالدى، جىددىي ئېلىشىشلار، ھايات ـ ماماتلىق تىركىشىشلەر بولدى. ئۇ ھەرقاچان ئىگىسىنىڭ يىرتقۇچلارنى يەڭگەن چاغدىكى خۇشاللىقنى كۆرۈشكە شۇنچە خۇمار ئىدى. ئىگىسىگە مىڭ ئادەمنىڭ ئارىسىدىنمۇ ھىدىنى ئايرىيالايدىغان دەرىجىدە ئۆگىنىپ كەتكەن بۇ جانۋار ئۆزىنىڭ جەڭگە يارالغانلىقىنى بىلىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئەزىمەتلەرنىڭ نەرە ساداسى ئىچىدە جەڭگە كىرەلمىدى، ئەمما ئىگىسىنىڭ قىلىۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسى بىر خىل جەڭ بولۇشى مۇمكىن... پايانى يوقتەك كۆرۈنىدىغان كەڭرى جاڭگالنىڭ چىغىر يوللىرىدا كېتىۋاتقان تۆمۈر پالۋان بىلەن ئۇنىڭ كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان قومۇشقۇلاق ئېتىنىڭ خىيالى بىرلىشىپ كەتكەنىدى. ۋاقتى كەلگەندە شېرىنلىكىگە ھېچنېمە تەڭ كېلەلمەيدىغان جان دېگەن بۇ نەرسىنى دو تىكىپ، ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ رەقىبىگە ئېتىلالايدىغان بىر روھ بىلەن، شۇنداق بىر ماتانەت بىلەن ياشاش شەرىپىگە ئىگە بولالىغان ھەر قانداق جان ئۆلۈمنى مەنسىتمىگەن ھالدا بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشالىسا... بىر جان ئۆزىنىڭ يارالمىشىنىڭ مەنىسىگە يېتەلىسە، ئالەمدە بۇنىڭدىن ئۆزگە سۆيۈنۈشلۈك، پەخىرلىنەرلىك ئىش بولمىسا كېرەك...

* * *

ئاقساقال ئەتىسى ئەتىگەن بىر نەرسىدىن كۆڭلى ئۆيۈپ كىچىك ئوغلىنى تۆمۈر پالۋاننىڭ ئۆيىگە يۈگۈرتتى. ئوغۇل ھايال بولمايلا قايتىپ كېلىپ ھويلىدا تۆمۈر پالۋاننىڭ ئېتىنىڭ يوقلۇقىنى مەلۇم قىلغاندا ئاقساقال پېشانىسىگە پاققىدە بىرنى ئۇردى ـ دە، پالاقلىغىنىچە تالاغا يۈگۈردى.

تۆمۈر پالۋاننىڭ قاردا قالغان سۇس ئىزلىرىنى نىشان قىلىپ ماڭغان بەش ـ ئالتىدەك ياش ئۇۋچى ئاقساقالنىڭ باشچىلىقىدا جىددىي يول يۈرۈپ تۆمۈر پالۋاننى تاپقاندا تۆمۈر پالۋان توپاقتەك يوغان بىر تاغىل يولۋاس بىلەن قۇچاقلاشقىنىچە قېتىپ قالغانىدى. ئېگىز دۆڭنىڭ يانباغرىدىكى كەڭرى بىر يەر جىددىي ئېلىشىش جەريانىدا تىلغىنىپ، بۇلغىنىپ كەتكەنىدى. يولۋاسنىڭ قېنى بىلەن ئادەمنىڭ قېنى ئارىلىشىپ كەتكەن، تۆكۈلگەن قانلار مەرۋايىتتەك پارقىراپ كۆز چاقاتتى. تۆمۈر مەرگەننىڭ جېنىنى ئالغان، تۆمۈر مەرگەننىڭ قولىدا جان بەرگەن بۇ يولۋاسنىڭ بۇنىڭدىن بەش يىل ئاۋۋال كىچىككىنە ئارسلان ۋاقتىدا تۆمۈر مەرگەن ئىچ ئاغرىتىپ قويۇپ بەرگەن يولۋاس كۈچىكى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمىدى. شۇ چاغدا تۆمۈر مەرگەن ئانا يولۋاسنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ ئەمدى ئۇھ دەپ تۇرغان يۈسۈپ ئۇۋچىنىڭ يېنىغا كەپقالدى. قەدىناس دوستىنىڭ شىجائىتىدىن سۆيۈنۈپ، قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۇنى تەبرىكلىدى. ئۇلار تۆمۈر مەرگەن ئۇۋلاپ كەلگەن قىرغاۋۇل گۆشىدە كاۋاپ قىلىپ مەززە قىلىشىۋاتقاندا بىر نېمىلەرنىڭ غىڭشىشلىرىنى ئاڭلاپ ئۇۋچىلارغا خاس سەزگۈسى بىلەن يېقىنلا يەردە يولۋاسنىڭ ئۇۋىسى بارلىقىنى پەملەپ ئىزدەپ بېقىۋىدى، دېگەندەك بۈككىدە يۇلغۇنلار بىلەن قاپلانغان بىر دۆڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچ يولۋاس كۈچىكىنى كۆرۈپ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. جانلىقلار ئالىمىدىكى سىر ـ ھەيۋە، كۈچ ـ قۇدرەت، قورقۇمسىزلىقنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن يولۋاسنىڭ كۈچۈكلىرى تۆمۈر مەرگەن بىلەن يۈسۈپ ئۇۋچىغا سىر ـ ھەيۋە بىلەن قارىشىپ تۇراتتى، كىچىككىنە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ خىرس قىلاتتى. يۈسۈپ ئۇۋچى ئۇزۇن خەنجىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئۇۋىغا يېقىنلاشتى.

ـ بىچارىلەرنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتمىسۇن، ئەسلىدىن ئالغاندا بۇلارنىڭ ھەممىسى گۇناھسىز جانلار، ـ دېدى تۆمۈر مەرگەن يۈسۈپ ئۇۋچىنىڭ يولىنى توراپ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئوغلى سادىر كېلىۋالغانىدى.

ـ بىراق... ـ يۈسۈپ ئۇۋچى سەل تۇرۇۋېلىپ قوشۇپ قويدى، ـ بوپتۇ، لەۋزىڭنى يەردە قويالمايمەن، سېنىڭ ھۆرمىتىڭ... بولدى، بۇ يىرتقۇچلار ئامان قالسۇن.

ئۇ قايتىشىدا بىر جەرەننىڭ گۆشىنى يولۋاسنىڭ ئۇۋىسىغا تاشلاپ بەرگەنلىكىنى ھەسرەت بىلەن يادىغا ئالدى. زىيادە كۆڭلى يۇمشاقلىق بىر كۈنلەر كەلگەندە بېشىغا ئاپەت ئەكېلىدىكەن.

ئارىدىن بىرەيلەن كۆزىگە ياش ئېلىپ مىشىلداپ يىغلىدى. دىقماق كەلگەن 18 ياشلاردىكى بۇ يىگىت تۆمۈر پالۋاننىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ، يولۋاسنىڭ ئالەمدىكى جىمى دەھشەتنى ئۆزىگە يىغقاندەك كۆرۈنىدىغان كۆزلىرىگە تىكىلگەنىدى.

ـ يىغلىما، سادىر بالام، ـ دېدى ئاقساقال ئۇنىڭغا جىددىي تەرزدە قاراپ، ـ بىر ئەركەك قورقماي ئۆلەلىسە، يەنە كېلىپ ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىپ ئۆلسە... بۇنىڭ ئۆزى يىغلايدىغان ئىش ئەمەس. ئەرلىك شەرەپنى ساقلىماق ھەممىدىن مۇھىم. ئەركەكلىك نومۇسنى ئاقلىغان ئادەملەر ئۆلمەيدۇ.

مۇشۇ يېشىغىچە دادىسىنىڭ قانداق بىر جايدا ئوۋ قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان ئوغۇل يولۋاس بىلەن بىللە ئۆلگەن دادىسىغا ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ قاڭشارلىق بۇرنى ئۈستىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى پارقىراشقا باشلىدى.

2

تۆمۈر پالۋاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن بۇ ئوتتۇرادا ئوۋچىلىقنى كەسىپ قىلغىنى ئۇنىڭ ئوغلى سادىر بوپقالدى. ئۇنى ئوۋچىلىققا، مەرگەنلىككە ئۈندەپ تۇرۇۋاتقانلار ئانىسى بىلەن ھەسەن ئاقساقال ئىدى. سادىر ئۇلارنىڭ ئارزۇسى ئۈچۈن بويۇن تولغاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ھەسەن ئاقساقال تۆمۈر پالۋاننىڭ تولا تەرىپىنى قىلاتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا تۆمۈر پالۋاندەك ئادەملەر ئەركەكلىكنىڭ بىردىنبىر ئۈلگىسى ئىدى. بىر يۇرتتا ئۇنىڭدەك ئادەمدىن ئونى، بەشى، ھېچبولمىغاندا بىرسى بولسىمۇ قالتىس ئىش بولاتتى. ئۇنىڭدەك ئادەملەر يۇرتنىڭ بەخت ـ تەلىيى ئىدى. ئادەم دېگەن مەيلى قانچىلىك

قۇدرەتلىك بوپكەتسىمۇ ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۆلۈم دېگەن قورقۇپ كەتكۈدەك ئىش ئەمەس، ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغىنى ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ ئىزىنى باسىدىغانلارنىڭ بولماسلىقى، رەقىبىگە تىك قاراپ، ئۆلۈمنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ، ئەركەكلىك ئار - نومۇسى ئۈچۈن قەدەم بېسىشنى شەرەپ بىلىدىغان ئادەملەرنىڭ يوق بولۇشى ئىدى. ئاقساقال شۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مەيۈس بىر شولا پىلىلداپ قالاتتى. بۇ كۆزلەردىكى نۇر - شولىلاردىن ئۈمىدسىزلىكتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئوت - ئىزتىراپلىرىدا پۇچۇلىنىۋاتقان بىر يۈرەكنىڭ سىيماسى غىل - پال كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى.

- داداڭ يولۋاس ئۆلتۈرگەن ئەزىمەت، تومۇرۇڭدا ئېقىۋاتقىنى داداڭنىڭ قېنى. باللار ئاتا - ئانىسىدىن ئېشىپ كەتسە ئامەت ياغقىنى شۇ، دورىيالمىسا تۈگەشكىنى شۇ.

بۇ، ئاقساقالنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا سادىنغا دېگەن گەپلىرى ئىدى. سادىن ئاقساقالنىڭ گەپلىرىنى يادىدىن چىقىرىپ قويماسلىق ئۈچۈن كۆپ تىرىشتى.

كەچكىرى كەتكەن جاڭگالدا تەرگە پىشىلىپ كەتكەن قولا ئاتنىڭ ئېغىر خارتىلداشلىرى ئاڭلىناتتى، ئاتنىڭ پۈتۈن بويى - بەستىدىن تەر ئاقاتتى. پارقىراق مويلىرى قۇياش نۇرىدا جىلۋىلىنىپ تۇرغان تۈلكە قومۇش - يۇلغۇنلار ئارىسىدىن بويلاپ يۈگۈرۈپ سادىنغا بوي بېرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئېتىلغان ئوقلارنىڭ ھەممىسى زايا بوپكېتىۋاتاتتى. «كىشىلەر تۆمۈر پالۋان ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ قېچىپ كېتىۋاتقان توشقاننىڭ كۆزىگە سوقالايتتى، دېيىشىدۇ... ئۇ قانداق ئاتىدىغان بولغىيتتى، خەپ...» سادىن قېچىپ كېتىۋاتقان تۈلكىگە نەپرەت بىلەن تىكىلىپ قوغلاۋېتىپ شۇلارنى خىيال قىلىۋاتقاندا، يان تەرەپتىن ئىككى ئاتلىق چىقىپ ئۇنىڭغا يانداشقاچ ۋارقىراشتى:

- سادىن، توختا، جىددىي ئىش چىقىپ قالدى...

سادىن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ھېلىقى ئىككىسىگە قارىدى. قىزىپ كەتكەن قولا ئات كىچىككىنە دائىرە ھاسىل قىلىپ بىر نەچچىنى پىرقىرىۋەتتى.

- نېمە بولدى؟

- مۆمىن قويچىنى بۆرىلەر قورشىۋالدى، بۆرىلەر كۆپ، كۈچىمىز يەتمىگۈدەك. بىللە بېرىشىپ بەر. تېز بولمىساق ئۆلگۈرەلمەيمىز.

- ھە... بۆ... بۆرە...

- شۇنداق، تېز بول!

سادىن ھاڭۋاقاندەك قاراپ تۇرۇپ قالدى. بۆرە... بۇنىڭ ئۆزى چاقچاق قىلىدىغان مەخلۇق ئەمەس... ئۇنى تۈلكە - سۈلەيسۇنلارغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ، يىرتقۇچلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ۋەھشىي مەخلۇق دەل شۇ.

- نېمىگە تۇرىسەن ھاڭۋېقىپ، تېز بول. بۇ قاراپ تۇرىدىغان چاغ ئەمەس، مۆمىنكام خەتەر ئىچىدە قالدى.

سادىن تۇرۇپ قالدى، تېنى جۇغۇلداپ، بۇرۇن پەررەكلىرىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. ئۇ ئىلگىرى بۆرە دېگەن مەخلۇق بىلەن ئېلىشىپ باققان. ئەمما ھە دېگەندە ئۇنىڭغا بەۋا كەلگىلى بولمايدۇ. ئالمادىس بىر ئىش بوپقالسا... ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بۇنىڭدىن يېرىم يىل ئىلگىرى بۆرىلەر بىلەن تۇتۇشۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ئاغىنىسى ئاخۇنبەگ كەلدى. ئاخۇنبەگنىڭ بەرجەس قامىتى تۈگۈلۈپ قالغان، مۈڭگۈز سايلىق پىچىقنى مەھكەم قاماللىۋالغانىدى. بۇقىنىڭ پاتقىدەك يوغان بويىنى قانغا مىلىنىپ تىتىلىپ كەتكەن، ئوچۇق قالغان كۆزلىرى چەكچەيگىنىچە قېتىپ قالغانىدى. سادىن ناھايىتى ئۇزاققىچە دادىسىنىڭ يولۋاس بىلەن بىللە قۇچاقلىشىپ جان بەرگىنى بىلەن ئاخۇنبەگنىڭ ئاشۇ ھالىنى چۈشەپ چىقتى. ھەر قېتىم مۇشۇنداق چۈش كۆرگەندە ياكى ئۇلارنىڭ ئاشۇ ھالىتى يادىغا يەتسە نېمىشقىدۇر تېنى جۇغۇلداپ، ئېسەنگىرەشتىن ئەزايى - بەدىنى تىكەنلىشىپ كېتەتتى.

- ئۈچىمىزلا بارساق تەڭ كېلەلەرمىزمۇ... يا باشقا بىرسىنى ئىزدەپ باقساڭلار بولامدىكىن...

- بۇ نېمە دېگىنىڭ. جان تومشۇققا كەلگەندە بۇ جاڭگالنىڭ نەرىدىن ئادەم تاپقىلى بولسۇن، يا بۇ يۇرت ئىچى بولمىسا.

- ئە... ئەمىسە سىلەر ماڭغاچ تۇرۇڭلار، كەينىڭلاردىن باراي. يەنە قىلىدىغان ئازراق ئىشىم تۇرىدۇ.

- «مالغا بۆرە تەگسە ئىتنىڭ چىشقىسى كەپتۇ» دېگەندەك، ئاۋۇ يەردە بىرسى ئۆلۈۋاتسا، نېمە دېگىنىڭ بۇ. قورقۇۋاتامسەن يە سادىن.

- دېدىمغۇ، ئازراق ئىشىم بار دەپ، سىلەر بېرىۋېرىڭلار...

- ۋۇي قورقۇنچاق. شۇمۇ تېخى تۆمۈر پالۋاننىڭ ئوغلى بوپقاپتۇ.

- ئىككى گەپنىڭ بىرسى بولسا تۆمۈر پالۋان، تۆمۈر پالۋان دەيدىكەنمىز. بالىسىنىڭ ھالى شۇ بولغان يەردە دادىسى قانچىلىك بولماقچىدى.

- ياق، ئۇ قالتىس ئادەم.

- ئۇمۇ ھەقىچان ئېتى ئۇلۇغ، سۈپىرىسى قۇرۇق بىر گادايمىدىكىن.

ئىككىيلەن بىر نېمىلەرنى دەپ غوتۇلداشقىنىچە كېتىپ قالدى. ئۇلارنىڭ بايا ئات چاپتۇرۇپ كەلگەندىكى جىددىيلىكىمۇ سۇسلاپ قالغاندەك قىلاتتى. سادىننىڭ يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى ۋىژىلداپ ئېچىشتى. ئۆزىنىڭ بايىقى قىلىقىنىڭ توغرا ياكى خاتا بولغىنىنى پەقەت ئىلغا قىلالمىدى. «ھەممىسى دادامنى قالتىس ئادەم دېيىشىدۇ. نېمىشقا ئۇنىڭدىكى قورقۇمسىزلىق مەندە يوقتۇ. ياق، مەنمۇ بوش ئەمەس، يۇرتتا مېنىڭچىلىك ئوۋچىدىن يەنە كەم بار. مۇنۇ ئىككىسىمۇ بۆرىلەرنى كۆرۈپلا يېنىمغا سەكىلدەپ كەپتىغۇ. ئەمما مەن دېگەن مەن دەپ بىر ئىشلارغا ئۆزۈمنى ئۇرۇۋەرسەم بۇنىڭ ماڭا نېمە پايدىسى». ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى تاپقاندەك بولدى. ئەمما كۆڭلىدە يەنە غۇدۇرايتتى: «گېپىم بار دەپ قىلىۋېرىدىغان نېمىلەركەن بۇ. ئۇنداق دېگەن بىلەن بۆرە دېگەن ئوينىشىدىغان مەخلۇق ئەمەس. بىكاردىن - بىكار جانىنى سېلىپ بەرسەم قانداق بولىدۇ. دادامنى شىپى كەلتۈرۈپ كېتىشكىنىنى تېخى. ئۇ شۇنداق بىر زامانلار بولغىيدى بەلكىم. دادام شۇنداق قىلغان بولسا ئۆزىنىڭ ئىشى. مەن ئۇنى دورايمەن، دەپ ئالمادىس بىر ئىش بوپقالسا باللىرىم قانداق قىلىدۇ، خوتۇن، بالا - چاقىلىرىم نەلەردە بويۇن قىسىپ يۈرىدۇ». ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يەتتە - سەككىز ياشلارغا كىرىپ قالغان ئوغلى سادىر كېلىۋالدى. ۋاي - ۋۇي، ئۇنىڭ قىلىقلىرىنىڭ تاتلىقلىقىنى دېسە...

قېرىپ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئانىسى بولغان ئەھۋالنى ئاڭلاپ ئۇھ تارتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى:

- بۇ ئىشىڭ پەقەت قاملاشماپتۇ. سەن دېگەن تۆمۈر پالۋاننىڭ ئوغلى. داداڭنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا ئەھلى يۇرت تەۋرەپ كېتەتتى. ئۇنىڭ يۇرتقا ئەقىدىسى بەك كۈچلۈكتى. يۇرتمۇ داداڭنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگەن. سېنىڭ بۇ قىلىقىڭ...

ـ سەن ئۇنداق دېگەن بىلەن... دادام شۇنداق قارام بىر ئادەمەكەن. ئۇنىڭ ئوغلى بولسام نېمە بوپتۇ. دادىسى نېمە قىلسا بالىسىمۇ شۇنى قىلىشى كېرەكمىكەن. تۆمۈر پالۋاننىڭ ئوغلى مەن، دەپ كۆرۈنۈپ تۇرغان بالا ـ قازاغا ئۆزۈمنى ئۇرسام بولامتى. جان دېگەن ھەممە ئادەمگە تاتلىق. مەن خوتۇن ـ بالام بار ئادەم...

ئانا ئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ تۆمۈر پالۋاننىڭ ھاياتلىقىدا ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشنى كەم قىلغانلىقىنى ئويلاپ يېتىپ، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى.

* * *

ـ نەگە ماڭدىڭ سادىر؟

سادىر ئوغلىنىڭ جابدۇنۇپ سىرتقا ماڭغىنىنى كۆرۈپ ئۇنى چاقىرىۋالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوغلىغا بولغان سۆيۈنۈش، ئامراقلىقنىڭ كۈچلۈك ئوتى يېلىنجاپ تۇراتتى. مانا مۇشۇ ئوغۇلنىڭ ئۆزى سادىرنىڭ مۇشۇ دۇنياغا ئۆز ۋۇجۇدىدىن تامغان ۋارىسى، ئۆچمەيدىغان ئىزى، ھاياتنىڭ داۋامى، نەسلى ـ نەسەبىنىڭ مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدىغانلىقىنىڭ كۈچلۈك ھەم ماتانەتلىك دەلىلى. بىر ئەركەك ئۈچۈن ئوغۇل دېمەك بىر ھېسابتا ئۇنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەيدىغانلىقىنىڭ، زامان ـ زامانلارغىچە ياشايدىغانلىقىنىڭ بىردىنبىر ئىسپاتى. ئەر يېتىپ قالغان ئوغۇلغا ئاتا بولغان ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسىدە شېرىنلىكنى ھېچ نەرسە بېسىپ كېتەلمەيدىغان مۇشۇنداق بىر سۆيۈنچ تۇيغۇسى بولىدۇ. بۇنداق تۇيغۇ يۈرىكىگە چەكسىز ئاراملىق، قانائەت ھەم غۇرۇر ئاتا قىلىدۇ.

ـ ئاغىنىلەر بىلەن جاڭگالغا بارماقچى بولغان.

ـ جاڭگالغا؟ جاڭگالدا نېمە بوپتۇ؟

ـ توشقان ئۇۋلايمىز.

ـ توشقان ئۇۋلايمىز؟ توشقان ئۇۋلايمىزدە. بۇ ئىشلىق قاملاشماپتۇ.

ـ نېمىشقا، دادا. بۇ نېمە دېگىنىڭ.

ـ ئەمدى دەيمنا. ئوۋ دېگەننى مەندىن سورىساڭ بولىدۇ. خەتىرى يامان ئىش بۇ.

ـ ھا ـ ھا ـ ھا، قارا گېپىڭنى. توشقان ئوۋلاش دېگەننىڭ قانچىلىك خەتىرى بولماقچىدى. ئاڭلىسام، بوۋام رەھمەتى يولۋاس ئۆلتۈرگەنمىش. مەن ئۇنىڭ نەۋرىسى تۇرۇپ...

ـ ئا... قويغىنا مۇشۇنداق گەپنى. ئۇ دېگەن قاچانقى گەپلەر. بىر كىملەر نېمە قىلسا سەنمۇ شۇنى قىلامسەن. بۇ گەپكە ئىسپىلىشۋالما. ھازىر دېگەن ھازىر. ھە دېسە دەقيانۇسنىڭ ۋاقتىدىكى گەپلەرنى دەپ يۈرمە. بايا دېگىنىمدەك ئوۋچىلىق دېگەن ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس. سەللا بىخەستىلىك قىلساڭ بىر ئۆمۈر پۇشايماندا قالىدىغان گەپ.

ـ ئەمىسە سەن ماڭا ئۆگىتىپ قوي. سەن دېگەن مۇشۇ ئوتتۇرادا خېلى نامى بار ئوۋچى.

ـ قوي بۇ گەپنى. دېدىمغۇ، ئوۋچىلىقنىڭ خەتىرى يامان، بەزىدە جاننى سېلىپ بېرىشكىمۇ توغرا كېلىدۇ. ئۆلۈپ كېتىدىغان جاھاندا تىنچ ـ خاتىرجەم ياشاپ ئۆتۈپ كەتكەنگە نېمە يېتىدۇ.

سادىر شۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا دادىسىنىڭ يوغان تاغىل يولۋاس بىلەن ئېلىشىپ، يولۋاسنىڭ گېلىنى بوغقان پېتى جان بەرگەن قىياپىتى كۆز ئالدىغا كېلىپ تېنى سىرقىراپ، قىزىتىلغان تۆمۈر زىخ يۈرىكىگە قادالغاندەك بىر ئاچچىق تۇيغۇدىن مېڭىسىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى.

ـ بىراق، كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، بىرەر ئىش قىلغۇم بار.

ـ ھە، نېمە ئىش؟

ـ ئۆزۈممۇ تازا بىلىپ كەتمەيمەن. نېمە ئىش بولسا مەيلى. ئىش قىلىپ بىرەر ئىش قىلسام، ئۆمرۈم بىكار ئۆتمىسە دەيمەن. چېلىشچى بولساممۇ ياكى...

ـ كاللاڭ قىزىپ قاپتۇ. ئوۋچىلىق، چېلىشچىلىق، ئوغلاق تارتىش دېگەنلەر ئادەمگە ئارامچىلىق بەرمەيدىغان ئىشلار. ساڭا دەيدىغان گېپىم شۇ: قانداق قىلىپ بولمىسۇن تىنچ ـ ئامان تىرىكچىلىك قىلىدىغان بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇت. ھازىردىن باشلاپ بولار ـ بولماس خىياللارنى كاللاڭدىن چىقىرىۋەت.

سادىر سۆزلەۋېتىپ ئوغلىغا سەل ئاچچىقى كەلگەنـدەك قـاراپ قويدى. ئوغلى ھە دېسە بوۋىسىنى شىپى كەلتۈرۈپ، بالىلىق قىلىپ ئۇنى دورايمەن، دەپ بىرەر پېشكەلچىلىككە ئۇچراپ قالسا قانداق بولىدۇ. سادىر ئۈچۈن دادىسىنىڭ يەنە ئاخىرەتلىكلەرنىڭ كۆرمىشلىرىنىڭ ئۆزى يېتىپ ئاشقۇدەك ساۋاق ئەمەسمۇ.

ـ لېكىن شۇنداقتىمۇ توشقان ئوۋلاشنىڭ نەرى يامـان. ئـۆيدە ئولتۇرۇپمۇ ئىچىم پۇشۇپ كەتتى مېنىڭ. ئالدىنقى قېتىممۇ ئىككى توشقان ئۇتۇپ كەلگەندىم. بىخەتەر، قاپقان قويۇپلا تۇتىمىز.

ـ تېخى ئىلگىرى بىر قېتىم بېرىپتىكەنسەندە. مەن ئەجەب بىلمەي قاپتىمەنغۇ.

ـ ساڭا دېمەيلا كېتىپ قالغىنىم راست. خاپا بولما دادا. ئەمەلىيەتتە ھېچنېمە بولمىدى.

ـ شۇنداقمۇ دەيسەن. خەتىرى بار ئىشچۇ بۇ. خاپىلىقنىڭ ئىزى ياخشى. توشقاندەك نېمىدىن قانچىلىك گۆش چىقاتتى. توشقان قوغلايمەن دەپ بىرەر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلساڭ يـاكى مـۇدۇرۇپ كەتسەڭ... «بالا ـ قازا كۆرۈنمەس پۇت ـ قولنى ساڭگىلىتىپ» دېگەندەك يىرتقۇچلارغا يولۇقۇپ قالساڭ...

ـ ئۇنداق بولماس.

ـ ئۇنداق بولمايدىغانلىقىنى نەدىن بىلىسەن. مەن بىلەن تولا تاكاللاشماي ماڭ بېرىپ ئىشىڭنى قىل. ئاناڭ ئوتياش ئوتاۋاتىدۇ، شۇنىڭغا قاراش، تولا ئىچىمنى پۇشۇرما...

ـ دادا...

ـ ماڭ دەۋاتىمەن ياغاچقۇلاق. بىرنى قويىمەن ھېلى بىكار.

سادىر دادىسىنىڭ چىرايىغا قاراشقا پېتىنالماي يەرگە دوڭغۇيۇپ بىر دەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئارقىسىغا يېنىپ باغقا قاراپ ماڭدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئوۋ ھەققىدە بىر نەرسە دېگەنلىكىنى ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىدى.

3

ھويلا تېمىنىڭ يېنىدا ئۆسكەن ئېگىز ئۈجمىنىڭ شاخلىرىـنىـڭ تەگدىن تولسى قۇرۇپ كەتكەن. ئۈجمىنىڭ تۆۋىگە بۇ يېقىنـدا سـۇ كىرمىگەندەك توپا ئۆرلەپ تۇرىدۇ. بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قالغان كونا زاماننىڭ دەرۋازىسىنىڭ قېلىن تاختايلىرى قېپىپ، يېرىقلىرىغا پاختا تىقىپ قويۇلغاندەك كۆرۈنەتتى. كىرلەشكەن، چىرىشكە باشلىغان دەرۋازا كۈچلۈكرەك بىر زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغاندەك قىلاتتى.

سادىر قاراڭغۇ ئايۋاندا ئاچچىق موخۇركىنى شوراپ ئويغىسىغا ياتقاندى. كۆكۈش موخۇركا ئىسلىرى تايىنسىز يۈرەكتـە تـوزۇپ كېتىۋاتقان ئاجىز روھتەك لەيلەپ يۈرەتتى. ئۇن ياشلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان ئوغلى سەمەتجان يېنىدا ئولتۇراتتى. بالا دادىسـغـا

قورققاندەك قاراپ قويۇپ ئاستا سورىدى:

— دادا... تۆ... تۆمۈر پالۋان دېگەن كىم؟

— تۆمۈر پالۋان؟ بۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن. ئۇ شۇنداق بىر ئادەمدۇ.

— خەقلەر... خەقلەر ئۇنى سېنىڭ ئۇلۇغ بوۋاڭ، قالتىس ئادەم-كەنمىش دېدى.

— بۇنى مەنمۇ تازا بىلىپ كەتمەيمەن. قالتىس ئادەم بولسا بول-مامدۇ. ئۇنىڭ سەن بىلەن ماڭا ھېچ ئالاقىسى يوق. ئۇنى كىم كۆ-رۈپتىكەن.

— بىراق ئۇ...

— نېمە بىراق. بۇنداق پەلپەتىش گەپلەرنى خىيال قىلىپ يۈرمەي ئوقۇشۇڭنى ئوقۇ.

— خەقلەر ئۇنى يولۋاس ئۆلتۈرگەن دەيدۇ.

— قىپقىزىل يالغان گەپ. نەدە ئادەم دېگەننىڭ يولۋاس ئۆلتۈر-گىنى بار. گەپ دېگەنگە مۇشۇنداق ئۆرۈلۈپ — چۆرۈلۈپ قانات — قۇيرۇق چىقىپ قالىدۇ. تىلنىڭ سۆڭىكى يوق دېگەن شۇ. بەلكىم ئۇ يولۋاسنى ئەمەس يولۋاس ئۇنى ئۆلتۈرگەن بولغىيدى. بۇنىڭدىن كې-يىن بۇنداق گەپلەرگە قۇلاق سالما. ھەممىسى يالغان.

— بىراق بۇنى خەقلەر راست دەيدۇ، — بالا شۇنداق دەۋېتىپ قورققاندەك كەينىگە شىيقىدى.

— ئاغزىغا بىرنى قويىمەن ما گۇيىنىڭ ھېلى. ئەجەب مەن ئاڭلى-مىغان گەپلەرنى سەن ئاڭلاپسىنا. دېدىمغۇ، ھەممىسى يالغان گەپ. بۇنداق ئىشلارغا كاللاڭنى چاچىماي ئوقۇشۇڭنى بىل. مۇئەللىمىڭنىڭ گېپىنى ئوبدان ئاڭلا. ئىمتىھاندا يەنە تۆۋەن ئالساڭ قۇلىقىڭنى يۇلۇپ قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويىمەن. بۇرۇن كىملەر نېمە ئىشلارنى قىلغان بولسا ئۆزىنىڭ ئىشى. بايا دېدىمغۇ، ئۇنىڭ بىز بىلەن ئالاقىسى يوق. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى بىلسەك بولىدۇ. ئاڭلىدىڭمۇ.

ئوغلى ياش يۇقى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئارقىغا داجىدى. كې-چىككىنە تۆگىلۆكتىن چۈشۈپ تۇرغان كۆن ئۆرى كەڭ — پاكار ئايۋاننى كۆچەپ، قىينىلىپ ناھايىتى تەستە يورۇتۇپ تۇرغاندەك ئىدى.

— سادىر، ھوي سادىر.

خوتۇنىنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلىغان سادىر ئوغلىغا ئالىيىپ قويۇپ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ خىرقىرىدى:

— نېمە بولدى، گېپىڭ بولسا قېشىمغا كىرىپ دېمەمسەن. ئادەمنى بىردەم ئارامىدا قويمىغان...

خوتۇنى قوچاقتىكى بالىسىنىڭ يىغىسىنى پەس قىلالماي رەلـــە بولغىنىچە ئايۋانغا كىرىپ كەلدى.

— ئۆيدە ئۇن تۈگەپتۇ، تۈگمەنگە بىر بېرىپ كېلەمسىز.

— ئا... ئۆزۈڭ بارغىنا، ئادەمگە ئىش خۇشياقمىغاندا. مەن ئاغى-نىلەر بىلەن قارتا ئويناشقا دېيىشىپ قويغان.

— ھوي، ئەر كىشى بولغاندىكىن ئۆزىڭىز بارسىڭىز نېمە بولىدۇ. نەدە خوتۇن كىشى تۈگمەنگە بېرىپ ئۇن تارتىدىغان ئىش بار.

— بارسا نېمە بولىدىكەن. خوتۇن كىشىنىڭمۇ قورسىقى باردۇ.

— بارلىقىغۇ بار. شۇنداقتىمۇ ئەر كىشى تۇرغان يەردە خوتۇن خەق تۈگمەنگە بېرىپ ئۇن تارتىمەن دەپ يۈرسە قاملاشماس.

— قاملاشمايدىغان نېمىسى بار، قاملىشىۋېرىدۇ.

— سىزمۇ ئەر كىشى بوپقاپسىز.

— ئاغزىغا بىرنى قويىدىكەنمەن. ئىككى گېپىڭ بىرى بولسا ئەر كىشى، ئەر كىشى بولغاندىكىن دەۋېرىدىغان نېمىكىنا بۇ. ئەر كىشى بولغانغا تويغۇزامسەن.

— بولدى، گەپ قىلمىدىم. ئۆزۈمىلا باراي، بولدى. تۈگمەن دې-گەنگە ساپلا ئەرخەقلەر بارىدىكەن. ئادەمگە بىر قىسما قاراشقـــلى تۇرسا خىجىل قىلىپ...

— بولدى، دەۋەرمە بۇ گەپنى. بارسا بارمامدۇ. بارىغانغا سېنى يەپ كېتەمتى.

ئۇلار شۇنداق دەپ دەتالاش قىلىپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە قوشنى-سىنىڭ سەمەتجان بىلەن قورداش ئوغلى بىر قارا مېكيانىنى كۆتۈرۈپ ئايۋانغا كىرىپ كەلدى.

— سادىركا، ئانام بۇ توخۇنى بوغۇزلاپ بەرسۇن دېۋىدى.

سادىر بىر بالىغا، بىر بالىنىڭ قولىدىكى توخۇغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. بۇرۇن پەررەكلىرى كېڭىيىپ كەتتى.

— خاپا بولما، مە... مەن توخۇ بوغۇزلىيالمايمەن.

خوتۇنى ئۇنىڭغا قاراپ مەسخىرىلىك ھىجىيىپ قويدى. ئۇ تا مۇشۇ كۈنگىچە ئېرىنىڭ توخۇ چاغلىق بىر نېمىنى بوغۇزلاپ باققىنىنى كۆ-رۈپ باقمىغان، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ راستلا توخۇ بوغۇزلىيالمايدىغانلى-قىنى كۆرگەندە بەكلا ھەيران قالدى.

— ئۇنداق دېمەي بوغۇزلاپ بېرىڭە سادىركا، ئۆيگە مېـھـمـان كەلگەن.

— ساڭا دېدىمغۇ بوغۇزلىيالمايمەن، قورقىمەن دەپ.

— توۋا، قاراڭ سىزنى، ئەركىشى بولغاندىكىن، توخۇ دېگەن قاد-چىلىك نېمىدى، بوغۇزلاپ بەرسىڭىز نېمە بولىدۇ.

— ماۋۇ بىر نېمىنىڭ چىشنى تۆكۈۋەتكۈدەك بولدۇم. نېمە گەپ بولسا ئەر كىشى بولغاندىكىن، ئەر كىشى بولغاندىكىن دەۋېرىسەن. ئەر كىشى بولغانغا تويغۇزامسەن.

— ماۋۇ توخۇنى قانداق قىلىمىز، مەزلۇم كىشى بوغۇزلىغان جان-دارنىڭ گۆشى ھارام، — دېدى خوتۇنى ئۇنىڭغا زەردە بىلەن تىكىلىپ. ئېرى ئۇنىڭ كۆزىگە ئەزەلدىن بۇنداق زەئىپ كۆرۈنۈپ باقمىغانىدى.

— ھالال — ھارام بولۇشى بىلەن نېمە كارىم. دېدىمغۇ، قانداق قىلساڭ شۇنداق قىل. مەن قورقىمەن.

— ئەكەل، بالام، مەن بوغۇزلاپ بېرەي، — دېدى خوتۇنى قوشنا بالىنىڭ قولىدىكى توخۇغا قولىنى سوزۇۋېتىپ، — ئەر كىشى يوق يەردە ئايال كىشى بوغۇزلىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. ھا... ھالال بولۇۋېرىدۇ.

قوشنىسىنىڭ ئوغلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سادىرنىڭ خوتۇنى نېمىشقىدۇر ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغىسىغا قوشۇ-لۇپ سەمەتجانمۇ ئانىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

4

تار ھويلىلىق ئۆيدىن قانداقتۇر بىر كۈينىڭ يەڭـگـىـل ئـاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى ئالمىنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرى ھالسىز بىر ھالدا كۆزگە تاشلىناتتى. كەچكى قۇياشنىڭ ئىسسىقى تار ھويلىنى دىمىق قىلىۋەتكەنىدى.

ئۆيدىن كوچە ھىدى ئاڭقىپ تۇراتتى. چىندەك پاكىز تازىلانغان ئۆيدە ھەممە نەرسە شۇنداق رەتلىك، جاي — جايىدا قويۇلغان. چاق-چۇق پولنى سۈرتۈۋاتقان سەمەتجاننىڭ پېشانىسىدە ئۇششـاق تـەر تامچىلىرى پارقىرايتتى، تارتىنۋالغان پەرتۇقى تىزىدىن ئېشىپ تۇراتتى.

ئىشىك ئېچىلىپ ئۆيگە ئۇنىڭ خوتۇنى كىرىپ كەلدى. قويۇق گىرىملىرى، بودۇر قىلىنىپ سېرىق بويالغان چاچلىرى بۇ ئايالنى زامانغا لايىق چوكانلارغا خاس سالاپەتكە ئىگە قىلغاندەك ئىدى.

ـ كەلدىڭىزمۇ، ـ دېدى سەمەتجان قولىدىكى پول سۇرتكۇچنى تامغا يۆلەپ قويۇۋېتىپ، ـ چاي دەملەپ بېرەي.

ـ بولدى، ئۇسسۇمىدىم. كىرلەرنى يۇيۇپ بولدىڭىزمۇ.

ـ يۇيۇپ دەزماللاپ قويدۇم، قايىسىنى كىيىسىز، ئاچىقىپ بېرەي.

ـ بولدى، سەل تۇرۇپ ئۆزۈم تاللايمەن. بۈگۈن پەردىنىڭ چىيىغا بارىمەن. قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، تاماقنى تېزرەك ئېتىڭ.

ـ تەييارلىق قىلىپ قويغان، هازىرلا پىشىدۇ. بىراق شۇ...

ـ نېمە بولدى؟

ـ چايغا بارسىڭىز، بالدۇرراق يېنىپ كەلسىڭىز بوپتىكەن. يېرىم كېچىدە ـ تاڭ ئاتاي دېگەندە ئىشىك مۇشتلاپ يۈرسىڭىز ئۇيقۇم ئېچىلىپ كېتىدىكەن. بىلىسىز، ئۇيقۇم ياخشى ئەمەس. ئاران ئۇخلىغاندا بىرلا ئويغىنىپ كەتسەم ئۇيقۇم قېچىپ ئۇخلىيالماي بەك قىينىلىپ كېتىمەن.

ئايالنىڭ چىرايلىق كالپۇكلىرى چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر تەرزدە قىسىلدى. زەن سالغان ئادەم دىققەت قىلسا بۇنىڭدىكى مەنىدىن جانلار قاقشاپ كېتەتتى.

ـ شۇنداقمۇ. سىز تېخى ئۇخلىيالمايدىغان بوپقالدىڭىزمۇ. سىزنىڭ هېچنېمىڭىز ياخشى بولمىغاندىمۇ ئۇيقۇڭىز ئوبدان. سىز مەن بىلمەيدىغان سەمەتجان ئەمەس. بارغاندىكىن تازا ئويناپ، يۇخادىن چىققاندا كېلىدىغان گەپ. سىزنى ئۇخلىيالمايدىكەن، دەپ چايدىن بۇرۇن يېنىپ كېلىدىغان ئىش يوق.

ئايال پەرۋاسىزلا شۇنداق دەپ قويۇپ ئۇدۇللا پەرداز ئەينىكىنىڭ ئالدىدىكى يۇمشاق ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ قاش قەلىمىنى قولىغا ئالغاچ دېدى:

ـ لازىنى كۆپرەك سېلىڭ ـ هە. لازا بولمىسا تاماق پەقەت ئېغىزىمغا تېتىمايدۇ مېنىڭ.

ـ بىراق شۇ، ـ دېدى سەمەتجان تەمتىرەپ، ـ لازا يېسەم ماڭا زىيان قىلىدىكەن. سىزمۇ بىلىسىز، ئاشقازىنىم ئاغرىپ... شۇڭا ئازراق سالايمىكىن.

ـ ۋۇي ما گەپنى. قاچاندىن باشلاپ ئاشقازىنىڭىز ئاغرىيدىغان بوپقالدى سىزنىڭ. سىزگە زىيان قىلىدىكەن دەپ مەنمۇ يېمىسەم بولامتى ئەمىسە. قىزىق گەپ بولىدىدە بۇ. زىيان قىلغان بولسا سىز يېمەڭ. بازاردىن نان ئەكىرىپ يەڭ. نانغا لازا سالمىغاندىكىن.

ـ ۋايجان. دائىم مۇشۇنداق. ماڭا زىيان قىلىدۇ دېسەم ... ـ سەمەتجان بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدۇرىغىنىچە ئاشخانىغا ماڭدى.

ـ ئەمىسە سىزگە ئاۋۋال ئېتىپ بېرەي. ئاندىن مەن ئايرىم قورۇپ يەي. شۇنداق قىلسامغۇ بولار، ـ سەمەتجان ئاشخانا ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ شۇنداق دېدى. ئاپئاق يۈزى بىر تەرەپكە سىڭايان بولۇپ تۇراتتى.

ـ بولدى، بولدى، نېمىلا ئەتسىڭىز تېزرەك بولۇڭ، كېچىكىپ قالسام بولمايدۇ.

ـ هازىرلا تەييار قىلىمەن. ئۆزى هېچ ئىشقا قولىنى ئەگرى قىلماي ئادەمگە تۇۋلاۋەرگەن.

سەمەتجاننىڭ ئاپئاق چىرايى قىزىرىپ كەتتى. خوتۇنىنىڭ ئۇنىڭدىن رازى بولماسلىقى ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

ـ ۋايجان ... ئاپا...

خوتۇنىنىڭ قاتتىق چىرقىرىشىدىن قورقۇپ كەتكەن سەمەتجان يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئاشخانىدىن چىقتى. خوتۇنى ئىككى قولىنى ئەگەكلىرىنىڭ ئاستىغا جۈپتەكلەپ تۈگۈلگىنىچە تىترەپ تۇراتتى، كۆزلىرى چەكچىيىپ چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغانىدى.

ـ نى... نېمە بولدىڭىز، ـ سەمەتجان خوتۇنىنىڭ هالىنى كۆرۈپ ئۆزى ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك قورقۇپ كەتكەنىدى. ئاقپىشماق چىرايدا ئادەتتىن تاشقىرى جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

ـ پا...پاقا...

ـ نېمە... پاقا...

ـ تېز بولۇڭ، ئۇنى تالاغا تاشلىۋېتىڭ. قورقىمەن.

سەمەتجان ئالدىغا بىر قەدەم مېڭىپ يەنە كەينىگە چېكىندى.

ـ تېز بولۇڭ، ئۇنى ئېلىۋېتىڭ، بەك قورقۇپ كەتتىم.

كىچىكرەك بىر پاقا بۇ ئۆيدىكى جىددىيلىكتىن بىخەۋەر هالدا پوكىنىنى لىپىلدىتىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ئۆيگە نەدىن كىرىۋالغانلىقىنى هېچ ئۇققىلى بولمايتتى.

ـ نېمىگە قاراپ تۇرىسىز، تېز بولۇڭ دەيمەن، تېز، ـ خوتۇنى يىغلامسىراپ ئۇنىڭغا ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى، ـ قورقۇپ ئۆلەي دېدىم.

سەمەتجان بىر خوتۇنىغا، بىر پاقىغا قاراپ تىترىگىنىچە ئالدىغا بىر قەدەم مېڭىپ توختاپ قالدى. پاقا ئۇنىڭ كۆزىگە بارغانسېرى يوغىناپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈۋاتاتتى. ئۇ يەنە بىر قەدەم ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا پاقا سەمەتجاننىڭ ئالدىغا دىككىدە بىر سەكرەپ نۇرسىز كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ قاراپ تۇردى. سەمەتجان مەڭدەپ كەتتى ۋە سەت ئاۋازدا چىرقىرىۋەتتى:

ـ ۋايجان... ـ ئۇ شۇنداق چىرقىراپ ئورنىدا مىخلاپ قويغاندەك تۇرۇپلا قالدى. قورقۇنچتىن كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

ـ تېز بولۇڭ. نېمە لامزەللىدەك تۇرىسىز، بەك قورقۇپ كەتتىم.

ـ سىز قورقىسىڭىز مەن قورقمامدىكەنمەن، ما گەپنى. ـ سەمەتجاننىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن پاقا تاقلاپ سەكرەپ ئۇنىڭغا قاراپ ئۆرمىلەشكە باشلىدى.

ـ ۋايجان، ۋاي خۇدايىم، جېنىم چىقاي دېدىغۇ، ـ خوتۇنى چىرقىراپ بايىقى جايىدا تۈگۈلۈپ قاراپ تۇراتتى.

ـ ۋايىيەي خۇدايىم، نېمانداق سەت بىر نېمە بۇ، ـ سەمەتجان شۇنداق دەپلا پارتلا قىلىپ تالاغا قاچتى. ئۇنىڭ تالاغا قاچقىنىنى كۆرگەن ئايالمۇ سوگدىشىپلا سىرتقا يۈگۈردى. دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ جەهلى بىلەن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئېرىگە قاراپ كۆزلىرىدىكى ياشنى توختىتالماي قالدى، ئاندىن ئۆزىنى كاچاتلاشقا باشلىدى.

ئايالنىڭ كەلمەسكە كەتكەن بىر قىممەتلىك نەرسە ئۈچۈن ئاه ئۇرۇپ، هازا ئاچقاندەك يىغلاپ نالە قىلىشلىرى قېچىپ كېتىۋاتقان سەمەتجاننىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى.

ئۆيدىن ئۇلارنىڭ ئىككى ياشلىق ئوغلىنىڭ قىرقىرىغان يىغىسى ئاڭلاندى. بالىنىڭ ئېچىنىشلىق يىغىسى شەھەرنىڭ ئۆلۈك شاۋقۇنلىرى ئارىسىدا كۆمۈلۈپ قالدى.

---

ئاپتور: چەرچەن ناهىيە ئورۇقچىلىق پونكىتىنىڭ خادىمى (M1)

# بۇ كىمنىڭ سارىڭى؟



(ھېكايە)

ھىدايەت نۇرى

مەھتىمىن ھوشۇرنىڭ «ساراڭ» پروتوتىپ قىلىنغان بىر يۇرۇش
چاتما ھېكايىلىرىنى ئوقۇپ كۈلكە ـ يۇمۇر ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئىنـ
تايىن ئاچچىق مەسخىرىدىن چوڭقۇر مەنا ـ ئىشارەتلەرنى ھېس قىلـ
غىنىم ئېسىمدە. «ساراڭ» نىڭ جۆيلۈشكە ئوخشاپ كېتىدىغان ئەرـ
كىن، بىمەنە خىيال ـ قىلىقلىرى كىشىگە ساراڭلا قىلالايدىغان ۋە قىـ
لىش، دېيىش ھەق بولغان بەزى ئىشلارنى ئەسلىتىپ قالاتتى. «ھارـ
ۋىغا خوت يوق، ساراڭغا سوت» دېيىلىدۇ ھېكمەتلەردە. «ساراڭ»
دىكى ھېچنېمىدىن تەپ تارتىپ قالمايدىغان، ئەيمەنمەيدىغان يۈگەنـ
سىز قارامىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدىكى بىمەنىلىكلەرگە بىمەنە
ئۇسۇلدا ئەپچىللىك بىلەن تىغ سانجىشتا ھەقىقەتەنمۇ ئوبدان رول
ئوينىغانىدى. مەھتىمىن ھوشۇرنىڭ «ساراڭ»نى مەتبۇئاتلاردا كۆرـ
مىگىنىمگە خېلى ئۇزاق بولغانىدى. كېچىچە ئۇخلىماي ئىشلىگەنلىكـ
تىنمۇ ئىشخانىدىلا قاتتىق ئورۇندۇقتىلا ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن.
ئۇخلاپ قوپسام بېشىمدا بىر تۇتام قەغەز تۇرىدۇ. بەلكىم قاتتىق ئېـ
زىلىپ ئۇخلاپ كەتكەن بولسام كېرەك، كىم كىردى، كىم چىقتى سەزـ
مەپتىمەن. ئوقۇپ باقسام غەلىتىلا بىر گەپلەر. ئوقۇپ بولۇپ مەھتىمىن
ھوشۇرنىڭ «ساراڭ»ى ئېسىمگە كەلدى. ئەمما بۇنىڭ ئۇ ساراڭ ئەـ
مەسلىكى ئېنىق ئىدى. يازمىدا غۇلجىلىققا خاس يۇمۇر ـ چاقچاق،
كىشىنىڭ كۈلكىسىنى قىستايدىغان بىمەنە، ئاستىن ـ ئۈستۈن گەپلەرمۇ
يوقتەك ئىدى. ئىنتايىن تېز ئىلىپ ـ تارتىپ يېزىلغان خەتلەرنى ئوـ
قۇپ بولۇپ، بۇنىڭ زادى كىمنىڭ يازمىسى ئىكەنلىكىنى ئۇقالماي
ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن. بەلكىم يېزىمىزدا ئىشلەيدىغان بىرەرىنىڭ يازـ
مىسىدۇ. لېكىن ھەر قانچە ئويلاپمۇ مەن تونۇيدىغان بىرەرنى ئېـ
سىمگە ئالالمىدىم. بىر چاغدا سىرتتىن ئىشخانا مۇدىرىمىزنىڭ ۋارقىـ
رىغان ئاۋازى كەلدى، ئارقىدىنلا ئۇ ئىشىكتىن پاتماي جالاقشىپ كىـ
رىپ كەلدى:

ـ قېنى سىلوي، ئاداش. «قوڭامنىڭ غوجام بىلەن كارى يوق»
دەپ، ناھىيىدىن باھالاش كېلىدىكەن دەپ ئىدارىدە بوران چىكەتسە،
سىلە ھاڭ تاتىپ ئۇخلاپ يېتىڭلا.

ـ ئالە شەرىڭنى، ـ دېدىم ئىچىمدە يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ
نېمە نەس بېسىپ ئۇخلاپ قالغان بولغىيتتىم. باشقا ئىشمۇ بولمىغانـ
دىكىن دەپ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغىنىم ئېسىمدە.

ـ قوپاڭلا ئەمدى كاۋىدەك ئېسىلىپ ئولتۇرماي.

ئالمان ـ تالمان ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا ئۆزۈمنى ئاتتىم. باھاـ
لاش كېلىدۇ! دېمەك، تازىلىق قىلىش كېرەك. ھەتتا ھەممە يەر پاك ـ
پاكىز بولسىمۇ! بۇ، مۇدىرىمىزنىڭ دائىملىق ئورۇنلاشتۇرۇشى. باھاـ
لاش! تووۋا خۇدايىم، نېمە ئىش بوپكەتتى بۇ؟! ھەيرانلا قالدىم. بېشىمنى
كۆتۈرۈپلا كۆرگىنىممۇ، ئاڭلىغىنىممۇ باھالاش توغرىلىق گەپ.

توختىماي پالاقلاپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىمەن. كاللامدا ھېلىلا ئوقۇـ
غان گەپلەر. تووۋا دەيمەن، مەھتىمىن ھوشۇرنىڭ «ساراڭ»ى بولمىسا،
كىمنىڭ سارىڭى بولغىيتتى؟

* * *

«مەزىنئاخۇنۇمنىڭ ئەزىنى چىقماستىنلا كەنتنىڭ كارنىيىدىن قايـ
سىدۇر بىر ناخشىچىنىڭ جەھلى بىلەن چىرقىراپ ئوقۇغان ناخشىسى
ياڭراپ كەتتى. يېتىپ كېلىشكە باشلىغان سۈبھىنىڭ مۇزدەك ساپ ھاـ
ۋاغا تويۇنغان شېرىن جىملىقى بۇزۇلدى. ئانام بېشىنى ياستۇقتىن
دەسسىدە كۆتۈرۈپ ئىچىدە نېمىلەرنىدۇ «پىچىرلاپ» ئوقۇغىنىچە
مەيدىسىگە سۈپكۈچلەپ كىملەرنىدۇ تىللاپ ئۇلگۈردى:

ـ بۇ تەڭ كېچىدە كىمنىڭ مۇنداق ئېتىقسىز كاركىراشلارنى ئاڭلىغۇسى كەپقالغان بولغىيتتى خۇدايىم ئەمدى؟

ـ سەيدى مۇدىرنىڭ خۇش زۇۋانى كېلىدۇ ئەمدى ئانا، بولدى يېتىۋەر، ـ دېدىم تەستە كۆزۈمنى ئېچىپ.

ـ ئەمدى ئۇيقۇ هارام، بالام. مۇشۇ سەت ناخشا چىقتىمۇ، دېمەك سەيدى مۇدىر دېهقاننى ئېتىزغا هەيدەيدۇ.

دېگەندەكلا بىر مىنۇتقا بارا ـ بارمايلا سەيدى مۇدىرنىڭ بوم ـ سۇرلۇك ئاۋازى كەنتنىڭ يەتتە يېرىگە قويۇلغان كارنايدىن تەڭ تارىلىشقا باشلىدى. بىرلا گەپ: باهالاش!!! ئانام بىر هازا قاقشىدى. ئاندىن سىلاشتۇرۇپ توكنى ياندۇرۇپ تالاغا ماڭدى. تۈنۈگۈنكىسى پارنىكنىڭ باهالىشى، بۈگۈنكىسى كېۋەزنىڭ، بەلكىم ئەتە قوناقنىڭ باهالىشى كېلەر...

ئۇيقۇم راستتىنلا بۇزۇلدى. چەت ئەللەردە بىر دېهقان مۇنچە يۈز، مۇنچە مىڭ مو يەرنى باشقۇرىمىش. يەنە كېلىپ ئۇلار تېرىقچىلىق، پەرۋىش، يىغىۋېلىش، پىششىقلاپ ئىشلەشكىچە هەممىسىنى زامانىۋى ئۇسۇلدا، يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىنىڭ كۈچى بىلەن ئىشلەيمىش. بەلكىم ئۇ دېهقانلارنى ئەكېلىپ بىزنىڭ سەيدى مۇدىرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويسا سەيدى مۇدىرنىڭ ئىككى كۈنلۈك باهالىشىغا چىدىماي ۋايداد توۋلاپ، كەلگەن يېرىگە بەدەر قاچار دەيمەن. زەنجىر تاپان تىراكتورلار كېۋەزنىڭ هارام شېخىنى ئالالمايدۇ ـ دە! ئاڭلىسام ئاشۇ دېهقانلار تېخى دۆلەتنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرى، قانۇن چىقىرىش، هۆكۈمەت تەشكىللەش، رەئىس جۇمهۇر سايلىمىغىچىلىك ئاكتىپ پىكىر قاتناشتۇرىدىكەن. تۈزۈمدىكى، سىياسىيدىكى، هاكىمىيەتتىكى ۋە خەلقئارا مەسىلىلەردىكى هەر بىر ئۆزگىرىش، تەۋرىنىشنىڭ ئۆز مەنپەئىتىگە، تەقدىرىگە ئەكېلىدىغان پايدا ـ زىيىنىنى مۆلچەرلەپ، تەڭشەپ ماڭىدىكەن. ئەمما زېمىننىڭ بۇ قارىنىدا دېهقاننى ئېتىزغىمۇ كارناي بىلەن چىللايدۇ. قاچان، نېمە تېرىيدىغىنىمۇ سېكرېتار ـ مۇدىرلار پىلانلاپ، بەلگىلەپ بېرىدۇ. تېرىقچىلىقنىمۇ تۈزۈم بويىچە قىلىدىغان گەپ، تۈزۈم ئىجرا قىلىش هەممە ئىشتىن ئاۋۋال تۇرىدۇ. بۇ قانداق قارا يۇمۇر ـ هە؟! قانداق تېرىغىنىنى، قانداق باشقۇرغىنىنى باهالاپ، تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ. مۇشۇ باهالاش دېسە جېنىم سىرقىرايدۇ مېنىڭ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىلدىكى سېلىشتۇرۇپ باهالاش، تەكشۈرۈشلەر ئوخشاش كۈچلەرنىڭ ئۈستۈنلۈك تالىشىش كۆرۈنۈشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. كىشىلەر مۇكاپات، تەقدىرنامە ۋە نەتىجە ئۈچۈن پالاقلاپ چېپىپ، كۆرسەتكۈچلەرنىڭ تەلىپى بويىچىلا تەييارلىق كۆرىدۇ ـ دە، خىزمەتنىڭ ئىلمىي قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپ هەرىكەت ـ قىلىقلار سادىر بولىدۇ. بۇنداق مۇكاپاتلىق باهالاشلاردا بەلكىم كوللېكتىپ ئورۇن تەقدىرلىنىشى مۇمكىن. ئەمما ئاۋام پۇقرا ئەڭ زور زىيانغا ئۇچرايدۇ. تەقدىرنامىنىڭ كەينىدىكى هەسرەتلىك ياشلارنى كۆرىدىغانغا كۆز كېرەك. سەيدى مۇدىر بەش قوينى ئوغرىغا بېرىپمۇ نېمىشقا ساقچىغا مەلۇم قىلمايدۇ؟ بىرلا نەرسە، يەنى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، ئامانلىق خىزمىتىدە يىللىق مۇكاپاتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن! مۇكاپات ـ 50 كويغا بارمايدىغان بىر ئالىيۇمىن چەينەك ۋە بىر پارچە تەقدىرنامە. ئۇ، سورۇنلاردا: تەقدىرنامىنىڭ قىممىتىنى پۇل بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ يەي، بۇ هەقىقىي ئىشلەنگەن خىزمەتنىڭ دەلىلى يەي، دەپ ئېغىزىدىن كۆپۈك قايناتتىپ سۆزلەيدۇ. ئەمما بىر تەقدىرنامە ئۈچۈن جىنايەتكە، ئوغرىلىققا جىمجىت سۈكۈت قىلىپ ئۇنى يوشۇرۇش رەزىللىككە، جىنايەتكە تېخىمۇ كەڭ ـ داغدام يول ئاچامدۇ؟ ئوغرىلارنىڭ يۈرىكىنى تېخىمۇ قورقماس، توم قىلىۋەتمەمدۇ؟ خىزمەتنى هەقىقىي ئىشلەش ئارقىلىق مۇكاپات ئېلىش كېرەكمۇ ياكى مۇكاپات ئېلىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەش كېرەكمۇ؟ ئورۇقلۇق بۇغدايىنى يېزا بەلگىلەپ بەرگەن چېسلادىن ئىككى كۈن كېچىكتۈرۈپ سالدىڭ ـ دە، بىزنى باهالاشتا ئوسال قىلدىڭ، دەپ ئېلىنغان جەرىمانە ئاز ئەمەس. بىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە يېتەكچى قىلغۇچى رەهبەرلىرىمىز نېمە ئۈچۈن بۇنى هېچ بولمىغاندا كېچىكىپ ئورۇق سېلىشنىڭ هوسۇلغا ئېلىپ كېلىدىغان تەسىرى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرمەي، مۇكاپات ـ جازا نۇقتىسىدىنلا كۆزىتىدۇ؟ قايسى كۈنى سەلەي ياغنىڭ كېۋىزىنىڭ يالتىرىقى ئۈچ سانتىمېتىر ئەگرى بېسىلىپ قالغىنى ئۈچۈنلا ئىككى مو يەرنىڭ يالتىرىقى يىغدۇرۇۋېتىلىپ قايتا باستۇرۇلدى. ئۈچ سانتىمېتىر ئەگرى بېسىلىش كېۋەزنىڭ هوسۇلغا نىسبەتەن قانچىلىك چوڭ زىيان ئەكېلىشى مۇمكىن؟ رۇسلاپ بېسىش ئارقىلىق سەلەي ياغ يىغدۇرۇۋېتىلگەن يالتىراقنىڭ پۇلىنى تاپالىشى مۇمكىنمۇ؟ يالتىراق مايماق بولسا چىگىت خېنىم يەردىن چىققىلى ئۇنىماي تۇرۇۋېلىشى مۇمكىنمۇ يە؟ جەزمەنكى، بۇ باهالىغۇچىلارنىڭ مۇكاپات ـ جازا قارىشى ۋە هەممىنى بىر ئۆلچەملەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت تەرسا مۇكاپات تەمەخورلۇقىنىڭ نەتىجىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. باهالاپ ـ سېلىشتۇرۇش شۈبهىسىزكى كىشىلەردە مۇكاپاتقا ئېرىشىش تەمەسى پەيدا قىلىپ، شەكىلۋاز ـ رەڭۋازلىقنى، ئالدامچى ـ مەككارلىقنى، ئاپئاشكارا سەممىيەتسىز هىيلىگەرلىكنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. شەكىلدىكى باهالاپ ـ سېلىشتۇرۇش، مۇكاپات ـ جازا تۈزۈمى ئەمەلىيەتتە ئەمگەك پوزىتسىيىسى ۋە ئاڭلىقلىق دەرىجىسى ئىنتايىن ئاجىز، ئەمگەكنىڭ قىممىتى توغرۇلۇق ياخشىراق تونۇش، بىلىش شەكىللەنمىگەن، قارا كۈچىنى ئەرزان باهادا سېتىپلا كۈن كەچۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەمگەك ئاكتىپچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ئىپتىدائىي ئۇسۇل بولۇپ، ئۇ تالاشقاق ئىتقا تاشلاپ بېرىلگەن پايخان سۆڭەكتىن پەرق قىلمايدۇ. ئىلمىي ئەمگەك، ئۇنۇم قارىشى شەكىللەنگەنلەر مۇكاپات ئۈچۈن ئاه ئۇرۇپ چېپىپ كەتمەيدۇ، بەلكى هەقىقىي خىزمەت سىجىللىقى، نەتىجىسى ئارقىلىق ئۇنى قولغا كەلتۈرىدۇ. مۇكاپات هامان نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەتتىن كېيىن ـ تۆۋەن تۇرىدۇ. ئەڭ قىممەتلىك مۇكاپات ئادەتتىكى ئۇنۇم قازىنىش دەرىجىسىگە ئاساسەن نورمال نەتىجىدىن كېيىن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر. هەپتىلىك هاپىلداش ئومۇمىي قابىلىيەتكە تەڭ ئەمەس. بىزدىكى باهالاش شەخس ۋە كوللېكتىپنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك خىزمەت ئۈنۈمى، بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى، قىيىن مەسىلىلەرنى هەل قىلىشتىكى ئىجادىي كۈچى، توپلىغان خىزمەت تەجرىبىسى، يېڭىلىق يارىتىش دەرىجىسى قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىشى كېرەك. مۇكاپات ـ تەقدىرنامە ئۈچۈن هاپىلداپ چېپىپ خىزمەت قىلىش مەدەنىيلىك دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن تەنتەكلىك ئىشى. مۇكاپات هېرىسمەنلىرىنىڭ ئاچ كۆزلەرچە خىرىسى هەقىقىي قىممەت، ئىلىمنىڭ مەنىسىنى بۇلغىغۇچى سېسىق يۇندى ـ شۆلگەيدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن مۇكاپات ـ جازاغا بولغان پوزىتسىيەنىڭ قانداقلىقىدىنلا بىز كىشىلەردىكى ئۇنۇم قارىشى، پىسخىك ساپا، خىزمەت ئىزچىللىقىنى ساقلاش دەرىجىسى، كۈندىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرتىپلىك دەرىجىسىگە باها بېرەلەيمىز. مۇكاپات ـ جازا خاراكتېرىدىكى باهالاش مەزمۇنلىرىغا قاراپ رەهبەرلىك قاتلىمىدىكىلەرنىڭ

ئاۋامنى يېتەكلەش، ئىش بېجىرىش ئىقتىدارىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرۈپ
يېتىشمۇ تەس ئەمەس. ئامموۋى ھەرىكەت كۆپ، باھالاش جىق ئو-
رۇننىڭ خىزمىتى شۇبھىسىزكى قالايمىقانلىشىپ، كىشىلەرى پاراكەندە،
چېچىلغاق، نەپسانىيەتچى، كاززاپ بوپكېتىدۇ. خىزمەتلەر بولسا شە-
كىللۋاز ئالدامچىلىقنىڭ پاتقىقىغا ئېغىر دەرىجىدە پېتىپ قالىدۇ. قاتـ-
لامىمۇ قاتلام بىر ـ بىرىنى ئالدايدىغان سەممىيەتسىز بوياپ كۆرسە-
تىش ئەڭ ئاخىرىدا ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى ئاۋامنى ئەڭ ئېغىر تالا-
پەتكە ئۇچرىتىدۇ. ستاتىستىكىلاردا، دوكلاتلاردا ئۇلارنىڭ كۆنى ياخ-
شىلىنىپ، ھاللانغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلدە كۆزىدىن ياش قۇرىمايدۇ.
تۇرلۇك ـ تۇمەن باھالاپ ـ سېلىشتۇرۇش كۆرسەتكۈچىنى ئادا قىلىپ
بولالماي سوكۇلداپ ھارسىنىپ ئۆتىدۇ. قىلسىمۇ، قىلمىسىمۇ بولىدى-
غان ئىشلار بىلەن بەند بوپقېلىپ ئۆز تەقدىرىنى ياخشىلاش ھەققىدى-
كى زۆرۈر پىلان ـ تەدبىرلەرگە ئېشىنالمايدۇ. پىسخىكىسى ھەيدىمىسە
قىلمايدىغان دەرىجىدە قاشاڭلىشىدۇ، دۇنيا ئىشلىرىدىن، سىياسىدىن،
قانۇن ـ تۈزۈمدىكى، ھاكىمىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەردىن چەتتە قالىدۇ ـ
دە، ماددىي، مەنىۋى، ئىجتىمائىي جەھەتتىكى مەدەنىيلىك ئېلېمېنتلىرى
ھازىرلانمىغان، ئىستراتېگىيە ئېڭى ئاجىز، تەۋرىنىش، تـوقـۇنـۇش،
زەربىلەرگە تاقابىل تۇرالمايدىغان، خىزمەتتە تايىنىۋالىدىغان، مۇستە-
قىللىق ئىقتىدارى يوق، ئىنتىلىش روھى، كىرىزىس تۇيغۇسى تۆۋەن،
باشقۇرۇپ تۇرمىسا ئۆزىنىڭ ئىشىنى تېپىپ قىلالمايدىغان ئەيىباق
كىشىلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق كىشىلەر يېتىلمىسە ماڭمايدۇ،
يۆلىمىسە تۇرمايدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا مىللەت، دۆلەتنىڭ يۈكىگە ئايلىنىپ
قالىدۇ ـ دە، تېخىمۇ چوڭ باش ئاغرىقىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەگەردە
يۇقىرىقى خىلدىكى شەكىللۋازلىق، رەڭۋازلىق بىر ـ ئىككى شەخسنىڭ
مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە چەكلەنسە بۇ چوڭ گەپ ئەمەس. ئەمما
ئۇ شەخسنىڭ خۇسۇسىي ھەرىكەت دائىرىسىدىن ھالقىپ ئـومـۇمـىي
تۈپنىڭ ھەرىكەت ئادىتىگە ئايلىنىپ قالسا بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك خا-
ھىش ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئومۇمىي سەممىيەتسىزلىك، ئـالـدامـچى
شەكىللۋازلىق جەمئىيەتنى ئاپئاشكارا ئەخلاقسىزلىققا، ئىجتىمائىي چە-
رىكلىشىشكە سۆرەيدۇ ـ دە، ئىنتايىن خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى پەيدا
قىلىدۇ...

خىيالدىن قايتىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئانام نەگە كەتتىكىن، كۆ-
رۈنمەيدۇ. ھويلىلارمۇ سۈپۈرۈلمەپتۇ. ئورنىدىن تۇرۇپلا ھويلا ـ ئا-
رامنى پاكىزلاپ كۆنگەن، بۈنى ھازىرغىچە ئادەت قىلىپ كەلگەن ئانام
سەيدى مۇدىرنىڭ پوپوزىسىدىن قورقۇپ ئىتىزغا چاپقان بولسا كې-
رەك. ئىچىم ئاچچىق بولدى. دادامدىن قالغان ئون نەچچە يىلدىن
بېرى بوسۇغىغا توپا قوندۇرماي كەلگەن ئانامنىڭ يېقىندىن بېرىقى
باھالاش ـ تەكشۈرۈش تۈپەيلى بوپكەتكەن بىسەرەمجانلىقى، يۈرەك-
ئالدىلىقى مېنى تېخىمۇ ئېزىۋەتتى. ئۇنىڭ سەيدى مۇدىرنىڭ ئالدىدا
ئاق ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى تاتىلىغان، كۆزلىرى لىپمۇ لىق ياش ھالدىكى
تۇرقى ھەر قانچە قىلسامۇ كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمەيدۇ. «قاتتىق
گەپ قىلسام بولمايدۇ، ئاچا. كۆڭۈللىرى نازۇك، ئازراقلا گەپمۇ ئېغىر
كېتىدۇ. ئەمما جازاغا چىقىپ قالساق، كەنتنىڭ يۈزى چۈشۈپ كەتسە
ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولىدۇ. ئۇ چاغدا پۈتكۈل كەنت-
تىكىلەرگە ئېغىر كېتىدۇ. كېۋەزنىڭ هارام شاخلىرىنى بىر سائەتنىڭ
ئىچىدە ئېلىپ تۈگەتسىلە، بولمايدىكەن كېۋەزنىڭ شادىلىرىنى يۇلۇپ
باشلىرىغا سانجىپ قويىمەن» دېگەنىدى سەيدى مۇدىر قوپاللىق بىلەن
قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ. ئاچچىقىمدا بولۇشىچە دېيىشىپتىمـەن. ھـەل
قىلىدىغان ئىشنىڭ توللىقىدا كېۋەزنىڭ ھارام شېخى، قوناقلىقنىڭ ئو-
تىنى ئالدىغان ئىشنى باھالىمىسا باشقا ئەھمىيەتلىكرەك، دېھقانغا نەپ
تېگىدىغان ئىش چىقمامدۇ بۇ خەقكە؟ يەر ئۆزۈڭنىڭ بولغاندىكىن
ئۆزۈڭ خالىغانچە چاپ، گال ئۆزۈڭنىڭ بولغاندىكىن لازىم بـولـسـا
ئىشلە، لازىم بولسا تېپىپ يە، دەپ ئەركىگە قويۇۋەتسە پۇل، ئاشنىڭ
قەدرىنى ھەممىدىن بەكرەك بىلىدىغان ئاشۇ دېھقان خەق يوتقاننىڭ
تېگىگە كىرىپ يېتىۋالارمۇ دەيمەن. ھەيدەپ ئىشقا سېلىۋەرمەي قو-
يۇۋەتسە يەردىن نەپ ئالالمىسا باشقا ئىشنىڭ كويىغا كىرىپ بولسىمۇ
جېنىنى جان ئەتمەسمىدى؟

ـ سەن ماڭا ـ كەنتنىڭ مۇدىرىغا قارشى چىقتىڭ، ـ سەيدى مۇ-
دىر ۋارقىرايتتى، ـ ماڭا قارشى چىققىنىڭ غوجا شاڭجاڭغا، جۇ شۇجە-
گە، ناھىيىدە سا ھاكىمغا، لى شۇجىگە، ئەڭ ئاخىرىدا پارتىيە ـ ھۆ-
كۈمەتكە، مەركەزگە قارشى چىققىنىڭ.

توۋا، بۇنىڭغا كۈلەيمۇ، يىغلايمۇ؟ كاللىسى ئامموۋى، سىيـاسـىي
ھەرىكەتلەر بىلەن لىپمۇلىق تولغان بۇ بەندىنىڭ ئەخمەقلەرچە ھەم-
مىنى شىپى كەلتۈرۈپ ئۆزىگە چاپان قىلىپ ياپقىنىنى كۆرۈڭ. مەن
خۇددى بۇ زېمىندا ياشاپ باقمىغاندەك، ھېچنېمىنى بىلمەيدىغاندەك
كۈلگىنىمچە يېنىپ كەپتىمەن. ئەمما ئانام كەينىمدىن يىغلاپ كەپتۇ.
مەن مۇدىر بىلەن مۇنازىرىلەشسەم بولمايتتى...

ناشتا قىلدىم. قويلارغا ھەلەپ بېرىۋېتىپ تۈنۈگۈن مەكتەپ مۇ-
دىرىنىڭ: باھالاش كېلىدۇ، ئەتىگەن سائەت ئالتە يېرىمدىن بۇرۇن
كېپ بولۇڭلار، دېگىنى ئېسىمگە كەلدى. ـ ھىم، دېدىم ئىچىمدە، ـ
بارمايمەن. سائەت دەل سەككىزدە، ھەممە بىر تۇتاش ئىشقا چۈشى-
دىغان ۋاقىتتا بارىمەن. «سائەت ئالتە يېرىمدىن سېكۇنت كېيىن قال-
غانلار دەرۋازىدىن كىرمەڭلار، نەگە بېرىپ ئىشلىسەڭلار ئىشلەڭلار»
بۇنداق ئۆكتەم پوپوزىنى جاھاننىڭ قانداق بىر يېرىدىن تېپىش مۇم-
كىنكىن؟ ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە يارىشا تۇرمۇش تەرتىپى بولىدۇ.
خىزمەت بىز ئۈچۈن بىردىنبىر مەزمۇن ئەمەس. خىزمەتكە بىر مىنۇت
بۇرۇن بېرىش ئۈچۈن جەزمەن يەنە بىر ئىشنى بىر مىنۇت بۇرۇن
بېجىرىشنىڭ ياكى قىلماي قويۇپ قويۇشۇڭ ۋە ياكى ئورنىڭدىن بۇرۇن
تۇرۇشۇڭ، ئۇلگۇرەلمىسەڭ ناشتا قىلمايلا سوكۇلداپ يۈگـۈرۈشـۈڭ
كېرەك. ئەتە باھالاش بار، دېگەن كۈندىكى ئۇيقۇ ئۇيقـۇ ئـەمـەس.
تەشۋىش ـ ئەندىشىدە ئۇيقۇ يوق. ھەممە ئىشىڭ تولۇق، جايىدا بول-
سىمۇ تەمتىرەيسەن، ھودۇقسەن. بۇ، ئىنساننىڭ تەبىئىتى. نەتىجىدە
ياخشى ئۇخلىيالمايسەن ـ دە، ئەتىسى بىر كۈن باش ئېغىر، كۆڭۈل
غەش، كەيپىيات غەمناك، ئادەم ھارغىن. ئىشقىلىپ باھالاش دېسىلا
مەندە جان يوق، مەندە روھ. يۈرىكىم دۇك ـ دۇك ھالدا ھەممە ئىشقا
گۇمانخورلۇق، ئىشەنمەسلىك ۋە ئەندىشە بىلەن قاراپ چىقىمەن، ھەتتا
ئەڭ ئامراق ئوقۇغۇچىلىرىمغىمۇ تەرسالىشىپ ۋارقىراپ سالىمەن. بە-
زىلەر باھالاش كېلىدىكەن دېسە، شۇنداق خۇشخۇيلىشىپ، ئىللىق چە-
راي بوپكېتىدۇ. ئەمما مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. ھەممە ئىشىم ھەر ۋا-
قىت جايىدا تۇرسىمۇ غۇژژىدە مېڭەم قورۇلۇپ، نېرۋام قالايمىقانلىشىپ
كېتىدۇ. بەلكىم مەندە نېرۋا خاراكتېرلىك ئەندىكىش كېسىلى بولسا كې-
رەك. چۈنكى شەكىلدىكى باھالاش ئەيىب تاپىدۇ، قۇسۇر ئىزدەيدۇ،
خىزمەتتىكى ھەقىقىي ئۈنۈمنى تەكشۈرەلمەيدۇ، بىر كۈنلۈك ئىشنىڭ
شەكلەن سۈپىتىنى ۋە قەغەزدىكى دوكلاتلارنى كۆرىدۇ، شۇنـىـڭـغـا

ئىشىنىدۇ. ئادەمنىڭ ئىسسىق ـ ھالال لەۋزىگە ئىشەنمەيدىغانلار يال-
غان گەپلەر قاتىرىسىغا تىزنۇپتىلگەن قۇرۇق قەغەزگە بىلىپ تۇرۇپ
ئىشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەككارلىقنىڭ، شەكلۋازلىقنىڭ، بوياپ كۆر-
ستىشنىڭ بازىرى چىقىدۇ. باھالاش كېتىشى بىلەنلا ئىش يەنىلا ئە-
لمي پەدىسىگە قايتىدۇ ياكى يەنە توختىماي سىياسىي ئۆگىنىش قىلىپ
تەسرات سۆزلەپ، تەسرات يازىمىز ۋە ياكى يەنە قايسىدۇر بىر با-
ھالاشنىڭ بورىنى كۆتۈرۈلۈپ بوۋام زامانىسىدىن تارتىپ ئەسلا قىلىپ
باقمىغان، خىزمەت بىلەن ئانچە چوڭ ئالاقىسى يوق بىر قاتار مەز-
زىسىز ئىشلارنىڭ يالغان پىلان، يالغان ئىجرا، يالغان خۇلاسىسىنى
يېزىش بىلەن ئاۋارە بوپكېتىمىز. دەرس يەنە قالدۇ، باللار ئۇ-
رۇش ـ جېدەلنى باشلاۋېرىدۇ ياكى كىتاب ئوقۇيدۇ. بەزىلەر كۈن
ئۆتسە، ئاي توشسىلا خىزمەتكە ھېساب دەيدۇ. ئەمما مەن ئىزدىگەن،
مەن ئارزۇلىغان مائارىپ، خىزمەت بۇ ئەمەس ئىدى. مەن شېرىن
چۈشىگەن مائارىپ، خەلق ئىشىنىپ ئىبغىزنى ھالڭ كېرىپ تۇرغان ما-
ئارىپ، دۆلەت مىلياردلاپ مەبلەغ سېلىۋاتقان، چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈ-
تۈۋاتقان مائارىپ مۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى. ئالدىنقى بىر
ھەپتىدە ساناپ تۇرۇپ ئۈچ سائەت دەرس ئۆتۈپتىمەن. ۋەزىپەمدىكى
قالغان ئون ئۈچ سائەت ۋاقىتتا ۋە ئۇنىڭدىن سىرت خىزمەت ۋاقتىدا
زادى نېمە ئىش قىلدىم؟ راستىنى دېسەم ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. نېمە
قىلغىنىم، باللارغا، ماڭا، مائارىپقا، كەلگۈسىگە پايدىسى بار، تۇتامغا
چىققۇدەك نېمە ئىش قىلغىنىم ئېسىمدە يوق. ئەمما بىر مىنۇت ئارام-
خۇدا ئولتۇرۇپ ئۇھ دەپ باققىنىم تېخىمۇ ئېسىمدە يوق. نامازشام-
غىچە ھېرىپ ـ چارچاپ، ئۆلۈكتەك سۆرىلىپ ئالدىراش ئىشلىگىنىملا
ئېسىمدە. «بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئېيى پائالىيىتى» مۇناسىۋىتى
بىلەن ھەرقايسى ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش
جەھەتتىكى خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ ـ باھالاش توغرۇلۇق ئۇقتۇ-
رۇش يەتكۈزۈلۈشى بىلەنلا مەكتەپنىڭ ئىچى ئۆرە ـ تۆپە بوپكەتتى.
بىز ئىشلەپچىقىرىش ئورنى ئەمەس، ئەمما باللارغا بىخەتەرلىك تەش-
ۋىقاتى بويىچە ئىشلەنگەن خىزمەتلەر بولمىسا، بۇ خىزمەتلەرنىڭ پە-
لان، ئىجرا، خۇلاسە خاتىرىسى بولمىسا بولمايتتى. باھالاشتا ئىلغار
بولالمىساقمۇ ناچار بولماسلىقىمىز كېرەك. بولمىسا بىر يىل جاپا تار-
تىپ ئىشلىگەن خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئاۋاز بىلەن ئىنكار قىلى-
نىدۇ. مانا بۇنىسى قورقۇنچلۇق. مۇدىر خىرىلداپ يۈرۈپ يىغىن
ئاچتى. مەكتەپتىكى خەتەر كۆرۈلۈپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان بارلىق
يوچۇقنى تەلتۆكۈس ئېتىش ۋە يەنە نۇرغۇن خاتىرە يېزىش كېرەك
ئىدى. يەنى، توك سىملىرىنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ، رەتلەپ چىقىش؛
ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈزلەش؛ مەكتەپنىڭ چە-
تەنلىرىنى تەكشۈرۈپ قۇشقاچ پاتىدىغانلىكى تۆشۈك ـ شورىلارنى
ئېتىش؛ تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى ۋە قورۇلۇشلارنىڭ بىخەتەرلىك دە-
رىجىسىنى تەكشۈرۈش، مەكتەپنىڭ نۆۋەتچىلىك ئۆيىگە ئوت ئۆچۈ-
رۇش ئەسلىھەلىرى، چىلەك، گۈرجەك، قوغدىنىش كالتىكى تولۇقلاش؛
مەكتەپكە كىرىپ ـ چىققانلارنى تىزىملاش دەپتىرى تولۇقلاش ھەمدە
ئوقۇتقۇچىلار دەرۋازا تۈۋىدە نۆۋەتچىلىكتە تۇرۇپ مۇ-
ناسىۋەتسىز كىشىلەرنىڭ كىرىپ ـ چىقىشىنى توسۇش؛ مەكتەپكە جىد-
دىي ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلىش نومۇرلىرىنى چاپلاش ۋە ئوقۇغۇچىلا-
رغا يادلىتىش؛ ھەممە سىنىپقا قاتناش، توك، سۇ ئاپىتى ۋە ئوغرىدىن
ساقلىنىش بىلىملىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇش، ئوقۇغۇچىلار يادقا بىلە-
دىغان بولۇش؛ سىنىپ مۇدىرلىرى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىك
تەربىيىسى تەشۋىقاتى بويىچە مەۋسۇملۇق، يىللىق خىزمەت پىلانى،
ئىشلەنگەن خىزمەتلەرنىڭ ئىجراسى ۋە ھەپتىلىك، ئايلىق، مەۋسۇملۇق
خۇلاسىسى بولۇش؛ دەرس تەييارلىق مەزمۇنىغا بىخەتەرلىك تەربىيە-
سى توغرۇلۇق مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن بولۇش؛ ھەر سائەتلىك دەرستە
بىخەتەرلىك تەربىيىسى بېرىلگەن بولۇش؛ مەكتەپتىن قويۇپ بېرىلگەن-
دە بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىش توغرۇلۇق تەربىيە ئىشلەنگەن بولۇش؛
مەكتەپنىڭ قارا دوسكا، تام گېزىتى، رادىئو تەشۋىقاتلىرىدا بىخەتەرلىك
تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلغان بولۇش؛ بىخەتەرلىك تەربىيىسى توغرۇلۇق
مەخسۇس لېكسىيە، ئۆگىنىش پائالىيىتى، تەسرات سۆزلەش پائالىيىتى
تەشكىللەنگەن بولۇش؛ مەكتەپلەردە، ئوقۇغۇچىلاردا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ
ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ئىچىدە ھېچقانداق ۋەقە ـ ھادىسە سادىر بولمى-
غان بولۇشى... كېرەك ئىدى. باش قايدى. ئىشنىڭ جىقلىقىدىن قايىس-
سىنى قىلىشنى ئالگىرىشمۇ تەس ئىدى... ئىشلىمەي بولامتى؟ ئون كۈن
دەم ئالماي دېگۈدەك ئىشلىدۇق. بىرەرنىڭ بىرەر سائەت دەرس ئۆ-
تۈپ ئېلىپنى چوماق دەپ باققىنىنى بىلمەيمەن. ئوقۇغۇچىلارمۇ توخ-
تىماي ئاللىقانداق قائىدىلەرنى يادلايدۇ. ئوقۇتقۇچىلار توختىماي خا-
تىرە، پىلان، خۇلاسە، ئىجرا خاتىرىسى يازىدۇ. يازماي، قىلماي بول-
مايتتى. بارلىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتا مەكتەپلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى
ھەممىدىن ئېغىر ئىدى. قايسى كۈنى 36 ياشلىق بىرەيلەننى توك سو-
قۇۋېتىپ تۈگەپ كېتىپتۇ، يېزا باشلىقى يىگىرمە نەچچە يىل بۇرۇن
باشلانغۇچتا ئوقۇتقان مۇئەللىمى بىخەتەرلىك تەربىيىسىنى ياخشى
ئىشلىمىگەن دەپ ھارغىچە قايندى. رەھمەتلىكنىڭ تولۇقسىزدا ئو-
قۇيدىغان بىر قىزى بار ئىكەندۇق. ئارقىدىنلا ئۇ قىزغىمۇ بىخەتەرلىك
تەربىيىسى ياخشى ئىشلەنمىگەن، فىزىكا دەرسى ياخشى ئۆتۈلمىگەن،
باللار ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىلارنى، جەمئىيەتنى يېتەكلەپ ئومۇمىي
خەلقنىڭ ئاڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئىستراتېگىيىسى ياخشى ئىجرا-
لاشتۇرۇلمىغان، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى دەرسخانا
ئىچىدىلا قاملىپ قېلىپ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، تۇرمۇشقا
يۈزلىنىش تەلىپى ئىشقا ئاشمىغان بولدى ـ دە، ھېلىقى قىزنىڭ ئوتتۇرا
مەكتەپتىكى سىنىپ مۇدىرى، فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى، ئىلمىي مۇدىر،
مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ بىر مۇنچە ئادەم تۇقۇناق بالانىڭ ئاستىدا
قالدى. بېشىمىزنى چۆكۈرۈپ جىم ئولتۇردۇق. ھەممىمىز تېخى بالا
ئوقۇتۇشنى، نېمە ئوقۇتۇشنى بىلەلمەيپتىمىز...

باھالاشنى دەپلا دەرس تەييارلىقىغىمۇ تۈزىتىش كىرگۈزۈپ چىق-
تۇق. ماتېماتىكا دەرسى بېرىدىغانلارمۇ مەسىلە ـ مىساللارنىڭ ئاخى-
رىغا يولدا قانداق مېڭىش توغرۇلۇق تەربىيە مەزمۇنى يېزىپ چىقتى.
نېمە دېگۈلۈك؟ خىزمەت قىلماي بولمايدۇ. بۇ بىز ئىنتايىن تەستە
يەتكەن، يەنە نۇرغۇن ئادەم ئېرىشەلمەيۋاتقان خىزمەت. خىزمەت
قىلغانىكەن باھالايدىغان، باھالاشنى كۆتۈۋالىدىغان گەپ. مۇدىرنىڭ
گېپى بويىچە بولغاندا باھالاشقا ئەرزىمىگەن خىزمەت ھېچنېمىگە
ئەرزىمەيدۇ. ھەر قانچە كۆيۈنۈپ بالا ئوقۇتۇپ ئالىم قىلغۇدەكمۇ،
باھالاشنىڭ باھاسىدىن ئۆتمىسەڭ قىلغان ـ ئەتكىنىڭ ھېچكىمگە كۆ-
رۈنمەيدۇ. ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان كۆز بار، دېدىم مۇدىرغا. ئەمما
ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ: ‹خىزمەت دەپتەردىن چىقمىسا بولمايدۇ.
دەرس ئۆتمىسەڭمۇ تەييارلىقى بولسا، ئۆتۈلدى دەيدىغانغا يالغان
بولسىمۇ خاتىرىسى بولسىلا بولدى. خىزمەت دېگەن شۇ!› دەپ

قويدى. نېمە دەي؟! بەلكىم بەزىلەرگە شۇنداقتۇ؟! ئەمما مەن چىدىمايمەن، چىدىمىدىم. يوقالسۇن كاززاپلىق، قۇرۇپ كەتسۇن شەكىلۋازلىق ـ رەڭۋازلىق! ئۆزگىنى، ماھىيەتتە ئۆز ـ ئۆزىمىزنى ئالداپ قۇرۇق ئېمىزگۇ ئەمدۈرۈپ نېمىگە ئېرىشىمىز؟ شەكىلۋازلىق ئەۋج ئېلىپ كەتسە جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىشى پال ـ پال، ئىچى كىشى قورققۇدەك يىرىڭ ـ جاراھەتكە تولۇپ كەتمەمدۇ. بۇرۇتىمىزنى مايلاپ قويۇپ كىملەرگە ئاچ قورساق كېرىلىپ بېرىمىز؟

سائەت سەككىز بولاي دەپ قاپتۇ. ئىشقا مېڭىشىم كېرەك. مۇدىر بۇ چاغقا ھارام بولاي دەپ قالغاندۇ. كارىم يوق. خىزمەت دېگەن ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان سىستېمىلىق جەريان. پويىز رېلىسىدىن چىقىپ كەتسە ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدۇ. خىزمەتمۇ ئۆز لىنىيىسىدىن چىقىپ كەتسە ئېتىقسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ ـ دە، ئادەمگە زۇلۇم سېلىشقا چۈشىدۇ. مېنىڭ خىزمەتكە، ئىدارىگە، يولسىز قائىدە ـ تۈزۈملەرگە، مائاشقا ئېسىپ قويۇلغان بىر پارچە يىرتىق لاتا بوپقالغۇم ئەسلا يوق.

كاللام ئېغىر ھالدا كېتىۋاتىمەن. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقات ئىشخانىسىدا ئىشلەيدىغان ساۋاقدىشىم ئۇچراپ تۇمشۇقىنى سوزۇپلا سالام بېرىپ ئۆتۈپ كەتتى. چىرايىنىڭ ئۆڭگىلى يوق. ھال سوراپ بولغىچە «تەشۋىقات باھالىشى» دەپ قويۇپلا كۆزى ئورمان، ستولبا، تاملارغا چاپلاپ قويۇلغان تەشۋىقات لوزۇنكىلىرىغا قارىغان ھالدا غايىب بولدى. ئۇ قايسى كۈنىلا يېزىنىڭ مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە ماڭارىپ، سۇ ئىشلىرى، توك، پىلانلىق تۇغۇت، يەر، ئورمان، چارۋىچىلىق ۋە يەنە بىر قاتار تۈرلۈك ـ تۈمەن نامدىكى تەشۋىقات ۋەرەقىسى، لوزۇنكا ـ پلاكات، شوئارلىرىنى ئىشلەش ئۈچۈنلا ئوتتۇز نەچچە مىڭ يۈەن خىراجەتنىڭ كېتىپ بولغانلىقى ھەققىدە زارلاپ سۆزلەپ بەرگەنىدى. دېھقانلار ئۆزلىرى ئاقارتىپ بەرگەن ئۆيلىرىنىڭ بىرىدىن تام دوسكىسىغا كەتكەن ۋە ھەرقايسى ئىدارە ـ ئورگانلار ئۆز ئالدىغا چىقىم قىلغان ئاشۇ تەشۋىقات خاراكتېرىدىكى لوزۇنكا ـ پلاكاتلارغا كەتكەن پۇللارنى قوشسا بۇ قانچىلىك ھېساب بولۇشى مۇمكىن؟ قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان ستولبا، ئورمانلاردا ئىككى ـ ئۈچتىن ساڭگىلاپ تۇرغان لوزۇنكا ـ پلاكاتلار بۇ يەردە شوئار ئىنقىلابى پارتلىغاندەك بىر ھالنى ئەسلىتەتتى. ئەمما شوئاردىن ئىبرەت، ئىلھام ئالىدىغان ئادەم قانچىلىك؟ ۋەتەننى سۆيۈش، قانۇنغا بويسۇنۇش، ئورماننى ئاسراش، سۇ تېجەش... دېگەنلەر ھەرقانداق بىر زاتى ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئەقەللىي تۈپ خۇسۇسىيەت، ئەخلاقىي پەزىلەت. شوئار چاپلاش، پلاكات ئېسىش ئارقىلىقلا ئىنساندا ئەخلاقىي مەزمۇنلارنى تۇرغۇزىمەن دېيىش كۈلكىلىك ئەخمىقانىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىزدىكى خىزمەتنى قەغەزدىلا قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان بىر قىسىم تەنتەكلەر شوئار ـ لوزۇنكىلار ئارقىلىق ئاممىۋى ساپانى ئۈستۈرگىلى بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنسە كېرەك. شۇبھىسىزكى، شامال، ئاپتاپ، بوران، قار ـ يامغۇردا ئەڭ چىداملىق پلاكات ـ لوزۇنكىلارمۇ بىر يىل ئاران چىدايدۇ. يەنە كېلىپ تەشۋىقات مەزمۇنلىرى كۈندە يېڭىلىنىپ تۇرغاچقا بۈگۈن ئېسىلغان پلاكاتنىڭ ئەتىسىلا ۋاقتى ئۆتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بوپقالىدۇ. دېمەك يەنە يېڭىلاش كېرەك. دېمەككى، بىر يېزىنىڭ تەشۋىقات ئىشلىرى ئۈچۈن بىر يىلدا 30 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل كەتتى دەپ ھېسابلىساقمۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇشۇنداق يېزىدىن قانچىسى چىقىشى مۇمكىن؟ بۇلارنى قوشقاندا بىر يىلدا قانچىلىك پۇل بولىدۇ؟ بۇ پۇللار بىلەن قانچە ئادەمنى مۇنتىزىم تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغىلى، قانچىلىك كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغىلى، قانچىلىك ئادەمنىڭ سەھىيە، داۋالىنىش، تۇرالغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى، قانچىلىك يول، كۆۋرۈك ياساپ ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشى، خەلقنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ ئېشىشىغا ياردەم بەرگىلى بولۇشى مۇمكىن؟ مەن سىياسىيون، ئىقتىسادشۇناس ئەمەس، ئەمما يۈز بېرىۋاتقان شەكىلۋازلىق ـ رەڭۋازلىقلارغا جىمجىت سۈكۈت قىلىپ تۇرغۇچى بۇت تېخىمۇ ئەمەس. تەشۋىقات لوزۇنكا ـ پلاكاتلىرى ئومۇمىي خەلق بىلمىسە زادى بولمايدىغان ئۇچۇر، بىلىم خاراكتېرلىك يەتكۈزۈلمىلەرنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىشى كېرەك. بولمىسا ئۇ غايەت زور ئىسراپچىلىق ۋە بىر ـ بىرىنى ئالداشتىن بۆلەك قىممەت ئېلىپ كەلمەيدۇ. شەكىلۋازلىق دېسە مانا شۇنى دېسە بولىدۇ.

ـ مۇشۇ باھالاش، شوئار، ئاممىۋى ھەرىكەت دەيدىغان شەكىلۋاز ئالدامچىلىقلار يوق مەكتەپتىن بىرەرسى بولسا، خاتىرجەم دەرسلا ئۆتسەم مەيلىتى، كۈنىگە سەككىز سائەت دەرس ئۆتۈپ كارنىيىم يىرتىلىپ كەتسىمۇ؟ ـ دېگەنىدىم بىر قېتىم خىزمەتدىشىم جېلىل سوپىغا. ئۇ خىرىلداپ كۈلۈپ: «بەڭگىنىڭ خىيالى. شۇنداق بوپقالسىمۇ بەلكىم خىزمەت قىلغۇڭ كەلمەس، باھالاشقا سېزىك بوپقالدىڭ ئەمدى» دېگەنىدى ئۇ. بەلكىم بەڭگىنىڭ ياكى نەشىكەشنىڭ خىيالىدۇ؟ لېكىن بۇ راست خىيال. «رەھبەرلەرنىڭ يىغىن ئېچىشىدىن قورقىدىغان بوپقالدىم» دېدىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇلداپ يەنە. ئۇ ماڭا چەكچىيىپ قاراپ نېرى كەتتى. ئۇ گېپىمدىن قورقۇپ كەتتى بولغاي.

خىيالىم بەكلا قالايمىقان ھالدا مەكتەپنىڭ ئالدىغا كەپقاپتىمەن دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە قىپقىزىل پلاكات ئېسىپ قويۇپتۇ. باھالاش كېلىدۇ، يىغىن ئاچىدۇ. مۇدىرنىڭ يىغىنى بىلەن ھاكىم ئاچقان يىغىننىڭ سۆز ئورامىدا چوڭ پەرق بولمايدۇ. خۇددى ئاخبارات ماقالىلىرىنىڭ ۋەزنى، بايان تۈسى قېلىپلىشىپ قالغاندەك... تولىمۇ سۇبيېكتىپ چۈشىنىكسىز گەپلەر ھەممە ياقنى بىر ئالدى. ئۇقۇمبازلىق، قېلىپبازلىق... بېشىم ئېغىرلىشىپ كەتتى. روھىم چىقىپ كەتكەندەك، ھازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك ھالدا دەرۋازىدىن كىردىم. نېمە بولدىكىن؟ پۇت ـ قولۇمدا ماغدۇر دەيدىغان نەرسە يوق. چىرايلىق سۇ سېپىپ تازىلانغان مەكتەپ ھويلىسىمۇ كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈنمىگەندەك ئەمەس. ئوقۇتۇش بىناسى ھازىرلا ئورنىدا لاسسىدە ئولتۇرۇشۇپ، بۇسۇرۇلۇپ قالىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. بىر خانىم سالام قىلىپ قويۇپ ئالدىراش سىنىپىغا كىرىپ كەتتى. كېچىككەن ئوخشايمەن. قاراپ تۇرىلى، مۇدىر بىردەمدە پەيدا بولىدۇ ۋە مېنى تىللاپ ـ تالاشقا چۈشىدۇ. ئاندىن مۇنچە پۇل تۇتىمەن دەپ خاتىرىسىگە يېزىپ قويىدۇ. مەنمۇ جېلىل سوپىدەك: «ئاز ـ تولا ئاشقۇدەكمۇ، مۇدىر؟ سىلىدىن ئاشقىنىنى خەجلەيمىز. ۋارقىرىماي تۇتىۋەرسىلە» دەپ قويارمەن شۇ...

ـ نېمە باھالاشكەن؟ كۆرۈشكىلى قولىنى سۇنۇپ كەلگەن جېلىل سوپىدىن سورىدىم خۇشياقمىغاندەكلا.

ـ باھالاشنىڭ تولىلىقىدا مەنمۇ ئۇقالمىدىم... ئىشقىلىپ بىرەر پائالىيەتنىڭ باھالىشىدۇ ـ شۇ، ـ دېدى ئۇمۇ ئېرەنسىمەيلا.

ئورنۇمدىلا ئولتۇرۇۋالدىم. بۇنداق پائالىيەتلەر ئازمۇ بىزدە؟

قايسىبىرىنى دەپ بولاي. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چاغلىرىمىزدا 3 ـ ئاي كىرسىلا ‹بۇ لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتى ئېيى. لېي فېڭدىن ئۆگەنمىسەڭلار، ياخشى ئىش قىلمىساڭلار بولمايدۇ› دەپ مەكتەپ، سىنىپتىن تەشكىللەپ ئىدارە ـ جەمئىيەتلەرنىڭ ئىشخانا ـ ھويلىلىرىنى تازىلاتقۇزاتتى ۋە ياكى بىزنى توختىماي ياخشى ئىش قىلىشقا ھەيدەيتتى. بىزمۇ بالىلىقتىكى ماختاپ ـ ئۇچۇرۇشقا بولغان تەمە ـ ھېرىسمەنلىك بويىچە تۆت ـ بەشتىن بولۇپ قاقپۇدا مەلۇم بىر ئىدارىنىڭ ئالدى ـ كەينىنى تازىلاپ بېرىپ رەھمەت خېتىدىن بىرەرنى يازدۇرۇپ كېلەتتۇق ۋە مەيداندا ھەممە ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدا تەقدىرلەنگىنىمىزدىن خۇشال بولۇپ گۇلقەقەلىرىمىز ئېچىلىپ كېتەتتى. يول ماڭساقمۇ كىمنىڭ بىرەر نەرسىسى چۈشۈپ قالدىكىن دەپ ئىمىسقىلاپ ماڭاتتۇق. توغرا يولى بويىچە چۈشەندۈرۈلمىگەن ئەڭ ئادەتتىكى ئىنسانىي پەزىلەتلەرمۇ بىزدە كىچىكىمىزدىلا مۇكاپات ـ ماختاش تەمەسى يېتىلدۈرگەن، بىزنى تۈيدۈرماستىنلا شەكىلۋازلىق، مەككارلىقتىن ئىبارەت ئىنسان تەبىئىتىگە يات كاززاپلىققا ئۆگەتكەندى. بەزى ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ ماختاش ـ مۇكاپاتقا ئېرىشىش تەمەسىدە ئۆزلىرىنىڭ يېپيېڭى قەلەم ـ دەپتەرلىرىنىمۇ تېپىۋالدىم دەپ مۇئەللىمگە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكى ھېلىھەم يادىمدا. ئەگەر ماختالمىساق، مۇكاپاتلانمىساق كۆڭلىمىز قاتتىق غەش بولاتتى. تېخىمۇ قىزىقارلىقى 3 ـ ئاي ئاخىرلاشقان ھامانلا ياخشى ئىش قىلىش ھەققىدىكى گەپلەردىن بىرەر ئېغىزنىمۇ ئاڭلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خۇددى ياخشى ئىش قىلىش دەۋرى 3 ـ ئايغىلا تەۋە ئىشتەك مۇئەللىملەرمۇ بۇ ھەقتە ئېغىز ـ تىنىپ بولسىمۇ گەپ قىلىپ سالمايتتى. بىرەر ئىدارە ياردەم سوراپ كىرسىمۇ غودىراپ بارغىلى ئۇنىمايتتى، بىزلەرمۇ بارغىلى ئۇنىماي زارلايتتۇق. بۇ ھال تولۇقسىزدىمۇ، ئوتتۇرا تېخنىكومدىمۇ شۇنداق داۋاملاشتى. تۇۋا دەيمەن، كۆپىنچىمىز شەكىلگە ئايلىنىپ قالغان ئاممىۋى ھەرىكەتلەرنىڭ نەتىجىسىدە ئىنسانىي خىسلەتلەرگىمۇ تەمەخورلۇق، كاززاپلىقنى يۇقتۇرۇۋاپتىمىز. كوللېكتىپ پىسخىك كېسەل!... مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى خىزمەتلەرمۇ باھالاش ئۈچۈنلا ئىشلەنمىسە، ھەر كۈنى شۇ ھەقتە ئەمەلىي خىزمەتلەر ئىشلىنىپ تۇرسا بولاتتىغۇ؟ ۋايتاڭ، ئاخىرى قانداق بولاركىن بۇ ئىشلارنىڭ؟ مەركەزدىن ئىنتايىن توغرا تۈستە باشلىنىدىغان ھەرىكەت، ئۆگىنىش تەشەببۇسلىرى نېمە ئۈچۈن بەزى جايلاردا تۆۋەنگە چۈشسىلا شەكىلۋاز ھەرىكەتلەرگە، مەجبۇرىي ئۆگىنىش، جەزمەن تەسىرلىنىش ئالۋىڭىغا ئايلىنىپ قالىدۇ؟ مەركەز ھەر دائىم «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش»، «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى»، «سىياسىي مەدەنىيلىك»، «ئادەمنى ئاساس قىلىش»نى تەكىتلەپ، شەكىلۋازلىق ۋە ئوبراز قۇرۇلۇشى قىلىشنى قەتئىي چەكلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما كاللىسى ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى›نىڭ سىياسىي، ئاممىۋى ھەرىكەت بورىنىدىن تولۇق ئازاد بولۇپ بولالمىغان بەزى كىشىلىرىمىز رەھبەرلەرنىڭ ھەر قانداق بىر پىكىر ـ قاراشلىرىنىمۇ يېڭىدىن يېڭى شەكىلۋاز ھەرىكەتلەرگە ئايلاندۇرۇپ ئۆلگۈرىدۇ. مەركەزنىڭ، رەھبەرلىرىمىزنىڭ كۈتكىنى، ئۈمىدى بەلكىم بۇ بولمىغىيتتى؟...

بېشىم ئاغرىپ كەتتى. خىزمەتدىشىمىزغا قايسى كۈنى مۇشۇنداق خىياللىرىمنى ئاچچىقىمدا قايناپ تۆكۈپ كېتىپتىمەن. ئۇ ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ بولۇپ ‹جىق ئويلاپ، ئېلىشىپ قالاي دەپ قاپسەن. بۇ سەن باش قاتۇرىدىغان ئىشلار ئەمەس. ئۆگەن، تەسىرات ياز دېگەندىكىن دېگىنىنى قىلىپ بېرىپ ئۆيىقۇڭنى ئۇخلىساڭ بولمامدۇ؟› دەپ قويدى. بەلكىم ئۇنىڭ دېگىنى راستتۇ؟ ئەمما... شەكىلۋازلىق خۇددى قەغەز پاراخوتقا ئوخشايدۇ، ئاقىۋەتتە ھەممىمىزنى ئالدايدۇ. مەن شۇنىڭدىن قورقىمەن.

توساتتىن ئېسىمگە ھېلىقى چۆچەك كەپقالدى. قوتۇر ئېشەك تاسادىپىي ھالدا بوياقچىنىڭ كۆلچىكىگە چۈشۈپ كېتىپ رەڭگارەڭ بويىلىپ قاپتۇ ۋە ئۆزىنى كۆرەڭ مەغرۇرلۇق بىلەن ‹تاۋۇس ئەللەيىن› دەپ ئاتىۋاپتۇ. ئۇ بەلكىم قېنىغا، جېنىغا سىڭمىگەن، تەبىئىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتمىگەن سۈنئىي ھالنىڭ بىر مەھەللىك كۆز بوياشچىلىقتىن باشقىغا يارىمايدىغىنىنى بىلمىسە كېرەك. ئۇ يامغۇرنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. بوياق ـ بېزەك بىلەن بويالغان ۋال ـ ۋال رەپتى ئارقىلىق غال ـ قوتۇر ئەپتىنى يوشۇرۇپ ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالداپتۇ. ئۆزىنىڭ نەقەدەر بىچارە يېغىر گەدەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى گۆزەللىكتە، ھۆسن ـ قامەتتە، تۇرق ـ سالاپەتتە تەڭداشسىز دەپ تەمەننا قويۇپ ھەممىنى ئىستائەتكە چاقىرىپتۇ. ئۇ بىچارە ئەسلىي قىياپىتىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالسا خەقنىڭ لەنەت ـ نەپرىتىگە، ھەرجايدا ئۇر ـ ئۇرغا قالىدىغىنىنى ئەستىن چىقىرىپ قويغان بولسا كېرەك. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ نادانلىق، ئەخمەقلىق قىپتۇ...

بىر چاغدا ئېسىمگە كەلسەم خىرىلداپ كۈلۈۋېتىپتىمەن.

ـ مۇئەللىم، نېمە بولدى؟ ـ دەپ بىرى پېشىمنى سىلكىگەندىلا ئۆزۈمگە كەلدىم. قارىسام، يېڭى كەلگەن ئىككى ـ ئۈچ ياش مۇئەللىم كۆرۈشكىلى قول تەڭلەپ تۇرۇپتۇ.

ـ لاي پەشتاقتا ئولتۇرۇۋېلىپ ئاسمانغا قاراپ كۈلگىلى تۇرۇپلىيا مۇئەللىم، ـ دېدى بىرى گەپدانلىق قىلىپ.

ـ كۈلگۈم كېلىپ شۇ، ـ دېدىم دۇدۇقلاپ.

ـ ئېلىشىپ قالمىغانلا ـ ھە؟ ـ دېدى يەنە بىرى، ـ مۇدىر ئەتىگەندىن بىرى سىلىنى: سارالڭ ئوغرى، قىلغۇلۇقنى قىلدى، خەپ، مەكتەپكىمۇ كېلە، مائاش دەپ بويىنىنى ئىشخانىغا سوزار، دەپ ساقلىنى يۇڭداپ ھېچ ھالى قالمىدى.

ـ ئېلىشسامۇ ئېلىشىدىغان چاغ بولدى، ـ دېدىم غودۇڭشىپ، ـ خىزمەت، پۇل دەپ ئېلىشىپ قالمىساملا ياخشى بولاتتى.

ئورنۇمدىن قوپتۇم ـ يۇ، بېشىم قېيىپ يەنە ئولتۇرۇۋالدىم. بىنالار لەيلەپ، مەكتەپ باش ـ ئايىغى يوق ئالۋۇندا قالغاندەك ئېگىز ـ پەس كۆرۈنۈپ كەتتى. نەدىندۇر مۇدىرنىڭ ئالچاڭلاپ ماڭا قاراپ كېلىۋاتقىنىنى تەستە ئىلغا قىلالىدىم. ئۇنىڭ بىلەن راسا تۇتىشىدىغاندەك قىلىمىز. مەيلىلا، تۇتۇشمايمۇ بولمىدى. ئەمما خىيالىم يەنىلا ئاشۇ قوتۇر ئېشەكتە ئىدى. ئۇ مۇنداقلا ياغقان سىم ـ سىم يامغۇردىمۇ ئەپتى ـ بەشىرىسى ئېچىلىپ رەسۋا بوپتۇ. ئەمدى قارىسام مۇدىر ئىچى كاۋاك ئىسكىلىتتەكلا يالىڭاچ كۆرۈنۈپ كەتتى. مۇئەللىملەر بىر نېمىلەرنى دەپ كوتۇلدىشىدۇ. بەلكىم راستتىنلا ئېلىشىپ قالغان بولسام كېرەك. ئەمما ئېلىشىپ قېلىشتىن بۇرۇن يا بۇ ئىشلارنىڭ ئىلمىي، ئىلمىي ئەمەسلىكىنى ياكى مېنىڭ قالايمىقان خىياللىرىمنىڭ ئاساسى بار ـ يوقلۇقىنى ئېنىقلىۋېلىشىم كېرەك ئىدى».

---

ئاپتور: ئوقۇتقۇچى (M1)



# پاتمەنىڭ كۆڭلى

(ھېكايە)

ياسىنجان سادىق چوغلان

مومای راستىنلا قاتتىق رەنجىپ قالغانىدى. ئۇ قوشنىلىرىدىنمۇ، مەھەللىنىڭ دوقمۇشىغا ئېچىۋالغان كۆكتات يايمىسىغا كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان چۆپقەت ـ خېرىدارلىرىدىنمۇ، يېقىندىن بېرى يېنىغا كۆكتات يايمىسى يېيىپ تىجارىتىگە ھەمشېرىك بولۇۋالغان ئاقسېرىق چوكاندىنمۇ ئەمەس، دەل نەۋرە قىزىدىن رەنجىپ قالغانىدى.

شۇنداق. شۇنچە ئۇزاق يىلدىن بېرى گاھى 10 ـ 15 يىلدا، گاھى بەش ـ ئالتە ئايدا يېڭىلىنىپ قالىدىغان كونا ـ يېڭى قوشنىلىرىدىن ئۇ ھەقىقەتەن رازى. ئۇلار مومايىنى ئۆز مومىسىدەك، ئانىسىدەك كۆرۈپ ھۆرمەتلەپ، كۆڭلىنى ئىزدەپ كەلدى. كۈندە دېگۈدەك سۇنۇلۇپ تۇرىدىغان ئوخشىتىپ ئېتىلگەن بىر چىنىدىن قوشنا ھەققىنى مومای يەپمۇ يەپ بولالمايدۇ. «ھېچ بولمىسا نۆۋەت بويىچە ئاش سۇنۇڭلار بالىلىرىم، ھەممىڭلار تەڭ تاماق ئەكىرسەڭلار يەپ بولالمايدىكەنمەن. شۇنداق ئوخشىغان تاماقلارنى يېمەي قويۇپ قويسام بۇزۇلۇپ قالىدىكەن. تاماق بۇزۇلۇپ قالسا يامان بولىدۇ...» دەيدۇ مومای ئاش كۆتۈرۈپ كىرگەن قىز ـ جۇۋانلارنىڭ مەڭزىنى يىقىپ تۇرۇپ. مومايمۇ نۆۋىتىدە چىنىلەرنى قۇرۇق قايتۇرمايدۇ. «سىلەر سۇنغان تاماقلارنى يەپ ماڭا تاماق ئېتىشكە پۇرسەت كەلمەيدىكەن. ئاز بولسىمۇ قازىنىڭلارنى قويۇلدۇرارسىلەر...» دەيدۇ مومای بىر باش پىياز، ئىككى تال مۇچ، ئۈچ تال شوخلا، پېدىگەن... سېلىنغان چىنىنى قوشنىلارغا سۇنۇپ تۇرۇپ. «رەھمەت، بەكمۇ جۇۋاپلا» دەيدۇ قىز ـ جۇۋانلار ئېھتىرام بىلەن چىنىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ مومايغا. «چىنىنى شۇنداق ئەكىرىپ بەرسىلىمۇ بولاتتى. كۆكتات لازىم بولسا دۇكانلىرىدىن ئالاتتۇق ئەمەسمۇ» دەي دېسە، غۇرۇرى كۈچلۈك مومايىنىڭ رەنجىپ قېلىشىدىن، مېنى تۇل خوتۇن، نامرات كۆردى دەپ كۆڭلى ئازار يەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ.

چۆپقەتلىرى، خېرىدارلىرى بولسا مومايىنىڭ كۆڭلىنى بەكمۇ ئىزدەيدۇ. ئالغان كۆكتاتلارغا ھەرگىز باھا تالاشمايدۇ. مومايغا سودا قىلىپ بېرىش ئۈچۈن يالغۇز بۇ مەھەللىدىكىلەرلا ئەمەس، باشقا مەھەللىدىكىلەرمۇ مەھەللىلىرىدىكى كۆكتات دۇكانلىرىنى تاشلاپ ئالاھىتەن كېلىپ مومايدىن كۆكتات سېتىۋالىدۇ. «بىزنىڭ مەھەللىدىكى

كۆكتاتلار قىممەت. سىلى كۆكتاتلارنى بەك خىللاپ ئەكىلىڭلا. يۇيمايلا توغراپ قازانغا سالغىدەك پاكىز تۇتىلا. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلىنىڭ كۆكتاتلىرى يېڭى، تەملىك، تاماق بەك ئوخشايدۇ...» دەيدۇ ئۇلار ئەتەي مومايغا سودا قىلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى يوشۇرۇپ. شۇڭىمۇ موماينىڭ ھەر كۈنى ئەتىگىنى توپ تارقىتىش بازىرىدىن ئەكەلگەن كۆكتاتلىرى شۇ كۈنىلا سېتىلىپ تۈگەيدۇ. ئالغان كۆكتاتلىرىم سېتىلماي ئېشىپ قالارمىكىن، سولىشىپ، سارغىيىپ، بۇزۇلۇپ قالارمىكىن، دەپ ۋايىم يېمەيدۇ. باھانىمۇ ئۇرە قويۇۋالمايدۇ. جىڭدىمۇ ئېغىر تارتىپ بېرىدۇ. گاھى بۇيرىغان چۆپچەتلىرى ئۈچۈن كۆكتاتلارنى ئاقلاپ، يۇيۇپ قازانغا سالغۇدەك قىلىپ ئايرىم تەييارلاپ قويىدۇ.

بىر كۈنى ئەتىگىنى يايمىسىنىڭ يېنىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئاقسېرىق كۆكتاتچى چوكاننى كۆرگەندە موماي دەسلەپ بىر قىسملا بوپقالدى. يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدە سودىسىدىن قىزغانغاندەك تۇيغۇلار پەيدا بولدى. لېكىن چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ چوكانغا: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم خېنىم قىزىم»، دەپ سالام بەردى. مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ كۆرۈشۈش ئۈچۈن چوكاننىڭ ئالدىغا پايپاسلاپ كەلدى. لېكىن ئۇ چوكان ئاغزىغا كەمپۈت سېلىۋالغاندەك مومايغا سۇسلا نەزەر تاشلىدى. «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېگەن گەپنىمۇ قىلمىدى. ئولتۇرغان جايىدا بىر ئاز قىمىرلاپ قويدى. پەقەت، موماي كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئالدىغا كەلگەندىلا ئىلاجسىز ئورنىدىن تۇردى. مەڭزىنى تەڭلەپ كەلگەن مومايغا خۇشياقمىغاندەك قىلىپ بېشىنى زورىغا لىڭشىتىپ قويدى. شۇ دەقىقىدە موماينىڭ كۆز غازىڭىدەك تىترەپ تۇرغان نازۇك كۆڭلى جۇدۇن سوققاندەك ئازار يېدى. شۇ كۈنى موماي چۈشىن يەۋالغاندەك بىر كۈن بۇرۇقتۇرما بولدى. ئەتىسىمۇ چوكاننىڭ مۇئامىلىسى ئوخشاشلا سوغۇق بولدى. «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېمىدى. كۆرۈشۈش ئۈچۈن مەڭزىنى تەڭلىمەي يەنىلا بېشىنى زورىغا لىڭشىتىپ قويدى.

«نېمانچە قىلىدۇ. مەن قىزغانمىسام قىزغىنىپ كەتكىنىنى، توخۇسى بىلىندۇرمىسە چۈجىسى بىلىندۇرۇپتۇ، دەپ. كارۋاننىڭ يولى بىر، رىزقى باشقا دەپتىكەن. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ رىزقىنى يەيدۇ. مەنمۇ ھەم شۇ...»

لېكىن ئاقسېرىق چوكاننىڭ ئاچچىق يايمىسى موماينىڭ سودىسىغا قىلچىلىك تەسىر يەتكۈزەلمىدى. كۆنگەن چۆپچەتلەر كېلىپ ـ كېتىپ تۇرۇۋەردى. ھەتتا مومايدىن ئىلگىرىكىدىن بەكرەك ئەھۋال سوراپ تۇردى. چوكانمۇ قەدىر ئەھۋال سودا قىلىپ تۇردى. ئەمما سالام ـ سەھەتتە ئىلگىرىلەش بولمىدى.

موماي چوكاننىڭ ئىككى بالا بىلەن ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكىنىنى بىلگىنىدە تولىمۇ ئەپسۇسلاندى. بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق پاقلاندەك ئىككى ئوغۇل چوكاننىڭ ئەتراپىدا پىلتىڭلاپ يۈرەتتى. بالىلارنىڭ كىيىملىرى رەتسىز، مەينەت ئىدى. كەمپۈت، پاسلداق، چوكامۇز... دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ قەغىشىنى قىلاتتى. لېكىن چوكان ئۇ نەرسىلەرنى بالىلارغا ئېلىپ بېرەلمەيتتى. بالىلارنىڭ قەغىشىگە چىدىمىغان موماي ئۇلارغا بىرەر كويدىن پۇل تۇتقۇزۇپ قوياتتى. بۇنداق ۋاقىتتا

چوكان بۇ ئىشلار ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك لام ـ جىم دېمەيتتى. ئاقسېرىق چىرايىدا قىلچىلىك تەبەسسۇم پەيدا بولمايتتى. ئوخشاشلا تولۇق قاپاق ئىدى.

«ئەسلىدىمۇ ئايالچىلىق نازاكىتى يوق، يېقىمسىز، تولۇق پوقىقا ئوخشاش چوكاندەك قىلىدۇ. ئامالىنىڭ يوقىدىن كۆكتات يايمىسى ئاچقان گەپ. چىرايىنى بۇنداق غورا يېگەن تازدەك پۈرۈشتۈرۈۋالماي ئېچىلىپراق يۈرگەن، ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئىككى ئېغىز تاتلىق سۆز بىلەن ئىزدىگەن، بالىلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ياماپ يۇيۇپ، پاكىز باققان بولسا بەلكىم ئاجرىشىپمۇ ئولتۇرماس ئىدى. مەزلۇم خەق ئۈچۈن بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتۇپ ئولتۇرماق ئاسان ئەمەس. جاھان يامان بۇزۇلۇپ كەتتى. ئادەملەردە، بولۇپمۇ قىز ـ چوكانلاردا شەرم ـ ھايا، ئىنساپ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. خەقنىڭ ئېرىكەن، خوتۇنى، بالىسى باركەن دېمەيدىغان بوپكەتتى. ئۇدۇل قوشنىمىزمۇ كۈندە بىرەر ۋاق مەسچىتنى تاشلىمايدىغان ئىمانى بار يىگىت ئىدى. دوڭغاق جىگدىنىڭ شېخىدەك سالۋارتىۋالغان چېچىنى ساپسېرىق بوياۋالغان، جىنازىدەك ئورۇق قولتۇقىنى، مەيدىسىنى، يوتىسىنى ياپماي كىيىم كىيىپ يۈرىدىغان چوكاننى دەپ گۆلدەك قىزىنى يېتىم قىلىپ ئاجراشتى. بۇ ئىشتا يىگىتنىڭ ئەقلى چولتا كەپقالدى. بولمىسا ئاغىچىسى يۈزى تۆۋەن، ھايالىق، قولى ئىشلىق چوكان ئىدى. ئەر خەقنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ ـ تەۋپىق تىلەيمىز ـ يۇ، لېكىن ئۆزىمىزمۇ زىلراق بولمايمىز. ئەرگە تەگكەنگىلا ھېساب ئەمەس، ئەرنىڭ پېشىنى مەھكەم تۇتمىسا بىكار. مەنمۇ ياش ۋاقتىمدا تاس قالغان قاۋۇلاخۇننىڭ تالىقىغا كەتكىلى. ئىشقىلىپ ئاۋۋال خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگەنىكەن. قالغىنىغا ئۆيگە كىرىپ بولغۇچە ئالدىغا كۈلۈپ چىقىپ ھاردۇق سوراپ، كۆڭلى تارتقان ـ ئامراق تاماقلارنى ئېتىپ بېرىپ، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى كىر، گەدىنىنى توڭرا باستۇرماي، ئاچچىقى كەپقالسا جىم تۇرۇۋېلىپ، كۆڭلى خۇش ۋاقتىدا خاپا بولغان يەرلىرىمنى دەپ، پېشىگە مەھكەم ئېسىلغىنىمچە ئەر قىلىۋالغان، كۆڭلىنى بۆلۈندۇرمەي، تالاغا قارىغىلى قويمىغاندىم. دېگەنبىلەن غاز ـ غۇز ئاچچىقىنى، بىر قېتىم قوۋۇرغامنى سۇندۇرۇۋەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا كۆيۈملۈك، ئەركەكچىلىكى بار ئادەم ئىدى، رەھمەتلىك. ئەگەكىم ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي. خوتۇن كىشى ئەردە ياخشى، بولمىسا يەردە ياخشى دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. ئەر كىشى دېگەننىڭ پايتىمىسى ئۇن غۇلاچ يەردىن سۆرۈلۈپ كەلسىمۇ بەرىبىر ئەر كىشى. مەزلۇم كىشى ئۈچۈن تاغدەك يۆلەك. جاننىڭ، جاھاننىڭ خۇشلۇقى. ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق خۇيى بولىدۇ. بىر ئۆينى بىللە تۇتقان ئادەم بىلەن ۋارقىرىدى، دەشكۈشلىدى دەپ تەڭ تۇرغىلى بولمايدۇ. تەڭ تۇرسا دەشنام ئەمەس تاياق يەيدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا گۆلدەك ئۆيى بۇزۇلىدۇ. ئالتۇندەك بالا يېتىم بولىدۇ. شۇڭىمۇ بالامنى چېچمايدۇ دېمەڭ، ئېرىمنى ئۇرمايدۇ دېمەڭ، دېيىمىز ئەمەسمۇ. ھەقلەپ، نىكاھلاپ ئالغان ئەرگە ئۇنداق چىرايىمىزدىن مۇز ياغدۇرۇپ تۇتۇلۇۋالغۇلۇق، خۇيلىنىۋالغۇلۇق ئەمەس. ئالدىغا كۈلۈپ چىققۇلۇق. قۇچىقىغا نازلىنىپ كىرگۈلۈك. كۈلسە ھەر

قانداق سەت ئادەممۇ ئۆز كۆرۈنىدۇ. خەقنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرگىلى بولىدۇ. نازلانسا تېخىمۇ ئامراق بوپكېتىدۇ. ساڭا لازىمى مۇشۇمىدى، دەپ دەسمايىنى دۆگىدەك چىقىرىپ بېرىپ تۇرغۇلۇق ئەمەس. ئۇنداق قىلساق كۈلگەنلەر، نازلانغانلار كۆڭلىنى ئوغرىلىۋالىدۇ. ئۆزىگە قاردىتىۋالىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا مىڭ تەستە تۇتقان ئۆي ئاشۇنداق بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. تۇل قالىمىز. ئايال كىشى ئۈچۈن تۇللۇق دوزاخ ئازابىدىن يامان. خۇدايىم ساقلىسۇن تۇللۇقتىن...»

موماي ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تۇللۇقتا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى ئېسىگە ئالسا ئېغىر خۇرسىناتتى. ھەئە، ئۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدا ئەرمۇ چىققان. لېكىن تەگمىدى. ياش 50 تىن ئاشقاندا ئەرگە تېگىپ نېمە قىلاي. خەلقئالەم ئالدىدا سەت تۇرىدۇ، قىزىم ئىزا تارتىدۇ، دەپ ئويلاپ رەت قىلدى. لېكىن كېيىنچە تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئەرگە تەگمىگىنىگە پۇشايمانمۇ قىلدى. «ھېچ بولمىسا تەرىتىمگە سۇ ئىسسىتىپ بەرگەن بولسام ساۋاب بولاتتى. مەنمۇ بۇ تۆت تامنىڭ ئىچىدە ھۇقۇشتەك يالغۇز ئولتۇرمايتتىم. قېرىغاندا مۇڭداشمۇ لازىمتى ئەمەسمۇ...»

ھەئە، موماي پەقەت نەۋرە قىزىدىنلا رەنجىپ قالغانىدى.

موماي يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغاندا قورساق كۆتۈرگەن، پەقەت بىرىنلا تۇغقانىدى. بەكمۇ ئەپسۇسكى، ھاياتىدىكى بىردىنبىر كۆڭۈل خۇشلۇقى بولغان قىزى تۇنجى تۇغۇتىدىلا قازا قىلىپ كەتتى. موماي قىزىنىڭ يالدامسى بولغان نەۋرە قىزىنى دوختۇرخانىدىن ئەتلىمە گۆش پېتى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ قوينىغا سولاپ باقتى. ئۇزاق ئۆتمەي كۈيئوغلى ئۆيلەندى. قېينانىسىنىمۇ، قىزىنىمۇ ئەكەتمەكچى بولۇۋېدى، نېمە ئۈچۈندۇر موماي قىزىنىڭ تۇتقان ئۆيىدە، ياتقان ئورنىدا يات بىر ئايالنىڭ تۇرغىنىنى كۆرۈشنى خالىمىدى. شۇنداقلا، ئەمدىلا گۆگراشقا باشلىغان نەۋرە قىزىدىنمۇ ئايرىلىشنى خالىمىدى. «ياخشى كۆڭۈللىرىڭگە رەھمەت، بالام. كېلىن خېنىم تۇغماي تۇرۇپ بالا بېقىشنى خالاپ كەتمەس ھەقچان. تۇغمىغان ئادەمگە بالا بېقىش، يەنە كېلىپ پوقلۇق زاكىسىدىن ئايرىلمىغان بوۋاقنى بېقىش تەس كېلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى نەۋرە قىزىم ئايىغى چىققۇچە مېنىڭ قېشىمدا تۇرسۇن. سېغىنسىلا كۆرۈپ، يوقلاپ كېتەلا. خۇدا خالىسا ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرىمەن» دېدى موماي كۈيئوغلىنىڭ تەلىپىنى سىلىقلا رەت قىلىپ.

كۈيئوغۇل بىرەر يىلغىچە قىزىنى يوقلاپ تۇردى. كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئايىغى سۇيۇلدى. ھەتتا ئايدا ئەمەس يېرىم يىلدىمۇ قىزىنى يوقلاپ كەلمەس بولدى. موماي بۇنىڭ سەۋەبىنى تېزلا بىلىپ قالدى. يېڭى كېلىن پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەنىكەن. كۈيئوغلى ئاشۇ بالىسىنى بېقىش بىلەن ھەلەك ئىكەن. موماي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىر نەچچە كۈن بىر قىسمىلا بوپقالدى. نەۋرە قىزىنى باغرىغا بېسىپ ئولتۇرۇپ ئۇزاق خىيال سۇردى. كېيىن تاپقان ـ تۈگكىنىدىن ئۆز ھالىغا تۇشلۇق داستىخان تەييارلاپ كېلىنچەكنى يوقلاپ كەلگەن بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن كۈيئوغلىنىڭ ئۆيىگە ئىككىنچىلەپ ئاياغ ئىزى قىلمىدى. كۈيئوغلىمۇ قىزىنى ئۇنتۇپلا كەتكەنىدى. موماي مەھەللە دوقمۇشىدىكى كۆكتات يايمىسىغا تايىنىپ نەۋرە قىزىنى باقتى. باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتتى. ھەرقانچە قىينالسىمۇ، تەڭلىك تارتىسىمۇ كۈيئوغلىنى ئىزدىمىدى. قولۇم ـ قوشنىلار، ئېپى ـ مەھەللىلەر مومايغا قوشنىدارچىلىقنى، مېھىر ـ شەپقەتنى قانغۇچە يەتكۈزدى. شۇنىڭ ئۈچۈن موماينىڭ كۆڭلى توق ئىدى. ھەرقانچە قىلسىمۇ نەۋرە قىزىنى يېلىڭ ـ يوپۇڭ قويمىدى. قۇربىنىڭ يېتىشىچە يېڭى ـ يېڭى كىيىندۈردى. ئەتلەس، تاۋار، شايى ۋە ئاللىقانداق رەختلەردە تىكتۈرۈپ بەرگەن چىرايلىق كۆڭلەكلىنى، گىلەم، مارجان دوپپىسىنى كىيىپ، ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى بەللىرىدە لەپىلدەتكىنىچە غەمسىز ئويناپ يۈرگەن نەۋرە قىزىغا ھەر قېتىم قارىغاندا موماينىڭ ۋۇجۇدى ئېرىپ قالاتتى. يۈرىكىدە تۈرلۈك ـ تۈرلۈك ئارزۇ ـ ئارمان چېچەك ئاچاتتى. خۇدادىن ئۆزىگە مۇشۇ نەۋرە قىزىنى ياتلىق قىلىۋالغۇچىلىك ئۆمۈر بېرىشىنى تىلەيتتى. «كۆڭلەك، دوپپا، چاچ قىز بالىنىڭ زىننىتى، يارىشىقى» دەيتتى موماي ھەر دائىم نەۋرە قىزىنى كىيىندۈرۈپ، چاچلىرىنى يۇيۇپ، تاراپ، ئۇششاق ئۆرۈپ ئولتۇرۇپ. كېيىن نەۋرە قىزىغا ئۈرۈمچىدىكى قايسىبىر ئالىي مەكتەپتىن چاقىرىق كەلدى. موماي كۆكتات سېتىپ يۈرۈپ ئاز ـ ئازدىن تېجەپ يىغىپ، چىشىنىڭ كاۋىكىغا سېلىپ ساقلىغان پۇل بىلەن ئىككى يېنىغا قاراپ قالمايلا نەۋرە قىزىنى ئوقۇشقا ئەۋەتتى. مانا بۇ يىل نەۋرە قىزى ئۈچىنچى يىللىق ئوقۇش مەۋسۇمىنى تاماملاپ تەتىل قىلىپ كەلگەنىدى. يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن ئوقۇشى پۈتەتتى. مۇشۇ ئۈچ يىلدا موماي نەۋرىسىنى قىسىندۇرماي ئوقۇتۇش ئۈچۈن كۆكتات يايمىسىنى بىر كۈنمۇ ئاچماي قويمىدى. ساقسىز بوپقالغان ۋاقىتلىرىدىمۇ، تومۇزنىڭ ئىسسىقىدىمۇ، زىمىستاننىڭ سوغۇقىدىمۇ دوقمۇشتىكى ئاشۇ كۆكتات يايمىسىدا مەزمۇت ئولتۇردى. خۇددى كۆكتات يايمىسىنىڭ تۆۋىدىكى ئاشۇ قېرى چىناردەك. موماينىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلىدىغان قولۇم ـ قوشنىلىرى، مەھەللىداشلىرى ۋە قوشنا مەھەللىدىكىلەر موماينىڭ كۆكتات يايمىسىغا ھەسەل ھەرىسىدەك كېلىپ تۇردى. چۆپقەتلەر كۈندىن ـ كۈنگە ئاۋۇدى. سودىسىغا بەرىكەت ياغدۇرۇپ بەردى. موماينىڭ شۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلى پۈتۈن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوشۇق ـ ئارتۇق غېمى يوق ئىدى. رەنجىش ـ خاپىلىقلار ئۇنىڭغا ئاسانلىقچە يېقىن يولىمايتتى. پەقەت ۋۇجۇدىنى نەۋرە قىزىغا بولغان سېغىنىش، ئاللىقانداق ئەندىشىلىك ئوي ـ خىياللار ئۆرتەيتتى. غەمگە مۇپتىلا قىلاتتى. غېمى يوق كىم بار بۇ جاھاندا؟

موماي بۇ قېتىم تەتىل قىلىپ يانغان نەۋرىسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. تىلى كالۋالىشىپ خېلى ئۇزاق ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. ئاجىز، نىمجان ۋۇجۇدى نومۇس گۈلخانلىرىدا ئاچچىق ـ ئاچچىق ئۆرتەندى. ھەئە، ئالدىدا ھىجىيىپ تۇرغان نەۋرە قىزى كېچە ـ كۈندۈز سېغىندۇرۇپ تۇرغان نەۋرە قىزىغا ئوخشىماي قالغانىدى. خۇددى نەۋرە قىزىنىڭ سىياقىدا ئالدىدا بىر ئالۋاستى پەيدا بوپقالغاندەك.

موماي بىر يىلدىن بېرى سېغىنغان، يولىغا تەلمۈرگەن، بىر كۆرۈشنى زارىقىپ كۈتكەن سۆيۈملۈك نەۋرە قىزىنى باغرىغا بېسىشنى

ئۈنتۈپ چۆچۈش، ھودۇقۇش، نومۇس ئىلكىدە گۇنسىز كۆزلىرىنى نەۋرە قىزىغا قايتا تىكتى. مومايىنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرىدىغان، پەخىرلەندۈرىدىغان تېقىمدا سويلاپ تۇرىدىغان ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلار كېسىلگەن. ئۇنىڭ ئورنىدا ئالۋاستىنىڭ چېچىدەك قىپقىزىل بويالغان بىر تۇتام چاچ سەت سالۋاراپ تۇراتتى. موماي بەكمۇ ئەتىۋار بىلىدىغان گىلەم دوپپا يوقالغان. غۇچچىدە چېچەك ئاچقان ئەتىرگۇل شېخىنى ئەسلىتىدىغان ئەتلەس كۆڭلەكنىڭ ئورنىغا كۆكرەك، قولتۇقلىرى ئوچۇق كوپتا، يوتىسىنى ئاران يېپىپ تۇرىدىغان تار يوپكا ئالماشقانىدى. مانا مۇشۇلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا قاش ـ كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، بوتىلاق كۆزلۈك، ناجىدەك بۇرنى بار، گۆرۈچتەك ئاپئاق چىشلىرى ھەر دائىم تەبەسسۇم يېغىپ تۇرىدىغان چىرايلىق لەۋلىرى ئارىسىدىن ماراپ تۇرىدىغان، كەپتەر تۇخۇمىدەك ئىگىكى يۈز كېپتىگە تولىمۇ ياراشقان، ئاق قۇ بويۇن، غۇنچە بوي نەۋرە قىزى ئالدىدا قاراپ تۇراتتى. ئەمما شۇ تاپتا مومايغا نەۋرىسى بىھايالىق بىلەن قىپيالىڭاچ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى. موماي ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارىدى. يولدا كىشىلەر خىرامان كېتىپ باراتتى. ئاقسېرىق چوكان خۇددى تاغدەك غەمنىڭ ئاستىدا قالغاندەك ئۇلارغا قاراشقا ھەپىلىسى يوق شۈمشىيىپ ئولتۇراتتى. موماي نېمىنىدۇر ئىزدەپ يايمىسىغا قارىدى. ھەر كۈنى ئەتىگىنى سوغۇقتىن دالدىلىنىش ئۈچۈن كىيىۋالىدىغان پىلاتنى بۈگۈن نېمىشقىدۇر كىيىۋېلىشنى ئۇنتۇغانىدى. ئىست، ئەتىگەن ئۈچىسىغا ئارتىۋالغان بولسا شۇ تاپتا نەۋرە قىزىغا كىيدۈرۈپ قويماسمىدى؟ موماي يايمىسىنىمۇ، ئالقاندەك چوڭلۇقتىكى غەللە ساندۇقىنىمۇ ئۇنتۇپ نەۋرە قىزىنىڭ قولىدىن قوپاللىق بىلەن تارتتى:

ـ ئىلدام بولسىلا قىزىم، ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى.

مومىسىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى، يوچۇن قىلىقىدىن ھاڭ ـ تاڭ قالغان قىز كۆڭلى ئازار يېگەندەك بولۇپ، سالپايغان ھالدا مومىسىغا ئەگەشتى. يايما بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىلىقىدىكى بارى ـ يوق مىڭ قەدەم يول مومايغا خۇددى مىڭ يىللىق مۇساپىدەك ئۇزاق تۇيۇلدى. خەجىللىقتىن بېشىنى كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىغا تىقىۋېلىشقا ئۇرۇناتتى. ئادەتتىكە يات ھالدا يوغان ـ يوغان قەدەم ئالاتتى. ھېلىمۇ ياخشى ئىشىك ئالدىغا كەلگۈچە قولۇم ـ قوشنىلار ئۇچراپ قالمىدى. ئىلگىرىكى تەتىللەردە قايتىپ كەلگەن نەۋرىسىنى موماي ئۆيىگە ئەكىرىپ كېتىشكە ئالدىرىمايتتى. قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ نەۋرە قىزىنى چوڭ ئانا، ھاما، خانئاچا، ھەدە ـ سىڭىللىرىگە، چوڭ دادا، تاغا، ئاكا، ئىنىلىرىگە سالام بەرگۈزەتتى. كۆزىدىن نۇر، ئاغزىدىن گۈل، چېھرىدىن كۈلكە تۆكۈلەتتى.

نىھايەت، موماي ئىشىك ئالدىغا ئاخىر يېتىپ كەلدى. قۇلۇپنى ئالدىراپ ئېچىپ، نەۋرە قىزىنى گەجگىسىدىن ئىتتىرىپ دېگۈدەك ئىشىكتىن كىرگۈزدى ـ دە، ئالدىراپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋالدى. ئاندىن قوشنىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، لىچىكىنىڭ بىر ئۇچىنى چىشلىگىنىچە بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

ئۆزىدىن نېمە سەۋەنلىك ئۆتكەنلىكىنى بىلمىگەن قىز تامدەك تاتارغىنىچە قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالغانىدى. كۆڭلىگە ھەرخىل مۇدھىش ئەندىشە سايە تاشلىدى.

ـ بىر ئىش بولدىمۇ، موما، نېمىگە بۇنچىۋالا يىغلايلا؟ ـ سورىدى قىز تەستە زۇۋانغا كېلىپ.

موماي ھىققىلاپ ـ ھىققىلاپ يىغىسىنى توختاتتى. نەۋرە قىزىغا ئەيىبلەش، رەنجىش نەزەرى بىلەن قارىدى. شۇ ياشقا كىرگىچە مومىسىنىڭ قاپاق تۈرگىنىنى كۆرۈپ باقمىغان قىز ھودۇقتى، تەمتىرىدى.

ـ دەرھال ئۈچىلىرىدىكى ئاۋۇ نەرسىلەرنى سېلىپ كۆڭلەك ئالماشتۇرۇۋالسىلا.

مومايىنىڭ سۆزى بەكمۇ تەئەددىلىك ئىدى. تۈرقىدىن نەۋرە قىزىنى ئەيىبلەشتىن، تىللاشتىن ھەتتا ئۇرۇپ سېلىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالغاندەك قىلاتتى.

قىز دەرھال قازناققا كىرىپ، كىيىم يۆتكەپ چىقتى. لېكىن يۆتكەگەن كىيىمى يەنىلا مومايىنىڭ كۆزىگە سىغمىدى.

قىز پادىچىلار شىمى بىلەن كوپتا كىيىۋالغانىدى.

ـ نېمە بۇ، قارىسىلا تۈرقىلىرىغا، خۇددى قۇيرۇقى يوق سوكال تەخەيدەك، ـ دېدى موماي تېخىمۇ بەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ـ مەن سىلىنى كۆڭلەك ئالماشتۇرۇپ چىقسىلا، دېدىم.

قىزغا مومىسىنىڭ بۇيرۇقى ئەمدى ياقمىدى. لېكىن ئەزەلدىن راييش ـ ئەدەبلىك چوڭ بولغان قىز قارشىلىششقا پېتىنالمىدى. يەنە قازناق ئۆيگە مەجبۇرىي قەدەم باستى.

ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپ چىققان قىزنى كۆرۈپ مومايىنىڭ چىرايىغا ۋىللىدە كۈلكە يۈگۈردى. ئەمما قىزنىڭ چىرايى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

ـ ھە، ئەمدى مېنىڭ نەۋرە قىزىمغا ئوخشىدىلا مانا، ـ دېدى موماي، ـ دوپپىلىرىنىمۇ تېپىپ كىيىۋالسىلا، قىزىم. بىر چىرايلىق چاچلىرىنى كېسىپ نېمىگە ئوخشىتىپ قويغانلا ئۆزلىرىنى. ئىست چاچ، ئىست چاچ...

ئىچى سېرىلىپ كەتكەن موماي كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغىنىچە بېرىپ نەۋرە قىزىنى باغرىغا باستى. پېشانىسىدىن يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيدى ۋە توختىماي پىچىرلىدى:

ـ خۇدايىم كۆڭۈللىرىگە ئىنساپ بەرسە، قىزىم...

موماي نەۋرە قىزىنى قېنىپ ـ قېنىپ پۇرۇۋالغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز بىر ئىش يادىغا كەلگەندەك قىزىغا قاراپ كەسكىن بۇيرۇق قىلدى:

ـ ھېلىقى سېلىۋەتكەن كىيىملىرىنى ئاچىقسىلا!

مومىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىگەن قىز قازناققا كىرىپ كوپتىسى بىلەن يوپكىسىنى ئاچىقتى.

ـ مۇشۇنداق كىيىملەردىن يەنە بارمۇ؟ ـ سورىدى موماي قىزىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ.

ـ مۇشۇلام، بۇياققا ماڭغاندا سېتىۋالغان.

موماي كىيىملەرنى ئوچاققا تاشلاپ، سەرەڭگە ياقتى. كوپتا لاپپىدە ئوت ئالدى.

ـ نېمە قىلغانلىرى بۇ، موما؟ ـ بوشلا ۋارقىرىۋەتتى قىز ئىچى

سىرىلگەن ھالدا.

— كۆيدۈرۈۋاتىمەن، — دېدى موماي خاتىرجەملىك بىلەن، — سىلى بۇنداق كىيىمنى كىيسىلە بولمايدۇ، قىزىم. قىز بالا دېگەن بەدىنىنى ئوچۇق قويسا يامان بولىدۇ. ئايال كىشىنىڭ بەدىنىنى كۆن كۆرسە جاھاننى پاسقىلىق قاپلاپ كېتىدۇ.

مومىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن قىز لام — جىم دېمىدى. ئەمما چىرايلىق كۆزلىرىدە نارازىلىق بالقىيتتى. چېھرىدىن تازا قايىل بولـمىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ھېلىقى ئۇچىيدەك تار كاناپ ئىشتاننىمۇ ئاچقىسلا.

قىز دىككىدە چۆچۈپ مومىسىنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتەملا؟

— ھەئە، كۆيدۈرىمەن، — كەسكىن جاۋاب بەردى موماي.

— خوش بولاي، ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتمىسىلە، موما، — دېدى قىز يىلىنغان ھالدا، — سىلى ئۇرۇمچىنىڭ ھاۋاسىنى بىلمەيلا، مۇشۇنداق ئىشتان كىيمىسە ئادەم توڭۇپ قالىدۇ.

قىزنىڭ كۆزىدە مۆللىدە ياش ئەگىدى.

مومايىنىڭ بىردىنلا ئىچى ئاغرىپ قالدى. لېكىن يەنىلا نىيىتىدىن يانمىدى.

— مەن ئاچقىمىنىمۇ ياكى سىلى ئاچقىپ بېرەملا؟

قىز ئىلاجىسىز ئىشتاننىمۇ ئاچقىتى.

— يەنە بارمۇ؟ — سورىدى موماي.

قىز تومشۇقىنى ئۇشلىدى:

— مۇشۇ بىرلا، مېنىڭ نەدىمۇ ئۇنداق جىق كىيىم ئالغۇدەك پۇلۇم بولسۇن.

— خۇدايىم كىيگىلى نېسىپ قىلسا پۇل دېگەن بولىدۇ، — دېدى موماي ئىشتاننىمۇ ئوتقا تاشلاپ تۇرۇپ، — بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىگىننى ئېپ كىيمىسىلە، ناۋادا ئىشتان ئالماقچى بولسىلا كەڭراقىنى ئېلىپ كىيەلا.

قىز لام — جىم دېمىدى. كۆزلىرى ئوچاقتا تۇتىشىپ كۆيۈۋاتقان كىـيىملىرىدە ئىدى.

قىلغان ئىشىدىن قانائەت ھاسىل قىلغان موماي نەۋرىسىگە ئىچـكۆيەرلىك بىلەن قارىدى.

— كۆڭۈللىرى قانداق غىزانى تارتىدۇ، قىزىم؟

— تاماق يىگۈم يوق، — دېدى قىز باتناپ.

«خاپا بولغاندەك قىلغان بىلەن بىردەمدىن كېيىن ئۇخشلىپ قالىدۇ. تېخى بالا ئەمەسمۇ. خۇدايىم بۇيرىسا ئەتە بازارغا ئاچقىپ ئاشۇ كىيىملەرنىڭ ئورنىغا يارىشىملىق كىيىم ئېلىپ بېرىمەن...»

موماي خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ نەۋرىسىگە قارىدى.

— سىلى بىر دەم ئارام ئېلىۋالسىلا، مەن چىقىپ يايمىنى يىغىشتۇرۇپ كىرىپ سىلىگە بىر پىيالە ھاردۇق ئېشى ئېتىپ بېرەي.

موماي نەۋرىسىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا سىرتقا ماڭدى. قۇلۇم — قوشنىلارنىڭ ئىشكىنى قېقىپ نەۋرە قىزنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى دېـگۈسى كەلدى — يۇ، شۇ ھامان نەۋرىسىنىڭ كېسىپ بوياپ پاخپايتە-ۋالغان كالتا چاچلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ بۇ نىيىتىدىن يالتايدى.

«ئۇنىڭ ئاشۇ چاچلىرىنى كۆرسە قوشنىلار نېمە دەيدۇ. ئاغزىدا ئېچىپ بىر نېمە دېمىگەن بىلەن كۆڭلىدە زاغۇ تۇتار ھەقچان. نېمىشقىمۇ ئەقىلسىزلىك قىلىپ چېچىنى كەسكەندۇ، بۇ قىز بالا. قىز بالا چېچىنى كەسسە بەختىمۇ تەڭ كېسىلىپ كېتەتتى ئەمەسمۇ؟ ئىست، ئىست... خەير بوپتۇ، تۇجۇپىلەپ پەرۋىش قىلسا بىر — ئىككى يىلدا يەنە ئۆرۈمگە كەپقالار. ئورنىغا چاچ سېلىپ قويۇشنىڭ ئورنى يوق — تە. بۇگۈن — ئەتىگىچە ئوبدان مېھمانلىۋاي، ئاندىن راۋرۇس بىر نەسىھەت قىلمىسام تاپتىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ. ئاھ، خۇدا، ئاشۇ ئاجىز قىزىمنىڭ كۆڭلىگە ئۆزۈڭ ئىنساپ بېرەرسەن، يامان كۆزدىن، مايماق يولدىن ساقلارسەن...»

نەۋرە قىزى مومىسىنىڭ چاچتەك كېسىپ ئەتكەن ھاردۇق ئېشىنى باتنىغاندەك قىلىپ ئىككى قوشۇق ئىچىپلا بولدى قىلدى. بېشىم ئاغرىپ كەتتى دەپ چۈمكىنىپ يېتىۋالدى. ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا موماي بىلەن نەۋرىسىنىڭ پارىڭى نەچچە كۈنگىچە تۈگىمەيتتى. موماي ئۆزى زورلاپ گەپ باشلىدى:

— ئۆزۈن چاچ، دوپپا، كۆڭلەك دېگەن قىز بالىنىڭ زىننىتى، يارىشقى، قىزىم. بۇلارنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق خاسىيىتى بار. ئاتا — ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ شۇڭا بۇ نەرسىلەرنى ئۇلۇغلاپ كەلگەن. مەن سىلىگە بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي: بۇرۇنقى زاماندا قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر دەيدىغان بىر ئاچ كۆز، زالىم پادىشاھ بولغانىكەن. ئۇ نۇرغۇن سەركەردە — لەشكىرىنى باشلاپ يۇرتىمىزنى بۇلاڭ — تالاڭ قىلغىلى كەپتۇ. بىزنىڭ يۇرتىمىزنىڭ پادىشاھى بەكمۇ دانىشمەن، ئـادىل پادىشاھ ئىكەن. ئۇ ئەل — يۇرتنى بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزۇ ئۈچۈن سەركەردە — لەشكەرلىرى بىلەن شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىـپ قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ جەڭ قىلىپتۇ. جەڭ شۇنداق دەھشەتلىك بوپتۇكى، 40 كېچە — كۈندۈزگىچە داۋاملىشىپتۇ. قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر پادىشاھنىڭ سەركەردە — لەشكەرلىرىنىڭ ھەددى — ھېسابى يوق ئىكەن. ئاخىر بىزنىڭ سەركەردە — لەشكەرلىرىمىز باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ پۈتۈنلەي قەرىلىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يۇرتتىكى بارلىق ئەركەكلەر قوللىرىغا پالتا — پىچاق، تاياق — توقماقلارنى ئېلىپ قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئېلىشىپ دۈشمەننى بىر قەدەممۇ ئالدىغا ماڭغۇزماپتۇ. ئاخىردا ئۇلارمۇ قىرىلىپ تۈگەپتۇ. ئەمما قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر پادىشاھنىڭمۇ نۇرغۇنلىغان لەشكىرىنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. تالاي لەشكىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ياۋۇز قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر پادىشاھ: «مەن مۇشۇ چاغقىچە ھېچقانداق بىر يۇرتتا بۇنداق قاتتىق قارشىلىققا، بۇنداق ھەددى — ھېسابسىز تالاپەتكە ئۇچرىمىغانىدىم. بۇ يۇرتنىڭ خەلقى بەك يامانكەن. ئۇلارغا ئېسىدىن مەڭگۈ چىقمىغۇدەك ئىبرەت قىلىپ قويمىسام كېيىنچە بېشىمغا بالا بولغۇدەك...» دەپتۇ — دە، لەشكەرلىرىگە: شەھەرگە كىرىپ ئەركەك زاتىلا بولسا — مەيلى زاكـدىكى بوۋاق، مەيلى ھاسىدىكى بوۋاي بولۇشىدىن قەتئىيـنەزەر

تولۇق قىلىچتىن ئۆتكۈزۈڭلار، دەپ پەرمان بېرىپتۇ. بۇ چاغدا شەھەردىكى قورال تۇتالىغۇدەك ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى باسقۇنچىلار بىلەن جەڭ قىلىپ قىرىلىپ كېتىپ شەھەردە پەقەت 12 ـ 13 ياشتىن تۆۋەن ئوغۇل بالىلار بىلەن 70 ـ 80 ياشلىق بوۋايلارلا قالغانىكەن. قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەرنىڭ ۋەھشىي لەشكەرلىرى شەھەرگە كەلگۈندەك باستۇرۇپ كىرىپ ئالدىغا ئۇچرىغانلا ئەركەك زاتىنى ئۆلتۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئاجىز ئاياللار بولسا ئۇلارنى توسۇشقا پېتىنالماپتۇ. شەھەردە بۇۋى پاتمە ئىسىملىك بىر تۇل ئايال بار ئىكەن. بويى زىيادە ئېگىز بولۇپ، ئۇ كىيگەن بىر كۆڭلەكلىك رەختتە باشقا ئاياللارغا ئىككى كۆڭلەك چىقار ئىكەنمىش. كىچىك ئوغۇل بالىلارنىڭ دۈشمەن قولىدا ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بۇۋى پاتمە ئانا ئاخىر بىر ئامالنى ئويلاپ تېپىپتۇ. ئۇ قانداق ئامالكەن دېمەملا، قىزىم. بۇۋى پاتمە ئانا ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ قولۇم ـ قوشنىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن توققۇز بالىنى تېپىپتۇ. بالىلارنىڭ چوڭى 13 ياشتا، كىچىكى تېخى ئەمچەكتە ئىكەن. بۇۋى پاتمە ئانا بالىلارنى ئىككى پۇتىنى قۇچاقلىتىپ چۆرگىلىتىپ تىزىپتۇ ـ دە، ئايىغى يەر سىيىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن ئەتلەس كۆڭلىكىنى كىيىپ مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئۆرە تۇرۇۋاپتۇ. قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەرنىڭ ۋەھشىي لەشكەرلىرى ئۇنىڭ ھويلىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئوغۇل بالا ئىزدەپتۇ. بۇۋى پاتمە ئانىدىن سورىغانىكەن، «مەن بىر تۇل خوتۇن، ھېچكىمىم يوق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. لەشكەرلەر ئۇنىڭ كۆڭلىكى ئىچىگە يوشۇرۇۋالغان ئوغۇل بالىلارنى پەقەتلا سېزەلمەپتۇ. ئانىلارنىڭ كارامىتى بىلەن ئەمچەكتىكى بالا ئىڭەلمەپتۇ. چوڭ بالىلار مىدىرلىماپتۇ. شۇنداق قىلىپ پۈتكۈل شەھەر بويىچە پەقەت بۇۋى پاتمە ئانىمىز كۆڭلىكىگە يوشۇرۇۋالغان توققۇز ئوغۇل بالا ھايات قاپتۇ. كېيىن بۇۋى پاتمە ئانىمىز ئاشۇ توققۇز ئوغۇلنى بېقىپ، قاتارغا قوشۇپ خوتۇن ئېلىپ بېرىپ ئۆيلەپ قويۇپتۇ. بىز ئەنە ئاشۇ بۇۋى پاتمە ئانىمىز كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە يوشۇرۇپ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان توققۇز ئوغۇلنىڭ ئەۋلادىكەنمىز. بۇۋى پاتمە ئانىمىز ئاشۇ خاسىيەتلىك كۆڭلىكىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كىيىپتۇ. كىرلەشسە كېچىسى يۇيۇپ، كۈندۈزى كىيىۋالىدىكەن. يىرتىلسا ياماىدىكەن. ئۇرۇش ئاپىتىدە تۇرمۇش بىر مەزگىل قىيىنچىلىقتا ئۆتكەنىكەن. شۇ سەۋەبتىن ھەتتا كۆڭلىكىنى ياماىدىغانغىمۇ ياماقلىق تاپالماي ئەنجۈرنىڭ يوپۇرمىقىدا ياماپ كىيگەنىكەن. چۈنكى كۆڭلىكىنىڭ يىرتىقىدىن بەدىنى كۆرۈنۈپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيدىكەن. كېيىن كىشىلەر بۇۋى پاتمە ئانىمىزنىڭ ئاشۇ خاسىيەتلىك كۆڭلىكىنى ئۇنتۇلۇپ قالماسلىق، قىز بالا ۋاقىللىرىمىزنىڭ كۆڭلەكىنىڭ خاسىيىتىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلىشى ئۈچۈن مۇنداق قوشاق توقۇشۇپتۇ:

پاتمە ئانامنىڭ كۆڭلەكى،
يەتمىش يەردە ياماقى.
ياماي دېسە ياماق يوق،
ئەنجۈرنىڭ ياپراقىدا
ياماپ كىيگەن پاتمە ئانام.

پاتمە ئانامنىڭ كۆڭلەكى
توققۇز ئوغۇلغا باشپاناھ،
يۇرت ـ قوۋمغا غەمخانا.
يېڭى كۆڭلەك كىيەلمەي
ئەنجۈرنىڭ ياپراقىدا
ياماپ كىيگەن پاتمە ئانام.
...

ـ ئاڭلاۋاتامدىڭلا قىزىم. كۆڭلەك دېگەن ئەنە ئاشۇنداق خاسىيەتلىك. قىز بالىۋاقىمىز كۆڭلەكتىن ئايرىلىپ قالسا بۇۋى پاتمە ئانىمىزنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ، يۇرت ـ قوۋمغا ئاپەت يۈزلىنىدۇ. مەزلۇم كىشى بەدىنىنى ئوچۇق قويۇپ كوچىغا چىقسا پاسقىلىق يامراپ كېتىدۇ...


قىز ئۇخلىغان بولۇپ بېشىنى چۈمكەپ ياتاتتى. موماي سۆزلەۋاتقان ھېكايىسىنىڭ نەۋرە قىزىغا تەسىر قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى ئالقىرالمايتتى. شۇنداقتىمۇ يەنە دوپپىنىڭ، ئۇزۇن چاچنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە، دوپپا كىيگەن، ئۇزۇن چاچ قويغان ئاياللارنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ھېكايە باشلايتتى. موماي بەكمۇ ئۈمىدۋار ئىدى. ئۇ بۇ ھېكايىلەرنى قىزىغا چوقۇم ئاڭلىتالايدىغانلىقىغا، قىزىنىڭ ھەتتا قىزىنىڭ قىزلىرىمۇ دوپپا ـ كۆڭلەك كىيىپ، ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلارنى قويۇپ ياشايدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنەتتى.

ھەئە، نەۋرە قىزى بىر نەچچە كۈن باتناپ يۈردى. مومايىنىڭ نەسىھەتلىرى، ھېكايىلىرى تەسىرىنى كۆرسەتتىمۇ قانداق، سىرتقا چىقسا كۆڭلەك، دوپپا كىيىۋالدى. نېمە ئۈچۈندۇر شۇ كۈنلەردە موماي تولىمۇ غەمكىن بوپقالغانىدى. ئاللىكىملەردىن رەنجىپ قالغاندەك دەردلىك ئاھ ئۇراتتى. كۆكتات يايمىسىدا ئولتۇرۇپ كۆڭلەك كىيمەي، قىسقا ـ تار يوپكا ياكى ئۇچەيدەك ئىشتانلارنى كىيىپ، چاچلىرىنى سالۋارتىۋېلىپ، يوتىلىرىنى، كىندىكىنى، كۆكرەك، قولتۇق، دۈمبىلىرىنى ئوچۇق قويۇپ ماڭغان قىز ـ چوكانلارغا يىرگىنىش بىلەن نەزەر تاشلايتتى. ئىختىيارسىز ھالدا ھېلىقى قوشاقنى ئۈنلۈك تەكرارلايتتى. گويا بۇۋى پاتمە ئانىمىزنىڭ كۆڭلىكىنىڭ خاسىيىتىنى پۈتكۈل شەھەرگە جاكارلىماقچى بولغاندەك.

پاتمە ئانامنىڭ كۆڭلەكى،
يەتمىش يەردە ياماقى.
توققۇز ئوغۇلغا باشپاناھ،
يۇرت ـ قوۋمغا غەمخانا.
ياماي دېسە ياماق يوق،
ئەنجۈرنىڭ ياپراقىدا
ياماپ كىيگەن پاتمە ئانام.
...

2006 ـ يىل ئاۋغۇست، ياركەند

ئاپتور: يەكەن دەريا باشقارمىسىنىڭ خادىمى ( M1 )



# ئاچچىق كۈلكىلەر

## پارچىلار

### تىلغا ئېلىنسا...

▲ نوبېل تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەرنىڭ ئالدى بىلەن ئويلايدىغىنى ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان غايەت زور تۆھپىسى بولماستىن، بەلكىم نوبېل مۇكاپاتى بولىدۇ.

▲ بىل گايتس تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەرنىڭ ئالدى بىلەن ئويلاي-دىغىنى ئۇنىڭ كومپيۇتېر ساھەسىدىكى شانلىق نەتىجىلىرى بولماس-تىن، بەلكى تۈگىمەس - پۈتمەس بايلىقى بولىدۇ.

---

«فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2005 - يىل 1 - سانىدىن.

*   *   *

▲ ئادەم ئىتنى چىشلىۋالسا يېڭىلىق بولىدۇ، ئادەم ئادەمنى چىشلىۋالسا تارىخ بولىدۇ.

- لى چىڭ

▲ ئەگەر بىر دۆلەتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى پەقەت بىر نەچچە

## «تىلىپارچاپىزانىس» دىكى پاراڭلار

كىنونىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىشى ۋە بىر نەچچە داڭلىق تەنھەرىكەتچىنىڭ چىقىشى بىلەنلا گەۋدىلەنسە، ئۇنداقتا بۇ پەقەت شۇ دۆلەت پۇقرالى-رىنىڭ روھىي جەھەتتە نەقەدەر ئاجىز ۋە گۆدەك ئىكەنلىكىنى چۈ-شەندۈرۈپ بېرىدۇ، خالاس.

- جى مۇ

▲ سىياسىيىنىڭ لوگىكىسى مۇنداق بولۇشى كېرەك: ئالدى بىلەن ھوقۇقنىڭ كۈچى ئارقىلىق ئەخلاقنى كونترول قىلىش، ئاندىن ئەخ-لاقنى دەستەك قىلىپ، ھوقۇق - مەنپەئەتنى تارتىۋېلىش.

▲ مەكتەپلەردە ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش خۇد-دى دۇنيادىكى بارلىق گۈلنى بىر خىل رەڭگە، بىر خىل شەكىلگە كەلتۈرمەكچى بولۇش ھەمدە بىرلا ۋاقىتتا ئېچىلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتەك بىمەنىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

---

«فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2005 - يىل 12 - سانىدىن.

يۇقىرىقى پارچىلارنىڭ تەرجىمانى: **توختىھاجى يۇنۇس**. تەرجە-مان: كونىشەھەر ناھىيە ئاۋات يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

### ئىبسىل پاراڭ

▲ ئەڭ مۇكەممەل مەھسۇلات ئېلاندا، ئەڭ مۇكەممەل ئادەم تەزىيە نۇتقىدا، ئەڭ مۇكەممەل مۇھەببەت ھېكايە - رومانلاردا، ئەڭ مۇكەممەل نىكاھ چۈشتە بولىدۇ.

## سودا دەۋرى

▲ راست ۋە يالغان بەزىدە بەئەينى بىر جۈپ قوشكېزەك ئاچا ـ سىڭىلغا ئوخشايدۇ، سىزنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنىڭىز ئاچىسى، ئەمرىڭىزگە ئالىدىغىنىڭىز سىڭلىسى بولۇپقېلىشى مۇمكىن.

ـ لياڭ شاۋشىڭ

«فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىل 7 ـ سانىدىن **ئوبۇلقاسىم ھۇسەيىن** تەرجىمىسى. تەرجىمان: قاراقاش ناھىيە پۇرچاقچى يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## مۇتەخەسسىس قىزىق لىنىيىسى

كەچتە رادىئو ئاڭلىسام، دەل ساغلاملىق ھەققىدە مەسلىھەت بېرىش پروگراممىسىغا توغرا كەپقاپتىمەن. مۇتەخەسسىس تېلېفون قوبۇل قىلىشقا باشلىدى.

بىمار A: «ۋەي، دوختۇر، سىلەرنىڭ دورىڭلارنى ئۈچ باسقۇچ ئىچكەندىن كېيىن خېلى ياخشى بوپقالدىم» دېدى. مۇتەخەسسىس قىزغىنلىق بىلەن: «تولا ئوبدان، سىزنى تەبرىكلەيمەن! بىراق، مەنچە بولسا يەنە ئۈچ باسقۇچ ئىچىڭ، كېسىلىڭىز قايتا قوزغالمايدۇ، ئۆزىڭىزگىمۇ پايدىسى كۆپ» دېدى. بىمار: «رەھمەت، دوختۇر» دەپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

بىمار B: «ۋەي، دوختۇر، دورىڭلارنى ئۈچ باسقۇچ ئىچكەندىم، ئانچە پايدا قىلمىدى، بۇ نېمە ئىش؟» دېۋىدى، مۇتەخەسسىس تەمكىنلىك بىلەن: «گەرچە ھازىرچە ئانچە پايدا قىلمىغان بىلەن، نېمىلا بولمىسۇن ئاز ـ تولا پايدا قىپتۇ. بۇ ھەرھالدا بەلگىلىك ئۈنۈمى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مېنىڭچە، ئاشقازىنىڭىز ئاجىز ئىكەن، ياخشى ھەزىم قىلالمىغاچقا، دورا ئۈنۈمىنى كۆرسىتەلمەپتۇ. يەنە ئۈچ باسقۇچ ئىچسىڭىز، چوقۇم ئوبدان پايدا قىلىدۇ» دېدى. بىمار: «ھە، ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن ـ دە. رەھمەت، دوختۇر. مەن ئەتىلا يەنە ئۈچ باسقۇچلۇق دورا سېتىۋالاي».

بىمار C: «دورىڭلارنى ئالتە باسقۇچ ئىچسەممۇ ھازىرغىچە ھېچقانداق پايدا قىلماي بەك جىلى بولدۇم. شۇڭا مەسلىھەت سوراي دەپ تېلېفون قىلىشىم» دېدى نارازى تەلەپپۇزدا. مۇتەخەسسىس: «قارىغاندا، ئاشقازىنىڭىز ئالدىنقى بىماردىنمۇ ئاجىز ئوخشايدۇ» دېدى. بىمار C : «نەچچە كۈن ئىلگىرى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە بېرىپ تەكشۈرتكەندىم، ئاشقازىنىڭىز ئىنتايىن ياخشى ئىكەن» دېدى. مۇتەخەسسىس يەنە: «قارىغاندا، سىز ياشىنىپ قالغان ئوخشايسىز. چۈنكى ياشانغانلارنىڭ ھەرقايسى ئەزاسىنىڭ ئىقتىدارى...» بىمار C مۇتەخەسسىسنىڭ گېپىنى بۆلۈپلا: «ياق، مەن ئەمدى 30 غا كىردىم، ئاۋازىم بومراق، خالاس» دېدى. مۇتەخەسسىس: «چاتاق دەل مۇشۇ يەردىكەن. 30 ياش ئەرلەرگە نىسبەتەن تازا قاملاشمىغان پەيت، تۇرمۇش غېمى كۆپ، خىزمەت بېسىمى ئېغىر، دورا ئۈنۈمىنى كۆرسىتىش ـ كۆرسىتەلمەسلىكى روھىي بېسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك...» بىمار C: «مەن ئايالىمغا ۋاكالىتەن مەسلىھەت سورىغان...» دەپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى. مۇتەخەسسىس ئەپسۇسلانغىنىچە: «ئاران ئۇلانغان تېلېفون يەنە ئۈزۈلۈپ كەتتىغۇ» دەپ قالدى.

خۇاڭ كودېڭ قەلەمدىكى بۇ فېلىيەتون ئەسلىي «پىكچىك كەچلىك گېزىتى»دىن خېيلوڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان «ھېكمەتلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىل ئاپرېل (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **ئەكبەر ئىلياس** تەرجىمىسى. تەرجىمان: گەنجياڭ كەسپلەر تېخنىكا ئىنستىتۇتى مىللەتلەر تەييارلىق سىنىپى 2005 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## شەھەرلىكلەرنىڭ تەنتۈرلۈكى

▲ ئىشىكتىن چىقىپلا تاكسىغا ئولتۇرىدۇ. لىفت بىلەن 7 ـ قەۋەتتىكى چېنىقىش ئۆيىگە كىرىپ، يۈگۈرتۈش ماشىنىسىدا قارا تەرگە چۆمۈلگىچە يۈگرەيدۇ.

▲ ئاخشىمى تورخانا، كارا OK، تانسخانىلاردا ئويناپ، ئەسنەپ ئېڭەكلىرى چۈشۈپ قالسىمۇ تۈن تەڭگىچە ئۇخلىمايدۇ. ياتقاندا ئۇخلىيالماي ئۇيقۇ دورىسى ئىچىدۇ.

▲ مەشۇقى ئۆز كومپيۇتېرىدا، ئايالى خەقنىڭ كومپيۇتېرىدا.

▲ ئاخشىمى ئۇخلاش كېيىمى كىيىپ ئۇخلايدۇ، سۈرەتخانىلاردا يالىڭاچ تويلۇق سۈرەتكە چۈشىدۇ.

▲ ئىشكاپتا توشقىچە ئېسىل كىتاب ساقلايدۇ، ھاراق سورۇنىدا بېزەپ ـ ئەپسانە گەپنىلا قىلىدۇ.

بۇ پارچە ئەسلىي «ياڭچېڭ كەچلىك گېزىتى»دىن «پارتىيە قۇرۇلۇشى مەجمۇئەسى» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىل 6 ـ سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **يۈسۈپجان مۇھەممەت تۇغيان** تەرجىمىسى. تەرجىمان: ج ك پ ئاۋات ناھىيىلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ خادىمى

## ئاتنىڭ تراگېدىيىسى

تۈلكە دائىم ئاتنى ھايۋاناتلار دۇنياسىدىكى ئەڭ تېز يۈگۈرىدىغان ھايۋان، دەپ ماختاپ ئۇچۇرىدىكەن. ئاتمۇ بۇ خىل ماختاشلاردىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، تۈلكىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىكەن.

بىر قېتىم بوبرا كىيىك ئېھتىياتسىزلىقتىن ئاتقا سوقۇلۇپ كېتىپتۇ. ئاتنىڭ بۇنىڭغا بەكمۇ ئاچچىقى كېلىپ، ئۇنى قوغلاپ تۇتۇۋېلىپ قاتتىق بىر تەنبىھ بېرىپ قويۇش قارارىغا كەپتۇ. ئەمما ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى قوغلاپ تۇتالماي ھايۋاناتلار ئارىسىدا يۈزى چۈشۈپ كېتىپتۇ.


بۇنى ئاڭلىغان تۈلكە ئاتنى ئىزدەپ كېلىپ:

ـ ئات ئاكا، سىز بۇ ئىشتا ئادەمنى ياردەمگە چاقىرىڭ. ئۇ سىزگە ياردەم قىلىپ ئۆچىڭىزنى ئېلىپ، نامىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىدۇ، ـ دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئات ئادەمنى تېپىپ ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپتۇ. ئەمما ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، ئادەم ئاتقا مىنمىسە ئۇنىڭغا ياردەم بېرەلمەيدىكەن، ئاتمۇ نائىلاج بۇ ئىشقا ماقۇل بوپتۇ.

دەرۋەقە، بوبرا كىيىك ئۇزاق ئۆتمەي ئاتلىق ئادەمنىڭ يائوقىدا ئۆلۈپتۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ بىزنىڭ ھازىر ئۇنى ئۇچرىتالماسلىقىمىزنىڭ سەۋەبى ئىكەن. شۇنداق قىلىپ ئاتمۇ ئۆز مەقسىتىگە يېتىپتۇ. ئەمما دەل شۇنىڭدىن باشلاپ ھايۋاناتلار دۇنياسىنىڭ ئەركىسى ھېسابلانغان ئات ئادەملەرنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ، ئۆز ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بوپتۇ.

گۈي جيەنشۇڭ قەلەمدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىل 1 ـ سانىغا بېسىلغان. **سۇلتان نىياز** تەرجىمىسى. تەرجىمان: كوچا ناھىيە چىمەن بازار ئۆگەن كەنتىدە، دېھقان(M1 )



# تىلسىزلارنىڭ سۆزلەشمىلىرى

(ئەبجەش يازمىلار)

**تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس**

▲بۆرگە ئىتتىن سوراپتۇ:

ـ ئىلگىرى پات ـ پات كۆرۈشۈپ قالاتتۇق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دىدارلىشالمىدۇق. نەلەردە يۈرۈيسەن، ئۆكجان؟

ئىت جاۋاب بېرىپ دەپتۇ:

ـ ئىلگىرى يوتقان ـ كۆرپە، ئىشتان ـ كۆڭلەكلەرنىڭ ئەسترىنى ماكان قىلغان چاغلىرىمىزدا پات ـ پات دىدار كۆرۈشۈپ تۇرغىنىمىز راست. ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىزمۇ ئادەملەرگە ئەگىشىپ مىسلىسىز تەرەققىي قىلىپ، ماكان ئالماشتۇردۇق. يەنى ئادەملەرنىڭ تېنىدىن روھىغا كۆچتۇق. بۇنىڭ بىلەن ھە دېسىلا تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلۈش خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ، خېلى خاتىرجەم بوپقالدۇق.

## تىلسىزلار نېمە دەيدۇ

▲بىر پاشا پاشىلارنىڭ ئاقساقىلىدىن سوراپتۇ:

ـ ئادەملەر يازغان بىر ماتېرىيالغا قارىسام، « پاشا دۇنيادىكى بىرىنچى قاتىل» دېيىلىپتۇ. بۇ راستمۇ؟

پاشىلارنىڭ ئاقساقىلى جاۋاب بېرىپ دەپتۇ:

ـ ئادەملەر بىز تارقاتقان بەزگەك كېسىلىدە ئۆلگەنلەرنى ھېسابلاپ شۇنداق دېگىنى بىلەن، ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان ئۇرۇش، خىروئىن، ئەيدىز دېگەندەك ئاپەتلەردە ئۆلگەنلەرنى ھېسابلاپ باقسا، دۇنيادىكى بىرىنچى قاتىلنىڭ ئادەملەرنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولاتتى.

▲بىر چۈمۈلە ئىككىنچى چۈمۈلىگە دەپتۇ:

ـ ئادەملەر بىزنى شەھەرلەردىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن قايتا بېرىپ باقمىدۇق، بۇرادەر. بۈگۈن ئىككىمىز بىر بېرىپ باقمايلىمۇ؟

ئىككىنچى چۈمۈلە جاۋاب بېرىپتۇ:

ـ ئاڭلىسام، ئادەملەر بىزنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن ئۆزلىرى چۈمۈلىگە ئايلىنىپ رېستوران، ئاشخانا، ماگىزىن، كوچا ـ كويلاردا

مۇزلىداپ يۈرگىنىدەك. بىزبارساقمۇ قونغىنىدەك جاي تاپالمىغۇدەكمىز، بۇرادەر.

▲ چايان بالىسى ئانىسىدىن سوراپتۇ:

ـ ئادەملەردىن قورقۇپ ئۇۋىمىزدىن چىقالمىغىنىمىزغا خېلى يىللار بوپقالدى، ئانا. قاچانمۇ ئۇۋىمىزدىن چىقىپ تاشقى دۇنيانى كۆرەرمىز؟

ئانا چايان جاۋاب بېرىپتۇ:

ـ ئىلگىرى ئادەملەر «زەھەرلىك» دەپ بىزدىن قورقاتتى، بالام. مانا ئەمدى ئادەملەرنىڭ تىلى شېكەر بولغىنى بىلەن، دىلى زەھەر ئامبىرىغا ئايلاندى. ھازىر بىز ئادەملەرنى چېقىۋالساقمۇ، ئۇنىڭدىكى زەھەر بىزنىڭكىدىن كۈچلۈك بولغاچقا، يەنىلا بىز ئۆلۈپ قالىمىز. شۇڭا ئۇۋىمىزدىن چىقمىغىنىمىز تۈزۈك.

▲ بالا قۇشقاچ ئانىسىدىن سوراپتۇ:

ـ مومامدىن ئاڭلىسام، ئىلگىرى قۇشقاچلار توپ ـ توپ بولۇپ ئۇچۇپ كېلىپ بىر دەرەخكە قونسا، بىر تال شاخمۇ ئاق قالمايدىكەنتۇق. مانا ئەمدى پۈتكۈل ئورماندا بىر نەچچىمىزلا قېلىپ، تولىمۇ غېرىبسىنىپ قالدۇق، ئانا. قاچانمۇ يەنە توپ ـ توپ بولۇپ ياشارمىز؟

ئانا قۇشقاچ جاۋاب بېرىپتۇ:

ـ بۇ، ئادەملەرگە باغلىق، بالام. ئەسلىدە بىز ئادەملەرنىڭ دوستى ئىدۇق. ئادەملەر تېرىغان زەل ـ زىرائەت، گۈل ـ گىياھلارغا قۇرت چۈشكۈدەك بولسا، دەرھال جەڭگە ئاتلىنىپ ئادەملەرگە ياردەم قىلاتتۇق. ئەمما ئادەملەر بىزنىڭ ياردىمىمىزگە سەل قاراپ، زىيانداش قۇرتلارنى يوقىتىشتا زەھەرلىك دورىلارغىلا تاياندى. بۇنىڭ بىلەن مۇھىت بۇلغىنىپ، جان ـ جانىۋارلارنىڭ نەسلى قۇرۇشقا يۈزلەندى. مانا ئەمدى ئادەملەرنىڭ ئۆزىمۇ بۇلغانغان مۇھىتتىن زەھەرلىنىپ راك دەپ ئاتىلىدىغان ساقايماس كېسەلگە ئاسانلا گىرىپتار بولىدىغان بولدى. ھەي ئىست! ئادەملەر ئۆزىگىمۇ قىلدى، بىزگىمۇ قىلدى.

▲ باچكا ئانا كەپتەردىن سوراپتۇ:

ـ ئادەملەر نېمە ئۈچۈن بىزنى تىنچلىق سىمۋولى قىلىپ تاللايدۇ، ئانا؟

ئانا كەپتەر جاۋاب بېرىپتۇ:

ـ چۈنكى بىز ئۆزىمىزدىن كۈچلۈك بولغان لاچىن ـ قارچىغىلارغا يەم بولساقمۇ، ئۆزىمىزدىن ئاجىز بولغان قۇشقاچ ـ تورغايلارنى ئەسلا بوزەك قىلمايمىز، بالام.

▲ چۈجە مېكىياندىن سوراپتۇ:

ـ ئانا، بىزنىڭمۇ باشقا قۇشلارغا ئوخشاش قانىتىمىز تۇرۇقلۇق، نېمىشقا ئۇلاردەك ئۇچالمايمىز؟

مېكىيان جاۋاب بېرىپتۇ:

ـ بۇ، ئادەملەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەت، بالام. ئادەملەر ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى تۇتۇۋېلىپ، ئەسىرلەپ كاتەكتىن چىقارمىغاچقا، قاناتنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ، ئاخىر ئۇچۇشقا ئەسقاتمايدىغان بوپقالغان.

▲ قوزا ئانىسىدىن سوراپتۇ:

ـ ئادەملەر ئەجەب ئوبدان ئىكەن ـ ھە، ئانا. ئۇلار ئۆزلىرى جاپا تارتسىمۇ ئوت ـ چۆپ، يەم ـ بوغۇزنى ئۆكسۈتمەي بىزنى باقىدىكەن.

ساغلىق جاۋاب بېرىپتۇ:

ـ ئادەملەرنىڭ بىزنى بېقىشىدىكى مەقسىتىنى كېيىن بىلىپ قالىسەن، نادان قوزام.

ـ ئەمىسە نېمىشقا ھازىر دەپ بەرمەيسەن؟

ـ سېنى ئازابلاشنى خالىمايمەن، قوزام. قۇربانلىق ئۈچۈن بېقىلىدىغىنىڭنى بىلىپ ياشىغىنىڭدىن كۆرە، بىلمەي ياشىساڭ، ئازابىڭ ئازراق بولىدۇ.

▲ تەخەي ئېشەكتىن سوراپتۇ:

ـ ئادەملەر بىزنى ھەمىشە: «دۆت ئېشەك» دەيدىكەن، ئانا. بىز راستىنلا دۆتمۇ؟

ئېشەك جاۋاب بېرىپتۇ:

ـ دەل ئۇنىڭ ئەكسى، بالام. بىز پۇتىمىز بىر قېتىم سېيىلىپ كەتكەن كۆۋرۈكنى مەڭگۈ ئەستە تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئۆتمەيمىز. بىراق ئادەملەر قانلىق ساۋاقلارنىمۇ بىردەمدە ئۇنتۇپ، بىرخىل خاتالىقنى تەكرار ـ تەكرار سادىر قىلىدۇ. بۇ گەپلەرنى يەنە ئادەملەرگە دەپ يۈرمە، بالام. چۈنكى ئادەملەر ئۆز خاتالىقىنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلمايدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ تېخىمۇ دۆتلىكى.

▲ موزاي ئىنەكتىن سوراپتۇ:

ـ ئادەملەر سېنىڭ ئۆز بالاڭ، مەن ئۆگەي بالاڭمۇ، ئانا؟

ئىنەك موزايدىن قايتۇرۇپ سوراپتۇ:

ـ بۇ نېمە دېگىنىڭ، بالام؟ قانداق بولۇپ بۇنداق خىيالغا كېپقالدىڭ؟

ـ قارىسام، ھەركۈنى سۈتىڭنىڭ كۆپ قىسمىنى ئادەملەرگە بېرىپ، ئازغىنا بىر قىسمىنى ماڭا بېرىدىكەنسەن. شۇنىڭغا قاراپ شۇنداق ئويلاپ قالدىم، ئانا.

ـ مېنىڭچە بولسىمۇ سۈتىمنىڭ ھەممىسىنى ساڭىلا بەرگۈم بار، بالام. لېكىن ئۇنداق قىلسام ئادەملەر مېنى ئۆلتۈرىدۇ، شۇ.

ـ مەنمۇ كىچىك، ئادەملەرگە تېخى كۈچۈم يەتمەيدۇ. بىراق دادام بىلەن ئىككىڭلار شۇنچە كۈچتۈڭگۈر، ئۇچلۇق مۈڭگۈزۈڭلار تۇرۇپ، ئادەملەردىن قورقىشىڭلار نېمىسى؟

ـ ئويلاشىڭمۇ توغرا ئويلاپسەن، بالام. بىراق مۈڭگۈز ئەسلىدە بىزنىڭ قوغدىنىش قورالىمىز بولسىمۇ، ئاتا ـ بوۋىمىز كۆندۈرۈلۈشكە باشلىغان چاغدىلا ئادەملەر دەل ئاشۇ مۈڭگۈزىمىزدىن باغلىۋالغانىكەن. مانا ئەمدى مۈڭگۈزىمىزنىڭ قوغداش رولى يوقاپ، بىز باغلىنىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالغاچقا، ھەممىمىز ئاشۇ مۈڭگۈز دېگەن نەرسىدىن بىزار بولىدىغان بوپقالدۇق.

▲ ياۋا غاز چۈجىسى ئانىسىدىن سوراپتۇ:

ـ ھەر يىلى كۈزدە ئىسسىق جايلارغا كۆچۈپ، باھاردا يەنە قايتىپ قىينىلىپ يۈرگىچە، بىزمۇ ئادەملەردىن ئۆگىنىپ ئۆي سېلىپ، مۇدھىش قىشنى شۇ ئىسسىق ئۆيدە ئۆتكۈزسەك بولمامدۇ، ئانا؟

ئانا غاز جاۋاب بېرىپتۇ:

ـ بىز بۇ خىل كۆچۈشنى دەل ئادەملەردىن ئۆگەنگەن، بالام. ئوخشىمايدىغان يېرى، بىز كۈزدە كۆچۈپ كەتكەن بىلەن، ئەتىيازدا يەنە قايتىپ كېلىمىز، مۇتلەقا پەقەت بۇزغۇنچىلىق قىلمايمىز. بىراق

دىققەت قىلساڭ، ئادەملەرنىڭ شۇ تاپتا يەر شارىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە كۆچۈپ، بايلىقلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ تۈگىتىپ، مۇھىتنى بۇلغاپ بولغاندىن كېيىن، مانا ئەمدى يەر شارىنى تاشلاپ، مارسقا كۆچۈشكە تەرەددۇت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، بالام.

▲بوتىلاق ئانىسىدىن سوراپتۇ:

ـ نېمە ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ قارىسىنى كۆرسەكلا قاچىمىز، ئانا؟

ئانا تۆگە (ھىڭگان) جاۋاب بېرىپتۇ:

ـ ئادەملەر بەكمۇ نامەرد كېلىدۇ، بالام. ئەسلىدە ئۇلار بىزگە رەھمەت ئېيتىشى، بىزنى ئاسرىشى لازىم ئىدى. چۈنكى ماشىنا، پويىز، ئايروپىلان دېگەندەك نەرسىلەر يوق چاغدا، بىز ئادەملەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكلىرىنى كۆتۈرۈپ، دۆلەت بىلەن دۆلەت، ھەتتا قىتئە بىلەن قىتئەلەرنى تۇتاشتۇرۇپ «چۆل كېمىسى» دېگەن چىرايلىق نامغا ئېرىشكەن. ئۇ چاغدىكى «چۆل كېمىسى» دېگەن بۇ نام، ھازىرقى «ئالەم كېمىسى» دېگەنگە باراۋەر ئىدى. ئەمما ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئادەملەر ھەممىنى ئۇنتۇپ، بىزنى ئاسراش ئۇياقتا تۇرسۇن، كۆرگەنلا يېرىدە تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ يەيدىغان بولدى. نەسلىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بولسىمۇ ئادەملەرنىڭ كۆزىدىن يىراق تۇرمىساق بولمايدۇ، بالام.

▲بۆركۈت چۈجىسى ئانىسىدىن سوراپتۇ:

ـ سەن ئۇچۇپ كەتكىلى نە ۋاق، ئانا. يەنە ھېچ نەرسە تۇتالماي قۇرۇق قول قايتىپ كەپسەنغۇ؟

ئانا بۆركۈت جاۋاب بېرىپتۇ:

ـ ئادەملەر جانلىقلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇۋەتكىلى تۇردى، بالام. جانلىقلارنىلا ئەمەس، دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىپ، ئورمانلارنىمۇ قۇرۇتۇۋېتەي دېدى. يېشىللىق يوقاپ قاقاسلىققا ئايلىنىۋاتقان زېمىندا نە ئۇچار قۇش، نە كىيىك ـ توشقانلار كۆرۈنمەيدۇ.

ـ بىرەر چاشقان بولسىمۇ مەيلىتى، ئانا. قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى.

ـ يەنە بىر ئاز چىدىغىن، بالام. يىراقتا بىر ئۇۋچى كېلىۋاتىدۇ. ناۋادا ئۇۋ تاپالماي ئاچلىقتىن ئۆلسە، شۇنىڭ گۆشىنى يەرمىز.

▲ئارسلان ئانا شىردىن سوراپتۇ:

ـ بىز پۈتكۈل ھايۋانات دۇنياسىنىڭ پادىشاھى تۇرۇقلۇق، ئادەمدىن نېمىشقا قورقۇپ قاچىمىز، ئانا؟

ئانا شىر جاۋاب بېرىپتۇ:

ـ سەن تېخى كىچىك بولغاچقا بىلمەيسەن، بالام. ئادەملەر بەكمۇ قۇۋ ـ ھىيلىگەر، نامەرد كېلىدۇ. ئۇلار تېخى بۇ خىل ھىيلە ـ مىكىرنى «ئەقىل ـ پاراسەت» دەپ ئاتاپ، ئۆزىنىڭ «ئەقىل ـ پاراسەتلىكى» دىن پەخىرلىنىدۇ. ناۋادا يەكمۇيەك ئېلىشساق ئادەملەر بىزگە تەڭ كېلەلمىگىنى بىلەن، ئۇلار ھىيلە ـ مىكىرگە تايىنىپ، ھەرخىل زامانىۋى قوراللار بىلەن بىزنى يىراقتىنلا ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. شۇڭا ئۇلاردىن يىراق تۇرمىساق نەسلىمىز قۇرۇيدۇ، بالام.

▲ئانا لەھەڭ بالىلىرىغا بۇيرۇق قىپتۇ:

ـ بالىلىرىم، ئادەملەر ئۆز ماكانى بولغان قۇرۇقلۇقنى بۇلغاپ بولۇپ، مانا ئەمدى بىز ياشايدىغان دېڭىز ـ ئوكيانلارنىمۇ بۇلغاشقا باشلىدى. بىز بۇ يەرنىڭ گىگانتلىرى تۇرۇپ كارىمىز بولمىسا، بالىلارنىڭ تېخىمۇ كارى بولمايدۇ. شۇڭا كەسكىن ئىنكاس قايتۇرۇشىمىز كېرەك. تەييار بولۇڭلار!

ـ مانا بىز تەييار، ئانا. بىراق قانداق ئىنكاس قايتۇرىمىز؟

ـ ھەممىمىز قىرغاققا چىقىپ قۇربان بولىمىز.

ـ نېمىشقا باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئىنكاس قايتۇرماي، قۇربان بولۇشنىلا تاللايمىز، ئانا؟

ـ بىز ئۈچۈن باشقا تاللاش يولى يوق، بالىلىرىم. قېنى ئۆزۈڭلار ئويلاپ بېقىڭلار: بىز نارازىلىق بىلدۈرسەك، ئادەملەر سۆزىمىزنى ئۇقامدۇ؟ ئۇققان تەقدىردىمۇ تەلىپىمىزگە ماقۇل بولامدۇ؟ تارىختىن بۇيان ئۇلار بىزنى مىڭلاپ ـ ئون مىڭلاپ ئۆلتۈرسە ھېچ گەپ يوق، لېكىن بىز بىرەر ئادەمنى يارىلاندۇرۇپ قويساق، «قاتىل لەھەڭ» دەپ ئاتىلىپ، يۈزلەپ ـ مىڭلاپ قىرىپ تاشلاشقا ئۇچراپ كەلدۇق. بۇ يەردە ھېچقانداق ئىنكاسسىز ياشساقمۇ، بۇلغىنىشتىن بەربىر ئۆلۈپ كېتىمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە قىرغاققا چىقىپ قۇربان بولۇپ، ئادەملەر ئارىسىدىكى ئاقىللارنى تەسىرلەندۈرەلىسەك، بەلكىم ئانا ماكانىمىزنىڭ بۇلغىنىشىنى توسۇپ قالارمىز. دېمەك، بىزگە بۇنىڭدىن باشقا تاللاش يولى يوق. قېنى ئەمسە، قىرغاققا قاراپ ئالغا!

▲بالا شەيتان ئانىسىدىن سوراپتۇ:

ـ نېمە بولدۇڭ، ئانا، بېشىڭنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ كېتىپسەن، مەجەزىڭ يوقمۇ؟

ئانا شەيتان جاۋاب بېرىپتۇ:

ـ ئالداش مۇسابىقىسىدە ئىنسانلارغا ئۇتتۇرۇپ قويدۇم، بالام. شۇنىڭغا ئۆكۈنۈۋاتىمەن.

ـ مەن ئىشەنمەيمەن. ئەلمىساقتىن بۇيان بىز ئىنسانلارنى ئالداپ، ئېزىقتۇرۇپ كېلىۋاتساق، سەن ئۇتتۇرۇپ قويغىدەك قانداق مۇسابىقە ئىكەن ئۇ؟

ـ ئالداشنىڭ يېڭى تۈرلىرى مۇسابىقىسى ئىدى، بالام. باشقا تۈرلەردە تەڭلەشكەن بولساممۇ، بىراق «ئۆز ـ ئۆزىنى ئالداش» تۈرىدە ئىنسانلاردىن يېڭىلىپ قالدىم.

ـ بۇ قانداق گەپ ئەمدى، ئالداشنىڭ شۇنداقمۇ تۈرى بارمىكەن تېخى؟

ـ ئىنسانلار يېقىندىن بۇيان شۇنداق بىر تۈرنى كەشپ قىلىپ، باشقىلارنى ئالداشتىن باشقا ئۆزىنى ئۆزى ئالداشقا باشلاپتۇ، بالام.

ـ ئەمىسە، چاتاق بوپتۇ. ئالداش قوش قەۋەتلىشىپ كەتسە، قىيامەتنىڭ قەدىمى تېزلىشىدۇ. ئىنسانلار ئۆزىگىمۇ قىپتۇ، بىزگىمۇ قىپتۇ...

2006 ـ يىل 25 ـ ئىيۇل، مەكىت

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيىلىك كۆنتۇرخانىنىڭ پېنسىيونېرى( M2 )

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت



# ئامېرىكىلىقلار نېمىشقا چوڭلارنى بىزدىنمۇ بەك ھۆرمەتلەيدۇ؟

گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى يۇگىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى ئىككىنچى يىللىقلاردىن ئايلىق ئەدەبىيات ئىمتىھانى ئالغان. ئىمتىھاندا «بېرىلىپ ئاڭلاش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش» تېمىسىدا ماقالە يېزىش تەلەپ قىلىنغان بولۇپ، بىر ئوقۇغۇچى ماقالىسىدە ھازىرقى مائارىپ تۈزۈمىنى قاتتىق تەنقىدلەپ، «بەتبەشىرە»، «ساختىپەز» دېگەندەك سۆزلەر ئارقىلىق بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنى تەسۋىرلىگەن. ھەتتا ماقالىسىنىڭ ئاخىرىنى جۇجېيلۇننىڭ «ئازابلىق نىدا» ناملىق ناخشىسىدىكى «قۇيرۇقنى شىپاڭلاتقان ئىت، دوست ئەمەسمىز ئىككىمىز ھەرگىز؛ ئىتىم بولۇپ شۇندىمۇ يەنە، ھەر قاچان سەن يېنىمدا شەكسىز» دېگەن مىسرالىرى بىلەن ئاياغلاشتۇرغان.

مەكتەپ بۇ ماقالىنى كۆپەيتىپ ھەر بىر ئوقۇتقۇچىغا تارقىتىپ بەرگەن. بۇ ئوقۇغۇچىنىمۇ ئەگەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەكتەپتىن چېكىنمىسە، ماقالىنى ئارخىپىغا سالىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغان. ئەمما بۇ ئىش ئاخبارات ۋاستىلىرىدا خەۋەر قىلىنىپ جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى قوزغىغاندىن كېيىن، مەكتەپ شۇ ھامان يەنە بۇ ئوقۇغۇچىنى مەكتەپتىن قوغلىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ قىسقىغىنە ماقالىسى، چوڭلار ۋە بالىلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى كۆز قارىشىمىزغا رەددىيە بېرىپ، مائارىپىمىزنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقىنى ئېچىپ تاشلىدى. شۇنداقلا ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى دەرس بولدى.

جۇڭگونىڭ ئەنئەنىسىدە، چوڭلار بالىلار ئالدىدا مۇتلەق نوپۇزغا ئىگە، بۇ خىل نوپۇز ھەتتا پۈتكۈل مائارىپقىچە سىڭىپ كىرىپ، ئىنتايىن زىددىيەتلىك بىر ھادىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. يەنى، مائارىپىمىز، مەدەنىيىتىمىز ۋە قىممەت قارىشىمىزدا چوڭلارنىڭ نوپۇزى، ھۆرمىتى ئەڭ ئېتىبارلىق ـ مۇھىم سانىلىدۇ. ئەمما رېئال تۇرمۇشتا چوڭلارنى ئەڭ ھۆرمەتلىمەيدىغانلار يەنىلا ياش ئەۋلادلاردۇر. ئامېرىكىدىكى بىر مەزگىللىك تۇرمۇشتىن كېيىن، بۇ ھەقتىكى تەسىراتىم تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى.

ئامېرىكىلىقلار كۆرۈنۈشتە چوڭلارغا بەك تەكەللۇپ قىلىپ كەتمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى چىن قەلبىدىن ھۆرمەتلەيدۇ. چوڭلارنىڭ نوپۇزىمۇ ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. بىر قېتىملىق ياپون ئەدەبىياتى دەرسىدە مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنى ھازىر شىركەتلەردىكى ياش خىزمەتچىلەرنىڭ ياشانغان خىزمەتچىلەرنى نېمىشقا بۇرۇنقىدەك ھۆرمەتلىمەيدىغانلىقىنى مۇلاھىزە قىلىشقا تەشكىللىدى. مەن بۇنى مىدىنىڭ «بوغۇنلار ئارا ھاڭ» نەزەرىيىسى بويىچە چۈشەندۈردۈم: ئىلگىرى جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىش رىتىمى ئاستا بولغاچقا، ياشلار ئادەتتە ئالدىنقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى تەكرارلاش ئاساسىدىلا ئىش كۆرەتتى.

## نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن

بىرەر ئىشقا دۇچ كەلسە، شۇ ئىشنى باشتىن كەچۈرۈپ باققان كىشىلەردىن مەسلىھەت سورايتتى. شۇڭا ياشانغانلار ئەلۋەتتە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە، جەمئىيەتنىڭ ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى كۈنسېرى تېزلەشمەكتە. بۇنداق ۋەزىيەتتە، ياشلار ئالدىنقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىگىلا ئېسىلىۋالسا بولمايدۇ. كەلگۈسى رىقابەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلار كومپيۇتېر تېخنىكىسى قاتارلىق تېخىمۇ كۆپ ماھارەتنى ئىگىلىگەن بولىدۇ، ھەتتا چوڭلارمۇ دائىم ئۇلاردىن كۆرسەتمە ئالغاچقا، ياشلار ئۇلار نېمە دېسە «ھە» دەپ ئولتۇرمايدۇ. ئويلىمىغان يەردىن، سۆزۈم ئاخىرلىشىشى بىلەنلا ئامېرىكىلىق ساۋاقداشلار تۇشمۇ - تۇشتىن ھۇجۇمغا ئۆتتى: سىزنىڭچە، ياشلىقىڭىز، ئازغىنە كومپيۇتېر بىلىمىڭىز چوڭلارنىڭ ئۆمۈربويى توپلىغان تەجرىبىلىرىنىڭ ئورنىنى باسالامدۇ؟ قەدىمكى زامان ئۇرۇشلىرىدا ياش ئەسكەرلەر ئەلۋەتتە قېرىلاردىن بەكرەك كارغا كېلەتتى، ئەمما ئۇلار ياشتا چوڭ ئەسكەرلەرنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە ھۆرمەتلىگەن؟

بېشىم ئايلىنىپ كەتتى. ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلەشكۈدەك ئاساسقۇ تېپىلاتتى. ھەيران قالغىنىم: ئەجەبا، بۇ ئامېرىكىمۇ؟ ئەدەبنى بىلمەيدىغان بۇ ئامېرىكىلىق شۇمتەكلەر بىردەمدە كۇڭزىنىڭ شاگىرتلىرىغا ئوخشاپ قالدىغۇ؟

يەنىمۇ تەپسىلىي كۆزىتىدىغان بولساق، ئامېرىكا مەدەنىيىتى ياشلىققا چوقۇنىدۇ. ئەمما ئامېرىكا ياشلىرى ھەمىشە چوڭلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىدۇ. كىشىلەر چاقچاق تەرىقىسىدە ئېيتىپ يۈرگىنىدەك، ئامېرىكا باللىرى تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا ئاتا - ئانىسىنى دۇنيادىكى «ئەڭ كالۋا كىشىلەر» دەپ بىلىدۇ. ئەمما ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈش مۇراسىمىدا، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەڭ دانىشمەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىردىنلا ھېس قىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئالدىنقىلار ئەقىل - پاراسىتىنىڭ شىرنىلىرىنى تەشنالىق بىلەن سۈمۈرۈشكە كىرىشىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، ئامېرىكىلىقلار تارىخىي خاتىرىلىرىدە ئۈزۈكچىلىك مەۋجۇد ئەمەس. چۈنكى ھەممەيلەن ئالدىنقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىگە ھۆرمەت قىلىدۇ ھەم ئەڭ قىممەتلىك ئەنئەنە سۈپىتىدە ئەتىۋارلاپ ساقلايدۇ.

جۇڭگودا دەل ئەكسىچە، ھەتتا ئەڭ يېقىنقى تارىخىي خاتىرىلەرمۇ ساقلانمىغان. ياشلار ئالدىنقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى نەزەرىگە ئېلىپمۇ قويمايدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تىلغا ئېلىنسا، ھازىرقى باللار ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. چوڭ - كىچىكلەرنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇشىدىن ئىبارەت «بىر مەيدان توقۇنۇش»تا، چوڭلارغا ئېيتىلىدىغان سۆز بىرلا: سەن قانچىلىك نېمە ئىدىڭ!

ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ باللىرىمىز چوڭلارغا بۇنچە ھۆرمەتسىزلىك قىلىدۇ؟ مەسىلە يەنىلا چوڭلارنىڭ ئۆزىدە. «نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن» دېگەندەك، بالىڭىزنى قانداق تەربىيىلىسىڭىز، بالىڭىزمۇ سىزگە شۇنداق جاۋاب قايتۇرىدۇ - دە.

بالا تەربىيىلەش داۋامىدا، بىز ئومۇمەن يەنىلا نوپۇز - ئىمتىيازىمىزغا تايىنىپ زوراۋانلىق قىلىمىز. تولۇق ئوتتۇرىدا ئارقامدىكى پارتىدا ئولتۇرىدىغان بىر ساۋاقدىشىم بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ. مەن دائىم ئۇنىڭ ئۇيەر - بۇ يېرىنىڭ كۆكىرىپ قالغانلىقىنى بايقايتتىم. سەۋەبىنى سورىسام، «دادام ئۇردى»دەپ جاۋاب بېرەتتى. كېيىن ئۇ ماڭا ھەمىشە دادىسى بىلەن مۇشتلىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. مەن ھېچ ئەقلىمگە سىغدۇرالماي، «بۇنداق قىلساڭ قانداق بولىدۇ» دېۋىدىم، ئۇنىڭ سۆزى شۇ بولدى:«ئاناڭنى، سەن نېمىنى بىلەتتىڭ! بۇ دېگەن مۇستەقىل ئۇرۇش قىلىش». دەرۋەقە، كېيىنچە دادىسى ئۇنى ئۇرۇشقا پېتىنالمايدىغان بوپتۇ. چۈنكى بىرقانچە قېتىملىق تۇتۇشۇشتىن كېيىن، ئۇنىڭغا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىغا دادىسىنىڭ كۆزى يەتكەنىكەن.

دەرۋەقە، بىز تەربىيە داۋامىدا ئومۇمەن مۇنداق بىر ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرىمىز: چوڭلار ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ ئەۋلادلارنى بويسۇندۇرىدۇ، ئەۋلادلار چوڭ بولۇپ ئىمتىيازلىق بولغاندا ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن «بىرگە بىر» جاۋاب قايتۇرىدۇ. نوپۇز - ئىمتىيازغا تايىنىپ كونترول قىلىدىغان بۇ خىل ئىدىيىنى ئۆزىمىز ئۇلارغا سىڭدۇرگەن تۇرۇقلۇق، باللار چوڭ بولۇپ بىزدىن قاۋۇل بوپكەتكەندىمۇ ئۇلاردىن ئۆزىمىزگە قارىتا ھۆرمەت كۈتۈشىمىز مۇۋاپىقمۇ؟


گۇاڭشىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ماقالىسى «بىز دوست ئەمەس»تىن ئىبارەت رېئاللىقنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى. بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزدە چوڭلار باللار بىلەن باراۋەر بولۇشنى، دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى خالىمايدۇ. چۈنكى بۇ چوڭلاردىن ئالاھىدە ئىمتىيازىدىن ۋاز كېچىشنى، ھەممە ئىشتا باللارنىڭ قايىللىقىنى ئاساس قىلىشنى تەلەپ قىلغاچقا، ئۇلار تۇرمۇشتا تولىمۇ بىئەپلىك ھېس قىلىدۇ. بىراق، شۇنىسى ئېنىقكى، ھوقۇق - ئىمتىيازغا تايىنىپ باللارنى تىزگىنلەش ۋاقىتلىق ئۈنۈم بەرگەندەك قىلسىمۇ، باللار چوڭ بولغاندىن كېيىن چوڭلار «ئۆزى تېرىغان بالا»نىڭ دەردىنى چوقۇم تارتىدۇ.

---

شۆيۈڭ قەلەمدىكى بۇ مۇلاھىزە «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2006 - يىل 6 - سانىغا بېسىلغان. **پاتىگۈل ئابدۇكېرىم** تەرجىمىسى. تەرجىمان: كونىشەھەر ناھىيە 4 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ خەنزۇ تىلى مۇئەللىمەسى (M2)

**«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى، ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت بويىچە ئۈرۈمچى «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ ۋە پارچە تارقىتىلىدۇ. كىتاب - ژۇرنال تىجارەتچىلىرى ۋە ژۇرنىلىمىزغا پوچتىدىن مۇشتەرى بولالمىغان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشنى سورايمىز.**

**كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر «غالىبىيەت» يولى 100 - نومۇر، ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 - 0991، ئالاقىلاشقۇچى: نۇرشاد ھاكىم**



# بالىلار ئويۇنلىرى نەگە كەتتى؟!

نەبىجان جۇمە

بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا ئوينىغان ئويۇنلار قېنىدۇ؟

«مۆكۈ - مۆكۈلەك»، «ھەربىي - دۈشمەن»، «ئاق تېرەك - كۆك تېرەك»، «قارا - قارا قۇشلارىم»، «ئۇدىكام»، «لىڭگىر تاق-تاق»، «ئۇچتى - ئۇچتى»، «ئاق تاش - كۆك تاش»، «پەن تار-تۇر»، «مېھماندارچىلىق»، «تەپكۈچ ئويناش»، «گاگار ئويناش»، «نۇر ئويناش»، «ساقا ئويناش»، «چامغۇر تارتىش»، «تال چې-ۋىقنى ئات قىلىپ ئويناش»، «ۋاللەي»، «قوغلاشماق»، «مۇز تېي-لىش»، «چانا ئويناش»، «ئاتلامچۇق»، «سالغا ياساپ قۇشقاچ سوقۇش»، «لەۋەي - لەۋەي»، «تاغقا چىقىش»، «مولـلاق ئې-تىش»، «چېلىشىش»، «قول قايرىشىش»، «سۇ ئۈزۈش»، «ئېشەك چاپتۇرۇش»، «لەگلەك ياساپ ئۇچۇرۇش»... بۇلار بۈگۈنكىدەك زامانىۋى دۇنيادا تەرەققىي قىلىۋاتقان دىيارىمىزدا يوقالغانمىدۇ؟ بۇنى بىلىپ بولمايدۇ. لېكىن بۇ سۆيۈملۈك - ئۇنتۇلماس ئويۇنلارنىڭ يو-

سادا

قىلىش گىردابىغا بېرىپ قېلىشىدا كەڭ ئاتا - ئانىلار ۋە جەمئىيەتنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار.

مانا بۈگۈن ئالتە ياشلىق ئادىل دوستلىرىنى تەشكىللەپ «چامغۇر تارتىش»، «ھەربىي - دۈشمەن»، «مۆكۈ - مۆكۈلەك» ئويناۋاتىدۇ. قايسىبىر ئانا بالىسىنى كىيىمىگىنى مەينەت قىلىۋېتىسەن، دەپ ئۇ-رۇپ - تىللىغىنىچە ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى. قالغان بالىلار ئويۇنلىرىنى «ھەربىي - دۈشمەن»گە يۆتكەپ بىر - بىرىگە بۇيرۇق سوقۇپ، راست «ھەربىي - دۈشمەن»لەرنى دوراۋاتاتتى. يەنە بىر نەچچە ئاتا - ئانا بالىلىرىنى يۈز - كۆزۈڭنى يارىلاندۇرۇۋالىسەن دەپ ئېلىپ كەتتى. قالغان ئازغىنە بالا دەرەخكە ئېسىلىپ ئويناۋاتاتتى، ئىشتىنىڭنى يىرتە-ۋېتىسەن دەپ ئاتا - ئانىلىرى قالغان بالىلارنىمۇ ئېلىپ كەتتى. ئەمدى بۇ يەردە پەقەت ئادىل ئۆزى يالغۇز قالدى. ئۇ تېڭىرقىدى، زېرىكتى، ئاخىر ئۇ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى - دە، تېلېۋىزوردىن «ھاماقەت كىچىك ئەۋلىيا»نى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ ھاماقەتلىشىپ قالدىمۇ قانداق، ئۈچ - تۆت كۈندىن بۇيان سىرتقىمۇ چىقمىدى. قالغان دوستلىرىمۇ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئۇرۇپ - تىللىشىدىن قورقۇپ ئۆيىدىن سىرتقا چىق-ماي «گەپ ئاڭلايدىغان ياخشى بالا» نامىغا ئېرىشتى.

قەدىرلىك ئاتا - ئانىلار، سۆيۈملۈك ئوقۇرمەنلەر ئويلاپ

بېقىڭلار؟ سىلەر باللىرىڭلارنى مەكتەپكە بەردىڭلار، ئوقۇتتۇڭلار،
چوڭ قىلدىڭلار، لېكىن ئۇلار مەكتەپتە ئوقۇشتىن باشقا، ئەنئەنىۋى ئۇ-
يۇنلىرىمىزنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزنى، تارىخىمىزنى بىلمىسە، بۇنىڭ
نېمە كېرىكى قالدى؟

سىلەر جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم تەربىيىلەپ بېرىمىز دەپ بالى-
لىرىڭلارنى ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئۆيگە سولاپ: تاپشۇرۇقىڭنى ئىشلە،
ئۆگىنىشىڭنى قىل، دەپ قويۇپ، ئۆزۈڭلار تۆگمەس قاتار چايلاردا،
مېھماندارچىلىقتا رېستورانمۇ رېستوران، تانسىخانىمۇ تانسىخانىدا
يۈرسەڭلار باللىرىڭلارنىڭ ئىچى پۇشماسمۇ؟ بەلكىم، ئىچى پۇشسا
تېلېۋىزور كۆرمەمدۇ؟ دېيىشىڭلار مۇمكىن. توغرا، تېلېۋىزور كۆرسە
بولىدۇ. لېكىن تېلېۋىزورلاردا ھازىر قانداق نەرسىلەرنى بېرىۋاتقانلى-
قىنى سىلەرمۇ ئوبدان بىلىسىلەر؟ باللىرىڭلار «ئەقىللىق يىشۇ»نى
كۆرۈپ ئەقىللىق بولالامدۇ؟ «خېيمەن»نى كۆتۈرۈپ خېيمەن بولا-
لامدۇ؟ ياكى بولمىسا كورىيىنىڭ «مەن سىزگە ئاشىق» كىنوسىنى
كۆرۈپ مۇھەببەتلىشەمدۇ؟ ياق، ياق! ئۇلارنىڭ ئەمدى چىدىغۇچىلى-
كى قالمىدى. ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇۋېرىشتىن زېرىكتى، ئىچى پۇشتى،
ئۇلار ھېلىقى ئويۇنلىرىنىمۇ ئوينىماس بولدى. ئۇلارنى ئاتا ـ ئانىلىرى
تىللىدى، ئۇردى؛ ئۇنداق مەينەت ئويۇننى ئوينىما، ئۇ بەڭباش ـ
ئەخلاقسىز باللارنىڭ قىلىقى، دېدى. ئەمدى باللار ئۇنداق ئويۇن-
لارنى ئوينىمايدۇ، ئۇلار ئەمدى چوڭ بولۇشقا باشلىدى. سىلەردىن
باغچىلار، كىتابخانىلارغا ئاپىرىشنىمۇ، ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ بېرىش-
نىمۇ ئۈمىد قىلمايدۇ. ئەمدى ئۇلار تېلېۋىزوردا كۆرگەن ئامېرىكا فى-
لىملىرىدىكى ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەركىنلىكىگە ئوخشاش ئەركىن-
لىك تەلەپ قىلىپ تورخانىلاردا، دىسكوخانىلاردا، تانسىخانىلاردا،
رېستورانلاردا زامانىۋى مۇزىكىلارنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى ئىچىدە
قىقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈشمەكتە. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان
ئۆسمۈرلەر ئەمدى بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئويۇنلارنى زادى بىلمەيدۇ.
ئۇلار بۇرۇن «مېنىڭ دادام سېنىڭ داداڭدىن يامان» دېسە، ئەمدى
«مېنىڭ دادام سېنىڭ داداڭدىن باي» دەيدىغان بولدى. ئەمدى ئۇلار
دادىسىدىن ئەپلەپ ـ سەپلەپ پۇل ئېلىپ ساۋاقداشلىرىغا كۆز ـ كۆز
قىلىدۇ. دادىسى پۇل بەرمىسە ئاپىسىدىن «مۇئەللىم كىتاب پۇلى ئە-
كېلىڭلار دېدى» دەپ يالغان ئېيتىپ ئېلىپ، دوستلىرىغا ئۆزىنى
كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇلارنى مېھمان قىلىدۇ.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر، سۆيۈملۈك ئاتا ـ ئانىلار: سىلەردىن با-
لىلارنىڭ بۇ قىلغىنى توغرىمۇ؟ دەپ سورىسام ئەلۋەتتە ـ دەرھال خاتا
دەپ جاۋاب بېرىسىلەر. مېنىڭچە، بۇ سوئالغا ئالدىرىماي، ئويلىنىپ
ئاندىن جاۋاب بېرىڭلار.

سىلەر باللىرىڭلارغا ئازراق ۋاقتىڭلارنى چىقىرىپ ئۇلارنىڭ دەرس
تەكرارلىشىغا ياردەم بېرىشتىن باشقا، ئەنئەنىۋى قائىدە ـ يوسۇنلارنى
ئۆگەتسەڭلار، شەنبە ـ يەكشەنبىدىكى ئارام ئېلىشلاردا بىر قېتىملىق
قاتار چايدىن كېچىپ ياكى كورىيە كىنولىرىنى كۆرۈشنى توختىتىپ ئۇ-
لارنى كىتابخانىلارغا ئاپىرىپ ئېسىل كىتابلارنى ئېلىپ بەرسەڭلار ياكى
باغچىلارغا ئاپىرىپ ئويناتساڭلار، ئاندىن ئۆيگە قايتقاندا ياخشى ئو-
قۇش توغرىسىدا رىغبەتلەندۈرسەڭلار شەنبە ـ يەكشەنبەڭلار تولىمۇ
مەنىلىك ئۆتكەن بولاتتى! ئەمما شەنبە ـ يەكشەنبەڭلارنىڭ قانداق ئۆ-
تۈۋاتقانلىقى ئۆزۈڭلەرگە بەش قولدەك ئايان!

بۈگۈن سىلەر بازار ئايلانغاچ كىتابخانىلارنى، رېستورانلارنى، دىس-
كو ـ تانسىخانىلارنى، تورخانىلارنى، قاۋاقخانىلارنى ساناپ بېقىڭلار.
قايسىسىدىن قايسىسى كۆپ، قايسىسى ئاز؟ قايسىلىرى پايدىلىق؟ قاي-
سىلىرى زىيانلىق؟ بۇنى دېمىسەكمۇ ئوبدان بىلىسىلەر. سىلەر باللى-
رىڭلارنى: «تاغقا چىقما، يىقىلىپ چۈشىسەن!»، «سۇ ئۈزمە، تۇنجۇقۇپ
قالىسەن!»، «ھەربىي ـ دۈشمەن ئوينىما، يارىلىنىپ قالىسەن!»، «ى-
چامغۇر تارتىش ئوينىما، كىيىمىڭنى يىرتىۋالىسەن!»، «چانا ئوينىما، مۇز
يېرىلىپ كېتىدۇ!»، «قەغەزلەرنى قالايمىقان يىرتىپ لەگلەك ياسىما،
ئۆينى مەينەت قىلىۋېتىسەن!» دەپ ئويۇندىن توستۇڭلار، ھەتتا ئۇلارنى
ئۇرۇپ ـ تىللىدىڭلار. ئەمدى ئۇلار نېمە ئوينايدۇ؟ دىسكوخانا ـ تور-
خانىلاردا ئوينايدۇ، ھاراق ـ تاماكىغا ئۆگىنىدۇ. ئەمدى ئۇلار قايسىدۇر
بىر قىزنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كويىدا. ئەمدى ئۇلارغا پۇل تاتلىق تېتى-
دىغان بوپقالدى. ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرىغا پۇل بولمىسا بولمايدۇ. سىلەر
بەرگەن ئىككى ـ تۆت پۇل ئۇلارنىڭ ئويۇنىغا دال بولمايدۇ.

مانا كۆرۈڭ، بۈگۈن كېچە بالىڭىز ئۆيگە كەلمىدى. ئىزدىسىڭىز
ساقچىخانىنىڭ سولاقخانىسىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان. ئۇ ئاخشام ئۆزى
ئوينىغان دىسكوخانىدا جېدەل تېرىدى. ئويۇنلىرىغا ياكى قايسىبىر
قىزنى مېھمان قىلىشقا پۇلى يەتمەي ئوغرىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئاپلا، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنى كىمدىن كۆرگۈلۈك؟
مۇئەللىملەردىنمۇ؟ دوستلىرىدىنمۇ؟ ياكى رېستوران، دىسكوخانا،
تورخانىلاردىنمۇ؟ بۇنى پەقەت سىلەر ئاتا ـ ئانىلاردىن كۆرۈش كې-
رەك. سىلەر قاتارچاي ـ ئولتۇرۇشلارغا ئازراق بارساڭلار، باللىرىڭ-
لارنىڭ ھەل قىلالمىغان قايسىبىر مەسىلىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم
بەرسەڭلار، ئۆز ئويۇنلىرىنى ئوينىشىغا يول قويساڭلار، ۋاقتى ـ قە-
رەلىدە ھال ـ مۇڭ بولۇپ تەربىيە ـ نەسىھەت قىلىپ تۇرساڭلار بو-
لاتتى. ئەپسۇسكى، سىلەر كۈندۈزى ئىدارەڭلەردە خىزمەت بىلەن
ئالدىراش، ئاخشاملىرى، شەنبە ـ يەكشەنبىلەردە رېستوران ـ تانسى-
خانىلاردا ئالدىراش، ئەمما باللىرىڭلارنىڭ دوستلىرى بىلەن ئەر-
كىن ـ ئازادە ئوينىشىغا يول قويمايسىلەر. ئەجەبا، سىلەر كىچىكىڭلاردا
دەريا ـ كۆللەردە ئۈزۈپ ئوينىمىغانمىدىڭلار؟ ئېگىز تاغ ـ قۇم بار-
خانلىرىغا چىقىپ باقمىغانمىدىڭلار؟ گاگار ئوينىمىغانمىدىڭلار؟ نۇر
چۆرگىلەتمىگەنمىدىڭلار؟ كەڭرى ئۆستەڭ ـ كۆللەردە تۇتقان قېلىن
مۇز ئۈستىدە چانا تېيىلىپ ئوينىمىغانمىدىڭلار؟ ئايدىڭ كېچىلەردە
«مۆكۈ ـ مۆكۈلەڭ» ئوينىمىغانمىدىڭلار؟ ئەجەبا، بۇلارنى ئۇنتۇپ
قالدىڭلارمۇ؟ ئۇنداق ئويۇنلارنى ئوينىغاندىكى ھېسسىياتىڭلارنى
نېمىشقا باللىرىڭلارغا سۆيۈنۈش بىلەن سۆزلەپ بەرمەيسىلەر؟

توغرا، سىلەر چوڭ بولۇپ خىزمەتكە چىقتىڭلار، ئۇنداق ئويۇن-
لارنى ئەمدى ئوينىمايسىلەر. بىراق باللىرىڭلارغا چوڭ ئادەمنىڭ
ئىدىيىسىنى تاڭساڭلار ئۇلار قوبۇل قىلامدۇ؟ ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ
يوقاتقىنى قانچىلىك، ئېرىشكىنىچۇ؟ بۇ، ھەر بىر ئاتا ـ ئانا ئۆزىنى
قاچۇرالمايدىغان ئاچچىق رېئاللىق، تەخىرسىز جاۋاب بېرىشكە تې-
گىشلىك سالمىقى تولىمۇ ئېغىر سوئال، ئەلۋەتتە.

لىۇ شاڭ فوتوسى

---

* ماۋزۇ مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە شۆبە ئىنستىتۇ-
تىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ( M1 )



# مۇۋەپپەقىيەتنىڭ سىرى

## دانالار كۆزى

مەلۇم تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سودا ساھەسىدە خېلىلا ئۇتۇق قازانغان بىر سودىگەرنى رىياسەتچىلىككە تەكلىپ قىلىپتۇ. ھەممەيلەننىڭ دىققىتى سودىگەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت توغرىسىدا نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىغا مەركەزلىشىپ قاپتۇ. ئەمما ئۇ سوغۇققىنە كۈلۈپ قويۇپ:

ـ يەنىلا ئويلىنىپ بېقىشىڭلار ئۈچۈن بىر مەسىلە قوياي، ـ دەپتۇ.

«بىر يەردە ئالتۇن كېنى بايقىلىپتۇ. كىشىلەر خۇددى گۈل شىرنىسىگە ئىنتىلگەن ھەسەل ھەرىلىرىدەك توپ ـ توپ بولۇپ كان بايقالغان يەرگە بارماقچى بولۇشۇپتۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ يولىنى بىر چوڭ دەريا توسۇپ تۇرىدىكەن. ناۋادا سىلەر ئۇلارنىڭ ئورنىدا بولساڭلار قانداق قىلاتتىڭلار؟»

ئارىدىن بىر كىشى: دەريادىن بىر ئامال قىلىپ ئەگىپ ئۆتۈپ باراتتىم، دېسە، يەنە بىرەيلەن: دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتەتتىم، ـ دەپتۇ.

ـ نېمىشقا كانغا بېرىشنىڭ باشقا ئامالىرىنى ئويلاپ باقمايسىلەر. مىسالەن: بىرەر قېيىق ياساپ ياكى سېتىۋېلىپ تىجارەتنى كېڭەيتمەمسىلەر، ـ دەپتۇ سودىگەر.

ھەممەيلەن ھەيران قاپتۇ. سودىگەر يەنە مۇنداق دەپتۇ:


ـ كىشىلەر ئالتۇن كېنىغا بېرىشنىڭ كويىدا بەس ـ بەس بىلەن قېيىققا ئولتۇرىدۇ. ئارىدا پايدىغا ئېرىشىدىغىنى قېيىقچى بولمامدۇ؟

ئادەم ئەنە شۇنداق باشقىلارنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن ياكى قىلىشنى خالىمىغان ئىشلارنىمۇ قىلىشى، ئىلگىرى خەق قىلمىغاننىمۇ قىلىپ بېقىشى كېرەك. مانا بۇ مۇۋەپپەقىيەت يولى. ئەقىللىق ـ دانا كىشىلەرنىڭ قارىشىچە قىينچىلىق يول تېپىشنىڭ پۇرسىتىدىن دېرەك بېرىدۇ.

---


«ئىنگلىز تىلى سالونى» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىل 9 ـ سانىدىن **ئانارگۈل نەمەت** تەرجىمىسى( **M2** )

بۇ سان 2006 ـ يىل 20 ـ ئاۋغۇست تىزىشقا يوللاندى، 30 ـ سېنتەبىر باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت (ئالىي مۇھەررىر)، نازارەتچى: زۇنۇن باقى (ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)



يىلتىز    ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى

## يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى    رەسسام: ئابدۇشۈكۈر كېرىم كۆك




《新疆文化》（维吾尔文）

综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅

主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所

编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部

国际标准刊号：ISSN1008—6498

国内统一刊号：CN65—1073/I

海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部

代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号

P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China

海外发行代号：6498BM

发行范围：国内外发行

地　　址：乌鲁木齐市胜利路193号

邮　　编：830001　电话：（0991）2856942

印　　刷：《新疆日报》印务中心

发　　行：乌鲁木齐市邮局

订　　阅：全国各地邮局

邮发代号：58—22　定价：5元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»2006-يىل 5-سان

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى

چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008—6498

مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65—1073/I

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب

ئىمپورت- ئېكسپورت (گۇرۇھى)

باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى

چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM

مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193-نومۇرلۇق قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942

باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22-58    باھاسى: 5 يۈەن